ئادىل ئىمىن

# خاسىيەتلىك چۈش



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئادىل ئىمىن

# خاسىيەتلىك چۈش

(چۆچەكلەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: جېلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جەۋلان جېلىل
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت

# خاسىيەتلىك چۈش

(چۆچەكلەر)

**ئادىل ئىمىن**

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
ئۈرۈمچى 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتر 1/32
باسما تاۋىقى: 9 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2000 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 3.000
ISBN7—228—06111—X/I・2244
باھاسى: 12.60 يۈەن

# مۇندەرىجە

شاھزادە ئەنۋەر ھەققىدە قىسسە ........................ 1
شاھزادە ئابدۇلئەزىز ھەققىدە قىسسە .................. 103
شاھزادە نەۋرۇز ھەققىدە قىسسە ...................... 241

# شاھزادە ئەنۋەر ھەققىدە قىسسە

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدىكى بىر زامانلاردا، بار - يوقنىڭ ئارىلىقىدا قەدىمىي گۈلشەن ئاباد مەملىكىتىنىڭ سۇلتانى شاھ ئۆمەرخاننىڭ ئەنۋەر ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ پەرزەنت ھۆسن - جامال ۋە قەددى - قامەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ يېگانىسى ئىدى. پاراسەت ۋە كۈچ - شىجائەتتە ھەم تەرىپى تىللاردا داستان ئىدى. ئۆمۈر سەھىپىسىدىن ئون سەككىز ۋاراق ئۆرۈلگەندە ئۇ-نىڭ كۈنلىرى گاھ باغدىكى بەزمە - سۆھبەتلەردە، گاھ تاغدىكى ئوۋ- شىكارلاردا كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر شۇنداق بەختىيار كۈنلەرنىڭ بىرىدە شىكار-غا ماڭغان يول ئۈستىدە قېرىلىق يۈكىدىن قەددى دالدەك ئېگى-لىپ، ھاسا تۇتقان قوللىرىمۇ دىرىلدەپ تىترەپ، ھەرقەدىمىدە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كېتىۋاتقان ئەمما چېھرىدە بەخت ئاپتىپى، شادلىق كۈلكىسى جىلۋە قىلىپ پارلاپ تۇرغان بىر دەرۋىشكە يولۇقتى.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، ئەجەبلەنگىنىدىن ئالدىغا بېرىپ سورىدى:

— ئەي ھۆرمەتلىك دەرۋىش ئاتا، قارىسام ھاياتلىق دەرە-خىنىڭ گۈللىرى توزۇپ، خازان بولغىنى، شاخ ۋە غولى ھەم قۇرۇپ - قاقشال بولۇپ، يىقىلار ۋاقتى يەتكىنى مەلۇم. ئەمما، ئاجايىپ خۇشال، خۇش كەيپكەنسەن، سەۋەب نېمە؟

— ئەي شاھزادەم، — دېدى دەرۋىش جاۋابەن كۈلۈمسى-رەپ، — ئۆمرۈڭ نەۋباھارىغا تەمەننە قىلما، كېچە شۇنداق

ئاجايىپ بىر چۈش كۆردۈمكى ئۇنىڭ خاسىيىتى كۆرۈلۈپ، بەخت تەختىگە سۇلتان بولسام مېنىڭ ئورنۇمدا بولۇپ قالمىغانىڭغا بىيار نادامەت قىلارسەن.

— ئول خاسىيەتلىك چۈشۈڭنى ماڭا بايان قىلساڭ، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر قىزىقىپ، — شادلىق بەھرىڭىزگە ھەمشېرىك بولسام نە بولۇر.

— تاڭ ئاتار مەزگىلىدە بىر چۈش كۆردۈم، — دېدى دەرۋىش زوق - شوخ بىلەن چۈشىنى بايان قىلىپ، — چۈشۈمدە مۇنداق بىر ئىش كۆردۈم، ئۆزۈم بىر چۆلدە تۇرغۇدەكمەن، شۇ ۋاقىت كۆك قەھرىدىكى يۇلتۇزلار ئارا نۇر چېچىپ تۇرغان تولۇن ئاي كېلىپ ئوڭ مۈرەمگە قونغۇدەك، ئارقىدىن يەنە بىر تەرەپتىن تاڭ قۇياشى غۇيۇلداپ كېلىپ، سول مۈرەمگە قونغۇدەك ۋە ئول جەزىرە گۈل - گۈلىستانغا ئايلىنىپ جەننەتۇل - رىزۋان مىسلى تۇس ئالغۇدەك ... شۇ قۇتلۇق مىنۇتلار بىر ئاچچىق يۆتەل تۇتتى، شېرىن چۈش بۆشۈكىدىن ئىرغىتىپ تاشلاندىم ئەمما شادلىق پەيزى ۋۇجۇد دەرىخمىنى ياشارتىپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە ئەنۋەر دەرھال دەرۋىشكە ئېسىلىپ، — ئەي ھۆرمەتلىك دەرۋىش ئاتا، — دېدى يېلىنىپ، — ئول چۈشۈڭ خاسىيىتىدىن بەختكە نائىل بولۇش - بولماسلىقىڭ نامەلۇم، ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئۈمىد بىلەن گوللىغۇچە چۈشۈڭنى ماڭا ساتقىن، مىڭ دىنار ئالتۇن بېرەي، نەقنى نېسىگە ئالماشتۇرايلى، قالغان ئۆمرۈڭدە تىرىكچىلىك غېمىدىن خالىي بولۇرسەن.

دەرۋىش خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى ۋە: — ئەي ساخاۋەتلىك شاھزادە، — دېدى مىڭ دىنارنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئەمدى ئالدى - كەينىڭگە قارىماي ئاتقا قامچا ئۇرغىن - دە، قايانغا ئېلىپ يۈرسە شۇيانغا كېتىۋەرگىن. ئاقىۋىتىڭ خەيرلىك بولۇشىغا ئۈمىدۋار بولغىن ۋە بۇ يولدا ھەرگىز توختى-

مىغىن.
شاھزادە ئەنۋەر ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، — يا تەۋەككۈل، —
دەپ تۇلپارىغا مىندى، تۇلپار قامچا ئۇرۇلغۇچە ئۆزىلا كاماندىن
ئايرىلغان ئوقتەك يۈرۈپ كەتتى. سۈرئىتىنىڭ تېزلىكىدىن نۆ-
كەرلىرى قوغلاپ يېتەلمەي ئاخىر كەينىگە ياندى.
شاھزادە ئەنۋەر شۇ يۈرگەنچە توختىماي يول يۈردى، بى-
لىپ- بىلمەي ئۈچ ئايلىق مۇساپىنى بىر باستى، ئاچلىق ۋە
ئۇسسۇزلۇق مادارىنى قۇرۇتقان بىر مەزگىلدە شاۋقۇن سېلىپ،
ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر دەريائى ئەزىمگە دۇچ كەلدى. دەريا
لېۋىدە ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنىمۇ، ئۆزىنىمۇ چاڭقاش ئازابىدىن
خالاس قىلدى، جىسمىغا يېڭىدىن كۈچ - مادار كىردى ئەمما
دەريادىن ئۆتۈشكە كېمە - قېيىق يوق ئىدى، بىرەر كېچىكتىن
ھەم ئىزنە يوق ئىدى. دەريادىن قانداق ئۆتەرىنى بىلمەي بېشىغا
بىر غەم چۈشتى، ئامالسىز دەريا بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. بىر
ۋاقىتلار ئاجايىپ زور بىر مەخلۇقاتقا دۇچ كەلدى. ئول مەخلۇ-
قاتنىڭ بېشى قىرغاقتا، تېنى دەريا لېۋىدە ئىدى، بېشى گۈمبەز
مىسالى چوقچىيىپ تۇرسا، دۈمبە قانىتى يەلكەن مىسالى كۆتۈ-
رۈلۈپ تۇراتتى ۋە قىلىچ بىسىدەك قۇياش نۇرىدا ۋالىلدايتتى،
رەڭگى سۈتتەك ئاق ئىدى.
شاھزادە ئەنۋەر يېقىنلىشىشتىن ئەيمىنىپ تۇرار ئىدى.
ئول مەخلۇقاتتىن سادا كەلدى:
— ئەي يولۇچى، مەقسىتىڭ دەريادىن ئۆتۈش بولسا
مىنگەن ئېتىڭنى ماڭا يەم قىلىپ بەرگىن ياكى ئالىقانچە گۆ-
شۈڭنى كېسىپ بەرگىن، سېنى تىنچ - ئامان قارشى قىرغاققا
يەتكۈزۈپ قويىمەن.
شاھزادە ئەنۋەر نەچچە يىللاردىن بېرى ئايرىلماس ھەمرىھى
بولۇپ كەلگەن تۇلپارىغا چىدىماي، زۇلپىقارىنى قولىغا ئالدى-
دە، يوتىسىدىن بىر پارچە گۆشنى كېسىپ ئول مەخلۇقاتقا تاش-

لاپ بەردى. ئەمما ئۆزى قان كۆپ ئېقىپ كېتىپ، بىھوش بول-
دى.

شۇ چاغ ئۇ ئۆزىنى بىر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس
قىلىپ، سەلگىنە ئېسىگە كەلدى، كۆزىنى ئاچتى، ئۆزىنى ئۇل
مەخلۇقاتنىڭ غاردەك ئاغزىدا، جادۇ - قىلىچتەك چىشلىرى
ئارىسىدا كۆردى، ۋۇجۇدى تىترەپ توختىدى.

ئەمما ئۇل جانىۋار ئاغزىنى يۇمۇۋالماستىن بېشىنى سۇدىن
چىقارغانچە ئۈزۈپ بېرىپ قارشى قىرغاققا يەتتى - دە، شاھزادە
ئەنۋەرنىپۇرقۇپ تاشلىدى، ئاندىن دېدىكى:

— ئەي مەرد يىگىت، تا مۇشۇ كەمگىچە دەريادىن ئۆتمەك
بولغانلارنىڭ ئات- ئۇلاغلىرىنى يەم قىلىپ، كېمە - قېيىق
ئورنىدا خىزمىتىنى قىلىپ ياشاپ كەلگەنىدىم، كۆرمىگەنتىمكى
ھېچبىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ھەمراھىدىن كېچەلمەي
ئۆز تېنىدىن گۆش كېسىپ بەرگىنىنى. ئاجايىپ مەرد - ۋاپادار
ئىكەنسەن، جانىۋار بولسىمۇ قىلغان خىزمىتىنى ئېتىبارغا ئې-
لىپ، جېنىغا جاپا قىلمىدىڭ. ئەمدى قەسەم قىلايكى بىر ئۆمۈر
دوستۇڭ بولۇرمەن، پۇرسەتلا بولسا خىزمىتىڭنى قىلۇرمەن،
سەنچە مەرد، ۋاپادارنىڭ دوستى ۋە بەلكى خىزمەتكارى بولماق-
تىن پەخىرلىنىمەن، ھەرقاچان سۇ ئىقلىمى ئۆزرە بىرەر مۇش-
كۇلاتقا دۇچ كەلسەڭ خىتاب قىلغىنكى: — يا دوستۇم ئاق
بېلىق، — دەپ. دەرھال خىزمىتىڭگە ھازىر بولىمەن، سەن
ئۈچۈن جان پىدا قىلىمەن.

شاھزادە ئەنۋەر خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل
قىلدى، ئاندىن خەيرلىشىپ، قول ياغلىقى بىلەن جاراھىتىنى
تېڭىۋېلىپلا يولىغا راۋان بولدى، دەريادىن يىراقلىغانسېرى
دەل- دەرەخ، ئوت - چۆپلەرمۇ ئازلاپ باردى ۋە ئاخىر تاپتاقىر
بىر چۆل - دالىغا يەتتى، ئاندىن نەچچە كۈنلەر يۈردى ئاچلىق،
ئۇسسۇزلۇق، ھارغىنلىق ۋە جاراھەت ئازابى ھالىنى قويمىدى،

مادارىنى قۇرۇتتى. ئەمدى قانداق قىلارىنى بىلمەي تېنەپ ـ تەمتىرەپ تۇرار ئىدى. يىراقتىن لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان بىر گۇلخان كۆرۈندى، «ئاندا كىشى بولسا كېرەك» دېگەن ئۈمىد بىلەن ئۇل تەرەپكە يۈردى، ئەمما ماڭغان يولىدا تۇرلۇك مەخلۇ-قاتلارنىڭ ئىسكىلىت، ئۇستىخانلىرى چېلىقىپلا تۇرار ئىدى.

ئاخىر كۆزلىگەن يەرگە يېقىنلاپ بارغاندا كۆردىكى گۇلخان-دەك كۆرۈنگەن بىر قىزىل پەرلىك سۇمۇرغ بولۇپ، قۇياش نۇرىدا ئالتۇن رەڭلىك نۇرلىنىپ ئوت كۆرۈنۈپتۇ.

ئەمما، سۇمۇرغ ھالسىز ئىدى، ئالتۇندەك پەر ـ قاناتلىرى خارلىق تۇپرىقىغا مىلىنىپ ياتار ئىدى. شاھزادە ئەنۋەر ئېچى-نىپ ندا قىلدى:

— ئەي بىچارە قۇش، نى سەۋەبلىك بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانسەن؟

— ئەي يولۇچى يىگىت، — دېدى سۇمۇرغ زۇۋانغا كېلىپ، — تېخى ئۇچۇرما بولغانغا كۆپ ۋاقىت بولمىغان چۈجە سۇمۇرغ ئىدىم، ماڭغان يولۇمدىن ئادىشىپ چۆل ئاسمى-نىغا كېلىپ قاپتىمەن، سۇيى بار' جايغا يەتكۈچە تەشنالىق ئوتىدا ھالىم خاراب بولدى، قاناتلىرىم مادارسىزلاندى، يەرگە موللاق ئاتتىم، ئەزىزلىك ئاسمىنىدىن خارلىق تۇپرىقىغا تاشلاندىم، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بوپتۇ، شۇ ھالدا يېتىپتىمەن، سەنمۇ ماغدۇرۇڭ بارىدا كەينىڭگە يانغىن، ئەكسىچە مەندىنمۇ بەتتەر ناچار ھالغا قالارسەن. شاھزادە ئەنۋەر:

— ئەي قۇشلار ئېلىنىڭ شاھزادىسى، ئىككىمىزنىڭ ھال- ئەھۋالى ئوخشار ئىكەن. شۇنداقتىمۇ سېنى بۇ ھالدا تاشلاپ كېتەرگە كۆڭلۈم قويماس، ئاز بولسىمۇ بۇ لوقمىنى يۇتقىن ۋە قېنىمنى سۇمۇرگىن. ئاز ـ تولا ماغدۇر كىرسە بىللە كېتەرمىز، — دەپلا يەنە بىر يوتىسىدىن بىر پارچە گۆش كېسىپ سۇمۇرغقا تاشلىدى. ئاندىن يېقىنلاپ بىرىپ قېنىنى

تامغۇزدى، سۇمۇرغ ئۇنى بۇ ئىشلاردىن مەنئى قىلالماي، نائىلاج
گۆشىنى يۇتتى، قېنىنى سۇمۇردى، جىسمىغا جان كىرىپ،
قانات قېقىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە:
— ئەي مەرد يىگىت، هاياتلىق گۈلۈمنى ياخشىلىق سۈيە-
دە سۇغاردىڭ، ئۆلۈم ۋەسۋەسىدىن خالاس قىلدىڭ، ئەمدى
دوستلۇق رىشتىمىز چىگىلسۇنكى، خىزمىتىڭ ئۈچۈن جان پىدا
قىلاي، — دەپلا شاهزادە ئەنۋەرنى بىرلا چوقۇپ يۇتۇۋەتتى،
شاهزادە ئەنۋەر مىسلى بىر دانچە ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتۈپ كەتتى،
ئاندىن يەنە سۇمۇرغ ئۇنى ياندۇردى، شاهزادە ئەنۋەر ئىلگىرىكى-
دىن ئون هەسسە چىرايلىق ۋە جاراھەتلىرى ساقايغان هالدا نۇرغا
چۆمۈپ يەرگە چۈشتى، ئۆزىنى كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان
هالەتتە هېس قىلدى. سۇمۇرغ سورىدى: — نى سەۋەبلىك بۇ
جەزىرىدە تېنەپ يۈرەرسەن؟
شاهزادە ئەنۋەر مىلىڭ دىنارغا سېتىۋالغان چۈش خاسىيىتىنى
كۆزلەپ سەپەرگە ئاتلانغىنىنى ۋە سەپەر ئۈستىدىكى سەرگۈ-
زەشتلىرىنى بايان قىلدى.
سۇمۇرغ ئويغا چۆكۈپ ئاخىر شۇنداق دېدى:
— مۇشەققەت تىكەنزارلىقىنى كەزمەي تۇرۇپ، مۇراد
گۈلشەنىگە يەتكىلى بولماس، ئول چۈش پەقەتلا بىر ياخشىلىق-
تىن بېشارەت ئەمما خاسىيىتى ئاسانلىقچە ئاشكارا بولماس،
ئىرادە كەمىرىڭ مەهكەم بولسا ئاخىر بىر كۈن بەخت ـ ئىقبا-
لىڭنى تاپارسەن، ئەمدى سېنى ئادەمزات بار جايغا يەتكۈزەي،
ئاندا يول كۆرسەتكۈچى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بۇ جەزىرى-
دە ئۆزرە تېنەپ يۈرمەكنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى ئەمەس.
ئاندىن سۇمۇرغ شاهزادە ئەنۋەرنى ئۈستىگە ئالدى، قانات
قېقىپ كۆك ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، شۇ پەرۋازىچە جەزىرە ئۈستى-
دىن هالقىپ بىر كاتتا شەهەر يېنىغا — بىر باغۇ چىمەنزارغا
قوندى ـ دە، شاهزادە ئەنۋەرنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، — كېرەك

بولسام «يا دوستۇم سۇمۇرغ» دەپ توۋلىغىن، ھايالسىز خىزمە-تىڭگە تەييار بولۇرمەن، — دەپلا ئۇچۇپ كەتتى.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇل باغۇ چىمەنزار ئىچىدە ھەرتەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ كۆردىكى، ھەر شاخىدا يۈزلەپ گۈل پورەك ئاچقان، ياپراقلىرى يېشىل زۇمرەت مىسەللىك ئاجايىپ كۆركەم بىر دەرەخ، دەرەخ شېخىغا ئېسىلغان بىر گۈمبەزچە ئالتۇن قەپەس، قەپەس ئىچىدە چېھرى نۇرلۇق قۇياش مىسالى، سەرۋى قامەتلىك ئەجايىپ بەرنا بىر يىگىت زەر تارى ئۆزۈلگەن تەمبۇرنى قۇچاق-لاپ كۆزلىرى نەملىك، دىلى غەملىك، مۇڭ ۋە خىيال پاتقىقىغا پېتىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئالدىدا يۇمىلاق زەر شىرە، شىرە ئۈستىدە بىللۇردىن شاراب خۇمرىسى، خۇمرا قېشىدا لالەرەڭ شاراب جىلۋىلەپ تۇرغان ياقۇت قەدەھ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ گۈللەرنى قايرىپ، ئارىلاپ ئالدىغا باردى ۋە ئەجەبلەنگىنىدىن سالام - سائەتنىمۇ ئۇنتۇپ:

— ئەي دىلخەستە دوستۇم، — دېدى خىتاب بىلەن، — نى سەۋەبتىن بەختسىز بۇلبۇل مىسالى ئۇل قەپەسكە بەند بول-دۇڭ، سەنچە بەرنا يىگىتلەرگە ئەسلى ئاي يۈزلۈك دىلرەبا نازىنىنلار قۇچاقى مۇناسىپ ئىدىغۇ؟

قەپەسكە بەند قىلىنغان بەرنا يىگىت چۆچۈپ ئەندىكىپ ھوشىنى يىغدى ۋە:

— ئەي بەختسىز، — دېدى ئىزتىراپ بىلەن، — ئۇشبۇ چاھارباغ ئىچرە قانداق كىردىڭ، باغ ئەتراپى قاناتسىزلارغا ھال-قىماق مۇمكىن بولمايدىغان ئېگىز تاش سېپىل ئىدى، ئاندا يەنە يۈزلىگەن دىۋە سۈپەت جاللات پاسىبان ئىدى، بۇ يەرگە ياتلارنىڭ قەدەم باسمىقى مەنئى قىلىنغاندى.

شاھزادە ئەنۋەر كەچۈرمىشلىرىنى قىسقا ۋە مېغىزلىق قى-لىپ بايان قىلدى، ئاندىن ئۇل يىگىتكە مۇراجىئەت قىل-

دى:

— ئەمدى مېنىمۇ ئۆز ھالىڭدىن خەۋەردار قىل. قەپەسكە بەند بىچارە دېدى:

— مېنى سورىساڭ ئۇشبۇ ئەلنىڭ شاھزادىسى پەرۇخدۇرمەن، ئاجايىپ بىر قىسمەت بىلەن ئۇشبۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانمەن. سوئال - سوراق تىرنىسى بىلەن دىل يارامنى تاتىلىما، تېزرەك پىنھانغا كەتكىن، شاھ بۇ يەرگە كىرىپ قالسا ۋە سېنى كۆرۈپلا قالسا بېشىڭغا بالا تېغى يىقىلار ئۇن جېنىڭ بولسىمۇ بىرى ئامان قالماس.

— ئەي دىلخەستە پەرۇخ، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر قەتئىيلىك بىلەن، — سېنى بۇ ھالغا سالغان قىسمىتىڭنى بىلمەي تۇرۇپ، بىر قەدەممۇ سىلجىمايمەن، نائۇمىد قىلما، بەدىلىگە دەردىڭگە داۋا، رەنجىڭگە شىپالىق تېپىشچۈن ھەرىكەت قىلارمەن. شاھزادە پەرۇخ نائىلاجلىقتىن:

— مۇندىن بىر يىل ئىلگىرى، — دېدى سۆزىنى باشلاپ، — مەرھۇم شاھ ئاتام بىلەن چاھار باغدا ئىدۇق، باغنىڭ خۇش ھاۋاسى ۋە گۇللەرنىڭ خۇش پۇقراقلىرىدىن ئاجايىپ خۇشال ۋە خۇش كەيپ ئىدۇق، شۇ ۋاقىت ئاسماندا ئاجايىپ ناز- ئىستىغنالىق، ۋە جاراڭلىق كۇلكە ساداسى ياڭرىدى، ئول كۇلكە شاھ ئاتامنى ئەس - ھوشىدىن ئايرىدى، شۇندىن تارتىپ شاھ ئاتام خاراموش بولدى، دۆلەت ئىشلىرىدىن قولىنى يىغدى، پىكىر - خىيالى كۇلكە ئىگىسىنى تاپماق ئىدى. ئەمما ۋەزىرلەر نەسىھەت قىلىپ توسار ئىدى. شۇ ھالەتتە ئۈچ ئاي ۋاقىت ئۆتتى، شاھ ئاتام ئاخىر بىر تۇندە يەككە - يېگانە ئاتلىنىپ مەشرىق تامان يۈرۈپ كەتتى ۋە غايىب بولدى، ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئوردا نۆكەرلىرى ئۇنى بىر جەزىرىدە ئۇچرىتىپ بىھوش ھالىتىدە ئېلىپ كەلدى. شۇندىن تارتىپ بىر مەزگىل مەستمۇستەغرەق يۈردى، ھېچبىر داۋا كار قىلمىدى، ئاقىۋەت ئەجەل

شەربىتى ئىچىپ ئارام تاپتى. تەختكە ئىنىسى ۋارىس بولدى،
شەرتى ماڭا ئۆز پەرزەنتى بىلىپ پەرۋىش ۋە تەربىيەت قىلماق،
ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە قابىلىيەتتە يېتىلگەن مەزگىلىم تەختنى
تاپشۇرماق ئىدى. ئارىدا جان كەپتەرىمگە زەخمە يەتسە ئۆز بېشى
بىرلە ئەلگە جاۋاب قىلماق ئىدى. بۇ ھەقتە ئەھدى- پەرمان
تۈزۈلۈپ، دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ گۇۋاھ ـ شاھىتلىقىدىن ئۆتۈپ
ئەلگە جاكار قىلىنغانىدى.

ئەمما، ئاتامدىن كېيىن ئاتامنىڭ جېنىغا قەست قىلغان
ئول كۆلكە ساداسى مېنى ھەم ئەسىر قىلدى. كۆلكە ئىگىسىنى
تاپماق خىيالى دىلىمغا ئورنىدى، كۈن ۋە تۈن خىيال كەپتىرىم
كۆلكە ساداسى ياڭرىغان مەشرىق تامان پالاقلاپ، ماڭا ئاراملىق
بەرمىدى، ئاخىر بىر كېچە نۆكەرلىرىم غەپلەت ئۇيقۇسىغا بەند
بولغىنىدا ئوردىدىن چىقتىم. ئاتام ماڭغان يولغا ماڭدىم، ئاقد-
ۋەت بىر جەزىرە ئالدىمدا نامايان بولدى، تاشلىرى زالىملار-
نىڭ يۈرەك ـ باغرىدىنمۇ قاتتىقراق، تۇپرىقى دەردمەنلەرنىڭ
كۆز يېشىدىنمۇ شورلۇقراق، گىياھلىرى ئوغرى تىكەن بىرلە
يانتاق، ئادەم ئاياغ باسقىنىدىن ئىزنە يوق ئىدى. چۆل ئەتراپى-
دىن جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ يەنە شۇ كۆلكە ساداسى ياڭرى-
دى، يۈرەك ـ باغرىم سىماب مىسالى ئېرىدى، جىسمىم تۈمۈر
يەڭلىغ ئول ئاھەڭرەبا تەرىپىدىن تارتىلدى. ئىختىيارسىز شۇ
تەرەپكە قۇيۇندەك چاپتىم، ئاياغلىرىم يىرتىلىپ، تاپانلىرىم
تىلىندى، باسقان ئىزلىرىمدا قىزىل قانلىرىم گۈل بەرگىدەك
تۆكۈلۈپ قالدى، يېقىنلاشقانسېرى ئايان بولدىكى ئالدىمدا بىر
قورغان بار ئىكەن، تاملىرى قارا تۈمۈردىن، دەرۋازىسى داغدام
ئېچىلغان، يەنىمۇ يېقىنلاپ كۆردۈمكى قورغان ئىچىدە زەر
گۈمبەز، گۈمبەز ئالدى چىمەنزار، چىمەنزاردا بىر دىلرەبا نازد-
نىن سۈرىتى، يۈزلىرى ھىلھىلە رومال بىلەن ئورالغان، رومال
ئىچىدە گۈزەللىك ئاپتىپى جىلۋە قىلار، قولىدا بىر قەدەھ

لالەرەڭ شاراب ئەمما قۇياش نۇرىسىز ھەرىكەت قىلماس ئىدى.

ئول سۇرەتكە جان ۋە دىلىم بىلەن ئاشىقى بىقارار بولدۇم، ئۆزۈمنى تۇتالماي پەرۋانە مىسالى ئول ئوتقا تاشلاندىم ئەمما دەرۋازا شۇئان يۇزۇمگە بەھەيۋەت ۋە دەھشەتلىك سادا چىقىرىپ يېپىلدى. نەقىشلەنگەن قوش ئەجدىھا ھەرىكەتكە كېلىپ ھەملە قىلدى، ئۇلارنىڭ قورقۇنچىدىن بەكرەك ئول دىلرەبانىڭ ئىشتىياقى ئۇستۇن كېلىپ، دەرۋازىنى ئاچماق قەستىدە ئىنتىلدىم، شۇ چاغدا قورغان ئۇستىدىن بىر نازۇك نىھال قول كۆرۈنۇپ، يۇزۇمگە بىر شاپىلاق تەگدى، زەربىدە ياپراق مىسالى ئۇچۇپ بېرىپ، چۆل گىرۋىكىگە تاشلاندىم، ئاندا بىھوش بولۇپ نى چاغلارغىچە ياتقىنىمنى نامەلۇم. بىر چاغلاردا ھوشۇمغا كەلگەندە ئۆزۈمنى ئوردىدا كۆردۇم، نۆكەرلىرىم ئىزدەپ تېپىپ قايتۇرۇپ كەپتۇ، نەچچە كۇنلەر يېتىپ ھوشۇمنى يىغىپ، تېنىمگە ماغدۇر كىرگەندىن كېيىن يەنە چۆل يولىنى ئىختىيار قىلدىم، توسقانلارغا ھەيۋە ـ سىياسەت قىلىپ، ئەقلىدىن ئازغانلار مىسالى ھەرتەرەپكە ئۆزۈمنى ئۇرۇپ، ئوردىنى مالىمان قىلدىم، ئاقىۋەت شاھ تاغام پەرمان چۈشۇرۇپ، مېنى ئۇشبۇ چاھارباغ ئۆزرە زەر قەپەسگە بەند قىلدى، ئەلگە سەۋدالىقىمنى جاكار قىلىپ مېنى كۆزىدىن خالىي قىلدى، مۇندا دەردىمگە داۋا تېپىلماي، ئاخىرى شارابخۇمارلىقنى كەسىپ قىلدىم، ئاھۇ ـ زارىمنى تەمبۇر بىلەن ئىزھار قىلىپ، پەلەكتىن شەپقەت يامغۇرى تۆكۇلۇپ، مۆجىزىدەك ئول جانان ۋەسلىگە يەتمەك ئىستىكىدە ئولتۇرۇپتىمەن. شاھزادە ئەنۋەر بەكمۇ تەسىرلىنىپ:

— قەسەم قىلىمەنكى ئورنۇڭدا بېرىپ، ئول قەلئەنىڭ سىر ـ ھېكمىتىنى بىلىپ، جانانىڭنى قولۇڭغا تاپشۇرمىغۇچە ئۆزگە ئىشقا قەدەم قويماسمەن، — دېدى قەتئىيلىك بىلەن.

شۇندىن كېيىن ئۇ: «يا دوستۇم سۇمۇرغ قايداسەن» دەپ خىتاب قىلدى.

هايالسىز سۇمۇرغ چاھارباغ ئاسمىنىدا پەيدا بولدى ۋە شاھ-
زادە ئەنۋەرنى ئۈستىگە ئېلىپ يەنە كۆككە پەرۋاز قىلدى، تېزلا
سىرلىق قەلئە ئۈستىگە يەتتى، شۇ ھامان قەلئە دەرۋازىسىدىكى
ئەجدىھالار ھەرىكەتلىنىپ ھەملە قىلدى. ئەمما، سۇمۇرغ قۇد-
رەتلىك قاناتلىرى بىلەن ئۇلارنى سوقۇپ سەكپارە قىلدى، يەر
يۈزىگە قاپارتما نەقىشلىك ياغاچ پارچىلىرى چۈشتى، سۇمۇرغ
ئاندىن يەرگە چۈشۈپ شاھزادە ئەنۋەرگە:
— قەلئە دەرۋازىسى ئەمدى ساڭا ئوچۇقتۇر، ئۆزۈڭگە
ئاگاھ بول، بۇ بىر تىلسىم، — دېدى - دە، كۆككە پەرۋاز
قىلدى، تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى.
شاھزادە ئەنۋەر قەلئە تامان دادىللىق بىلەن قەدەم باستى،
ئەمما بوسۇغىدىن ئاتلىغۇچە ئالماس كۆزلۈك زەر ئۆزۈكلەر
بىلەن بېزەلگەن ئاجايىپ چىرايلىق بىر قول كېلىپ، بىر تەس-
تەك ئۇردى، شاھزادە ئەنۋەر نەچچە ئون قەدەم نېرىغا ئۇچۇپ
چۈشۈپ بىھوش بولدى.
بىر چاغلاردا سالقىن شامال يۈزىنى سىيپاپ ھوشىغا كەل-
تۈردى. كۆردىكى ئالەم - جاھان زۇلمەت پەردىسىگە يۆگىنىپ
يورۇقلۇقتىن ئىزنە قالماپتۇ، شاھزادە ئەنۋەر كۆزى قاراڭغۇ-
لۇققا كۆنۈككەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. مىڭ مۇشەققەتتە
قەلئە تەرەپنى ئىلغا قىلىپ، شۇ تەرەپكە قەدەم باستى ۋە ئاخىر
كۈندۈزى كىرىش نېسىپ بولمىغان سىرلىق قەلئەگە كىرىپ
كۆردىكى دىلرەبا نازىنىن سۈرىتىدىن بىر روشەنلىك زاھىر بو-
لۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇل روشەنلىك ئىچىدە گەۋدىسى يەرگە پاتقان
بىر گۈمبەزنى كۆردى، ئىچىگە كىرمەك ئىمكانى يوقتەك ئىدى،
ھەر تەرىپىنى ئايلاندى، ئاخىر يەنە سۈرەت ئالدىغا كەلدى،
سۈرەتتىكى نازىنىن بىلىكىگە بىر ئالتۇن بىلەزۈك بېكىتىلىپ-
تۇ، زېھىن قويۇپ قارىمىسا پەرق ئېتىپ بولماس.
شاھزادە ئەنۋەر ئەجەبلىنىپ بىلەزۈكنى تارتتى، ھەيۋەتلىك

بىر سادا ياڭراپ گۇمبەز ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى، ئىشىكى ئايان بولدى، داغدام ئوچۇقتۇر.

شاھزادە ئەنۋەر ئىشكتىن كىردى، شۇ ھامان ئىشىك يېپىلىپ، ئۆزىنى بىر باغۇ بوستاندا كۆردى، تەرىپىگە تىل ئاجىز ۋە قەلەم زەئىپدۇر، مىسلى بىر جەننەت نىشان گۈلىستاندى ئابادۇر.

شاھزادە ئەنۋەر ئارىلاپ يۈرۈپ بىر راۋاققا دۇچ كەلدى، راۋاقتا سۈرەتتىكى دىلرەبا نازىنىن مەست ئۇيقۇدا يېتىپتۇ.

شۇچاغ بىر سادا كەلدى:

— ئەي مەلىكە، كۆزۈڭنى ئاچ، قېشىڭغا يېگانە كىشى كەلدى، — دەپ.

شاھزادە ئەنۋەر ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ كۆردىكى تاۋاق-تەك - تاۋاقتەك خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلغان بىر ئاجايىپ دەرەخ ئۈستىدە ئېنى ئۈچ غېرىچ كېلىدىغان، قىزىل تاجلىق، ئالتۇن رەڭ پەرقاناتلىق بىر شاتۇتى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيقۇدىكى پەرى پەيكەر نازلىق تولغىنىپ كۆزىنى ئاچتى، يېنىدا شاھزادە ئەنۋەرنى كۆرۈپ، بوتا كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچ-قۇنى چاچرىتىپ، غەرەپ بىلەن توۋلىدى:

— ئەي بەختسىز، جېنىڭغا رەھىم قىلىپ، بىر شاپىلاق بىلەن بولدى قىلغانىدىم، ئەمدى تەپتارتماستىن خانەمگە كىرىپ-سەن، نى سەۋەبلىك ۋە نى ھىيلە - تەدبىرلەر بىلەن بۇ تىلسىم قەلئەگە كىردىڭ، پەرىمۇسەن يا پەرىشتىمۇسەن، جىنمۇسەن، يا بەشەرمۇسەن.

شاھزادە ئەنۋەر دېدى:

— ئەي رەنايى جاھان، ئاچچىقىڭنى بېسىۋال. ئاۋۋال سۆزۈمگە قۇلاق سال.

— قېنى تېزرەك جاۋاب بەرگىن، — دېدى پەرى پەيكەر، — ئاندىن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېنىڭگە تەييارلان،

سوراق خانەمگە ئۇسۇپ كىرگىنىڭنى كەچۈرمەسمەن.
شاھزادە ئەنۋەر دەرۋىشنىڭ چۈشىنى سېتىۋالغىنىدىن تار-
تىپ شاھزادە پەرۇخقە يولۇققان ۋە ئۇنىڭ دەردى - ھالىنى
بىلگەندىن كېيىن دەردىگە داۋا قىلماققا قەسەم قىلغانلىرىغىچە
بايان قىلدى. قەلئە سىرىنى ۋە سۈرەت ھېكمىتىنى ئايان قىلى-
شىنى ئۆتۈندى.
ئول گۈلبەدەن ئۇنىڭ بايانلىرى ۋە ئۆتۈنۈشلىرىنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن گۈلدەك رەڭگى كۆل بولدى، ئەنسىزلىككە چۈ-
شۈپ ندا قىلدى:
— ئەي شاھزادە، ئۇشبۇ كېلىشىڭدە ماڭا بالا ئوقىنى
بەتلەپ كەپسەن، سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇم بارماس، چۈنكى
ياخشىلىق كويىدا ئاۋارىسەن ئەمما سورىغانلىرىڭغا جاۋاب بەرمەك
ئۆز جېنىمغا قەست قىلىشتۇر، مېنى ئۇنداق تەڭلىكتە قويما،
بۇ يەردىن تېزرەك كېتىۋال، مېنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ خەتەرگە
دۇچار قىلما.
ئەمما شاھزادە ئەنۋەر كۆنمىدى:
— ئەي گۈزەللىك ئىقلىمىنىڭ خۇرش تابانى، — دېدى
يېلىنىپ، — ئىلتىپاتىڭدىن مەھرۇم قىلما، ياخشىلىق يولى-
دىن قايتۇرما، ساڭا كەلگەن بالا ئوقىغا جىسمىمنى قالقان
قىلاي، جان گۆھىرىمنى سەن ئۈچۈن سەدىقە قىلاي ئەمما مېنى
سىر- ھېكمەتلىرىڭدىن خەۋەرسىز قالدۇرما ياكى ئول بىچارە
ئاشىقىڭ شاھزادە پەرۇخ ئالدىغا بارغىن...
نازىنىن پەرى چەكسىز ئىزتىراپقا چۈشۈپ، نائىلاجلىقتىن
ئاھ ئۇردى ۋە دېدىكى:
— خەير، سەندەك مەرد - مەردانىلەر ئۈچۈن كۆلپەت
ئوتىدا كۆيسەم كۆيۈرمەن، مېنى سورىساڭ پەرىزات گۈلىنىگار-
مەن، ئۇشبۇ تىلسىم قەلئەگە تۇتقۇنمەن، بۇ چىمەنزارغا تىكىل-
گەن بىر گۈلمەن، بۇ يەردىن بىر قەدەم ئايرىلىشقا ئىمكانىم

يوق، تاڭ ئاتسا سۇرەتكە بەند بولارمەن، قۇياش نۇرى چۈشسە يورۇق ئالەمنى كۆرگىنىمگە شادلىنىپ كۈلەرمەن.

شاھزادە ئەنۋەر يەنە سوئال قىلدى:

— سېنى بۇ تۇتقۇنلۇقتىن ئازاد قىلماققا ئىمكان يوقمى-دۇ؟ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالمىقىڭنىڭ سىرى نېمىدۇ؟

پەرىزات گۈلنىگار دېدى:

— بۇلارنىڭ جاۋابى كوھى گۆھەرىستاندۇر. . . ئۇنىڭ سۆزى تېخى تامام بولمىغانىدى، زېمىن تەۋرەپ ھەممە تەرەپنى قارا تۇمان قاپلىدى، بىر قارا قۇيۇن كېلىپ پەرىزاتنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى، شۇ ھامان ئۇل سەرۋى قەد تاش بولدى، شاھزادە ئەنۋەر ھوشىدىن كەتتى.

ھوشىغا كەلگەندە، ئۆزىنى تۇپتۇز بىر جايدا كۆردى، قەل-ئەنىڭ بولسا ئىز - تېزىمۇ كۆرۈنمەس ئىدى. ھەيرانلىق چىش-لىرىدا لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاخىر يەنە بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىۋەردى، سەھەردىن كەچ كىر-گۈچە يۈردى، ئاچ - زېرىنلىق ماغدۇرىنى قۇرۇتتى ئەمما جەزد-ىرە چېتىگە يېتەلمىدى، تۈننى چۆلنى كۆرپە، تاشنى ياستۇق قىلىپ ئۆتكۈزدى، تاڭلا سەھەر يەنە سەپىرىنى داۋام قىلدى، نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ بىر كۆلگە دۇچ كەلدى ئەمما كۆل ئەتراپىدا نە بىر تال گىياھ، نە بىر جاندار كۆرۈنمەس ئىدى. تاپتاقىر چۆلدە كۆل چوڭ بىر ياقۇتتەك جۇلالاپ تۇرار ئىدى.

چاڭقىغان شاھزادە ئەنۋەر ھېچ نەرسىنى خىيالىغا كەلتۈر-مەي كۆل لېۋىگە ئۆزىنى تاشلىدى. سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچمەك بولدى، بىراق سۇغا قول تېگە - تەگمەيلا كۆل قايناپ، ئوتتۇرد-دىن بىر ئەجدىھا چىقىپ ئۇنى دەم تارتتى، شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئەجدىھاغا ئۇردى، كار قىلمىدى، ئۆزى بولسا ئەجدىھانىڭ قارنىغا خازاندەك ئۇچۇپ كىرىپ كەتتى.

ئاجايىپكى ئەجدىھانىڭ قارنىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنى

بىر گۈلىستاندا كۆردى، رەڭگارەڭ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، كېپىنەكلەر ئۇچۇپ يۈرگەن، قۇشلار سايرىشىپ، ئېرىقلاردا بۇلاق سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان.

شاھزادە ئەنۋەر ئەجەبلىنىپ ھەر تەرەپكە كۆز يۈگۈرتتى، بىر شىپاڭ راۋاقتا ئۇيقۇغا ئەسىر بولغان ساھىبجامال پەرىنى كۆردى، خۇش سۈرەت، خۇش قامەتلىك ئۇل پەرىزات تەرىپىگە تىل ئاجىزدۇر.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇنىڭ ھۆسنىگە زوقلىنىپ قاراپ تۇرغاندى، قاياقتىندۇر بىر قارا يىلان كۇشۇلداپ كېلىپ، پەرىنىڭ نازۇك تېنىگە نەشتەر سالماق قەستىگە چۈشتى، شاھزادە ئەنۋەر دەرھال قىلىچ يالىڭاچلاپ يىلانغا ئۇردى، يىلاننىڭ تېنىدىن ئوت چاقنىدى لېكىن زەخىم يېمىدى، بېلىدىكى قاسراقلىرى قارا تۆمۈردىن.

يىلان قايرىلىپ شاھزادە ئەنۋەرگە ھەملە قىلدى، ئارىدا قاتتىق جەڭ بولدى ئەمما بىر ـ بىرىگە زەربە ئۇرالمىدى، ئاخىر قارا يىلان بىر يۇمىلاپ بىر بەتبەشىرە قارا دىۋىگە ئايلاندى، ئەپتى قورققاقلار كۆرسە يۈرىكى يېرىلغۇدەك، باتۇرلار كۆرسە تىترەپ توختىمىغۇدەك.

دىۋە قولىغا سېپى تۇۋرۇكتەك، بېشى گۈمبەزدەك بىر ئومۇتنى ئالدى ـ دە، شاھزادە ئەنۋەرنىڭ بېشىغا ئۇردى، دىۋە ئۇنى چىۋىننى ئۆلتۈرگەنچە يانجىماق ئۇمىدىدە ئىدى، شاھزادە ئەنۋەر مىڭ مۇشەققەتلەر ئىچىدە ئۆزىنى ياقىغا ئېلىپ، ئۇنى نائۇمىد قالدۇردى ئەمما كىچىككىنە بوي ـ بەستى ۋە قىلىچى بىرلە غەيرىتى ھەرقانچە زور بولسىمۇ تاغدەك بەستلىك دىۋىگە ۋە ئۇنىڭ ئومۇتىغا تاقابىل كەلمىكى بەسى مۇشكۇل بولدى، خەتەر ئىچىدە قالدى.

دىۋە شۇ چاغدا تاقەتسىزلىنىپ ئاغزىدىن ئوت پۈركىدى، گۈلىستان گۈلخان بولدى، ئوت يالقۇنى شاھزادە ئەنۋەرگە ئەج-

دىھادەك ئېتىلدى، ئۇيقۇدا ياتقان پەرىزاتقا ھەم ئېتىلدى.

شۇ چاغدا پەرىزات بىدار بولدى، ئايدەك يۈزىگە غەزەپ چۈمپەردىسى تارتىپ، بىر تال چېچىنى ئوقياغا ئايلاندۇرۇپ، دېۋىنىڭ كۆكسىنى نىشان قىلدى، مۇبارەك لەۋلىرىدە ئىسمى ئەزەمنى زىكرى قىلىپ، ئاندىن تولۇن ئاي شەكلىدە كېرىلگەن يادىن ئەجەل ئوقىنى قويۇۋەتتى، دېۋە ئۆزىنى چەتكە ئالغۇچە ئوق بېرىپ كۆكسىگە قادالدى. ئوق تەگكەن يەردىن جان كەپتى-رى چىقىپ جەھەننەمگە قاراپ ئۇچتى، تېنى بولسا ئۆزى قويغان ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولدى.

ئاندىن پەرىزات ئەپسۇن ئوقۇپ بىر چەشمىگە ئىشارەت قىلدى، چەشمە سۈيى فونتان بولۇپ ئېتىلىپ، ئۈنچە ـ مارجان-دەك چېچىلىپ، ئوت يالقۇنلىرىنى تۇگەل يوق قىلدى، كۆيۈپ كۆسەي بولغان گۈل ـ كۆچەتلەر قايتا كۆكىرىپ، كۆكلەپ، ھەر شاخىدا يۈزلەپ گۈللەر پورەكلىدى، كۆيۈپ كۈل بولغان چىمەنزار ھەم يېشىل مەخمەل يېپىلغاندەك ئەسلى ھالىغا كەل-دى. قۇشلار نەغمىسى قايتىدىن ئەۋجىگە چىقتى، شاھزادە ئەن-ۋەرنىڭ ۋۇجۇد گۆھىرىدىكى رىيازەت كىرلىرى ھەم تازىلى-نىپ، ھۆسنى ئاپتاپ مىسلى پارلىدى.

شۇ ئىشلاردىن كېيىن پەرىزات خۇش تەبەسسۇم بىرلە شاھ-زادە ئەنۋەرگە يۈزلىنىپ:

— ئەي باھادىر، مەرھابا، — دېدى گىلاستەك لەۋلىرى-دىن ئىلتىپات دۇردانىلىرى تۆكۈپ، — بىيار پەزىلەتلىك ۋە جاسارەتلىك ئىكەنسىز، شۇ خىسلەتلىرىڭىز تۇپەيلى ئامان قالدى-ڭىز، بولمىسا ئۇشبۇ تىلسىمغا دۇچ كەلگەن ھەرنە مەخلۇقات ئامان قالماس ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر مىننەتدار بولۇپ:

— ئەي ھۆرى جاھان، — دېدى خۇرسەنلىك بىلەن، — شەپقىتىڭىزگە تەشەككۇر ئېيتىشقا ئاجىزمەن، ئەمدى يەنە رە-

ھەم قىلىپ مېنى ئۇل سوئاللار قىسماغىدىن ئازاد قىلىڭكى، كىمدۇرسىز؟ نى سەۋەبلىك ئۇشبۇ تىلسىمغا بېكىنگەنسىز؟
ماھى رۇخسار ھۆر - پەرى دېدى:
— سىزنى تىرىكلىكىڭىزدە قالدۇرغاندىن كېيىن ھەربالا كۆرسەم كۆرۈرمەن. ئەمدى ھەممىسى ئۆزۈمدىن بولغان، ئاڭ-لاڭ، سىزنى چۆلدىكى سەرسانلىق ئازابىدىن قۇتقۇزغانىدىم، ئەمدى بۇ سىر - تۈگۈنلەر قىسماغىدىن ھەم قۇتقۇزاي. ئاندىن ئۇ يەنە دېدىكى، — گۈلىستانى ئىرەم پەرىلەرىنىڭ شاھى شاھسۇۋارخانىنىڭ يېگانە پەرزەنتى دىلبەندى، مەلىكە ماھىجاھاندۇرمەن، ئاتام ۋاقتىدا ھېچ نەرسىدىن غەم - ئەندىشىسىز ئىدىم ئەمما ئاۋۋال مېھرىبان ئانامدىن، ئاندىن غەمگۇزار ئاتامدىن جۇدا بولۇپ، يار - يۆلەكسىز يېتىم قالدىم، گۇزەل ھۆسن - جامالىمغا ھەر تەرەپتىن قارا قوللار سۇنۇلدى، ھېچبىرىگە تۇتۇق بەرمەي، ئاقىۋەت ئۇستازىم بەرپا قىلغان ئۇشبۇ تىلسىماتنى ماكان قىلدىم، تىلسىم خاھىشىمغا باقىدۇ، كىمكى بۇندا كەلسە دىلىمغا ياققىنى ئامان قالىدۇ، ياقمىغىنى ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىلا ھالاك بولىدۇ.
— قارا يىلان سۈرەتلىك دېۋىدىن خەۋەردارمۇ سىز؟ — سورىدى شاھزادە ئەنۋەر قىزىقىپ.
مەلىكە ماھىجاھان قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ دېدىكى، — ئۇل مەلئۇننى سىز ئېلىپ كىردىڭىز، ئۇ سىزگە سەزدۇرمەي قوينىڭىزغا كىرىۋالغان، سىزنىڭ شاراپىتىڭىزدىن ئامان قالغان، ئۇ ئۇزاقتىن بېرى مېنى قەستلەر ئىدى، سەۋەبى ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان ئاداۋەت ئىدى، ئۇنىڭ كىرگىنىدىن خەۋەردار ئىدىم، سىزگە زىيان يەتمىسۇن ئۈچۈن تاقەت قىلدىم ئەمما ئۇخلىغان ھالەتتە كۆزەتتىم، ئاخىرى سىزگە خەتەر يۈزلەنگەندە تۇرۇپ، ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزاتتىم، ھەرقانچە يامان دېۋىمۇ ئۇشبۇ تىلسىم ئىچىدە ماڭا باراۋەر كېلەلمەس، ھالاكەت شەربە-

تى ئىچمەي قالماس ئىدى.

— ئەي پەرىلەر مەلىكىسى، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر، — كوھى گۆھەرىستان يولىغا ماڭغانىدىم، مېنى يەر يۈزىگە چىقارسىڭىز ۋە توغرا يولغا سالسىڭىز. مەلكە ماھىجاھان ئەجەبلىنىپ:

— ئەي يېگانە يىگىت، ئەجەب سۆزلەرنى قىلىۋرسەن، — دېدى شاھزادە ئەنۋەرگە، — ئاۋۋال كىملىكىڭ ۋە نى سەۋەب- مۇددىئالار بىلەن ئادەمزات ئىلىدىن چەتنەپ، بۇ چۆل - چەزىرى- گە، دىۋە - پەرىلەر ئىقلىمىغا يېقىن جايغا كېلىپ قالغىنىڭ ۋە سەرگۈزەشتلىرىڭنى بايان قىلغىن، ھال- ئەھۋالىڭدىن خە- ۋەردار قىلغىن.

شاھزادە ئەنۋەر كەچمىشلىرىنى سۆز يىپىدا مارجاندەك تىز- ما قىلدى، مەلىكە ماھىجاھانغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى، مەلىكە ماھىجاھانىنىڭ كۆڭۈل ئىقلىمىدا مېھىر - مۇھەببەت گۈللىرى كۆكلەپ، پورەكلەپ، چېھرى ئۆزگىچە نۇرلىنىپ كەتتى ۋە بەلكى سەھەر قۇياشىدەك قىزىرىپ رەڭلىنىپ كەتتى- دە:

— ئەي شاھزادە، دەۋرىمىزنىڭ ھاتەمزاتى، — دېدى نەۋازىش بىلەن، — سىر - ھېكمەت تۈگۈنلىرىنى يەشمەك بەسى مۇشكۇل، شۇنداقتىمۇ غەيرىتىڭ جۇش ئۇرۇپ ھىممەت ۋە ئىرادە كەمىرىنى چىڭ باغلاپ، بۇ يولغا كىرىپسەن، سېنى تۇتۇپ قالسام ياخشىلىق يولىدىكى توسۇق بولۇرمەن، ئۆمۈر سەپىرىمگە ھەمراھ قىلغۇم بار ئىدى. ئايرىلىش ئازابى تاغدەك ۋەزنى بىلەن باسار بولسىمۇ تاقەت قىلماقنى راۋا كۆردۈم، ئەگەر سەندىمۇ مەن ئۈچۈن كۆڭۈل ئىقلىمىڭدا زەررىچە ئورۇن بولسا ئىشلىرىڭ تامام بولغان كۈنلەردە يېنىمغا قايتىپ كېلەرسەن، ئۈشبۇ چاغ سېنى يولغا سالاي، ئالدىڭدا بىر ئۆتكەل بار، كې- چىكسەڭ ئۆتۈشكە ئىمكان يوق، سۇمۇرغمۇ ئۇ يەردىن ئۆزى

ئۆتكەن بىلەن سېنى ئۆتكۈزۈپ كېتەلمەس.

شاھزادە ئەنۋەر پەرىزات ماھىجاھاننىڭ كۆڭۈل رىشتى ئۆزگە ھەشقىپىچەكتەك چىرماشقىنىغا خۇش بولدى ۋە بەلكى ئۆزىنىڭ كۆڭۈل تۇتىسى ھەم ئول دىلنەۋاز تەرىپىگە تەلپۈنۈپ قانات قېقىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى - دە:

— ئەي ماھىجاھانانىم، — دېدى سۆيۈنۈش بىلەن، — بالدەك سۆزلىرىڭ چاڭقىغان دىلىمغا ئالەمچە شادلىق بېغىشلىدى، مېھىر - شەپقەت ۋە مۇھەببىتىڭگە نائىل بولماقىمدىن ئۆزۈمنى بەخت تەختىدە سۇلتان بىلدىم، قەسەم قىلايكى ئىشىم تامام بولغان ۋاقىت قېشىڭغا چاپارمەن ۋە ئىشقىڭ گۆھىرىنى ۋۇجۇد ساندۇقۇمدا قەدىرلەپ ساقلايمەن.

مەلىكە ماھىجاھان خۇرسەن بولۇپ، يۈزىنى بىرلا سىيپىدى. ئىلگىرىكىدىن ئۇن ھەسسە ئۈز ۋە ۋۇجۇد خەزىنىسىدىن نۇر - لاتاپەت تۆكۈلۈپ تۇرغان ھالەتكە كەلدى، قاقاقلاپ كۈلگەنىدى، ئەتراپىدا ئەتىرگۈللەر پەيدا بولۇپ، پورەكلەپ ئېچىلدى، ئۈنچە - مارجان، مەرۋايىتلار چېچىلدى، يۇلتۇز مىسالى جىلۋە قىلدى.

بۇ ھالنى كۆرۈپ شاھزادە ئەنۋەرنىڭ بىر ئىشقى مىڭ بولدى، ئالەمدەك يۈرىكىدە ئالەمچە بىر ئاتەش ئىشتىياق پەيدا بولدى. مەلىكە ماھىجاھان يەنە سۆز دۇردانىلىرى چاچتى:

— ئەي شاھزادە ئەنۋەر، نەچچە يىللاردىن بېرى بۇ ھالىمنى پىنھان تۇتقانىدىم، سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن يەنە پىنھانلىق پەردىسىگە ئوراپ ساقلايمەن. بارلىقىم بىر ساڭا بېغىشلانغان. شۇ سۆزدىن كېيىن ياقۇت جامدا ئانار شەربىتى كەلتۈردى، قوش قوللاپ تۇتتى - دە دېدىكى، — قېنى بۇ جامنى بوشاتقىن، نەچچە ۋاقىتلار ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق بالاسىغا گىرىپتار بولماسسەن.

شاھزادە ئەنۋەر مەست، مۇستەغرەق بىر ھالدا جامنى قوش

قوللاپ ئالدى، بىر كۆتۈرۈشىدە بوشاتتى، سۆزلەشكە تىرىشار ئىدى ئەمما تىلى گال، ئەقلى لال بولغىنىدىن سۆزلەشكە ئىمكانى بولمىدى.

مەلىكە ماھىجاھان لەئەل كۆزلۈك بىر ئۈزۈكنى ئۇنىڭ قولىغا سېلىپ تۇرۇپ دېدىكى:

— بۇ ئۈزۈكنى سەپىرىڭدە ھەمراھ قىل، زىنھار قولدىن چىقارما، سېھرىي - ئەپسۇن بالاسىدىن ئامان ساقلىغاي، ئاندىن ئۈچ قېتىم چاۋاك ئۇردى، بىر خادا قويۇن پەيدا بولۇپ، شاھزادە ئەنۋەرنى ئۇچۇرۇپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ۋاقىت ئىچىدە كۆل بويىغا ئاچىقىپ تاشلىدى، قۇلاق تۇۋىدە مەلىكە ماھىجاھاننىڭ «ئوڭ تەرەپكە ماڭغىن» دېگەن ئاۋازى ياڭرىدى.

شاھزادە ئەنۋەر ئوڭغا يۈردى، بىر ۋاقىتلار يىراقتىن بىر-بىرىگە خىرىس قىلىپ، چىشلىشىپ تۇرغان قوش ئەجدىھا كۆرۈندى، ئەجدىھالارنىڭ سۇر - ھەيۋىسى ۋە زورلىقىدىن كۈچتۈڭگۈر پالۋانلارنىمۇ سۇر باسار ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر چۆچۈپ توختىدى، ئاندىن سىنچىلاپ قاردى، ئۈزۈنىسىغا كۆز يەتكۈسىز تاغ تىزمىلىرىدەك كۆرۈندى، شەكلى سوزۇلۇپ يېتىشقان قوش ئەجدىھادەك ئىدى، خاتىرجەم يېقىنلاپ باردى ۋە تاغ تىزمىلىرىنىڭ تۇتاش جايىدا بىر شارسىمان گۈمبەز كۆردى، نېرىدىن قوش ئەجدىھا بىر شارچىنى تەڭلا تالىشىپ چىشلىمەك بولغاندەك كۆرۈنەر ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر يەنىمۇ يېقىنلاپ باردى ۋە گۈمبەزنىڭ چاقپەلەكتەك توختىماي پىرقىراۋاتقانلىقىنى كۆردى، ھەيرانلىق چىشلىرىدا لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئول تەرەپكە ماڭدى ئەمما يېقىندەك كۆرۈنگەن مەنزىلگە تاڭلا سەھەردە يەتتى. گۈمبەزنىڭ ئاجايىپ زور ۋە تاغلارنىڭ ئېگىز ۋە تىكلىكىنى ھېس قىلدى، ئۆتكىلى بولماس سېپىلدەك يول توسقانىدى.

بۇ ۋاقىتلار گۈمبەز بىردەملىك پىرقىراشتىن توختىدى،

بىر ئىشىك ئېچىلىپ، شاھزادە ئەنۋەرنى ئەجدىھادەك دەم تارت-تى. شاھزادە ئەنۋەر غازاڭدەك ئۇچۇپ كىرىپ كەتتى.

گۇمبەز ئىچىگە كىرگەندە كۆردىكى، گۇمبەز تاملىرى ھا-ۋارەڭ قاشتېشى بىلەن ياسالغان، تورۇسىغا قۇياش ۋە ئاي مىسا-لى بىر جۈپ ئاق ۋە سېرىق گۆھەر ئىككى تەرەپكە ئورنىتىلغان ۋە يۇلتۇز مىسالى ئۇنچە ـ مارجانلار پاتۇرۇلغان، بۇلۇت سىيا-قىدا ئاپئاق قاشتېشىدىن كۆپتۇرمە نەقىش چىقىرىلغانىدى، ئاس-تىغا گۇلچىمەنزار شەكلى ھالىتىدە كۆپتۇرمە نەقىشلەر چىقىرى-لىپ توقۇلغان گىلەم ئىدى. گىلەم ئوتتۇرىسىدا بىر ئالتۇن تەخت ۋە تەخت ئۈستىدە ئاپئاق ساقاللىق، خۇش چىراي بىر مويسىپىت زاھىر بولدى.

شاھزادە ئەنۋەر دەرھال سالام بەردى، مويسىپىت ھەم ئى-لىك ئېلىپ سورىدى:

— قايدىن كەلدىڭ؟ قايان بارماقچى ئىدىڭ؟

شاھزادە ئەنىۋەر مويسىپىتقا سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى.

— مەرھابا، — دېدى مويسىپىت سۆيۈنۈش بىلەن، — دەل پەيتىدە كەلدىڭ، بولمىسا بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەس ئىدىڭ، ئەي ياخشى يىگىت، قىلىچىڭنى سۇغۇر، دەم سالاي، ئۇرۇلغان-كى نەرسىنى سەكپارە قىلىدىغان بولسۇن، ئاندىن سەپىرىڭنى داۋام قىلغىن، مەن يەنە 365 كۈندە ئويغىنارمەن.

شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى سۇغۇردى، مويسىپىت دۇرۇت ئوقۇپ دەم سالدى، قىلىچ تىغى قۇياشتەك پارلاپ، نۇرلىنىپ كەتتى. ئاندىن مويسىپىت يەنە:

— ماڭغان يولۇڭ خەيرلىك بولسۇن، — دەپ دۇئا قىلدى ـ دە، تەخت ئۈستىگە يىقىلدى، كۆزلىرى يۇمۇلدى، گۇمبەزنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ شاھزادە ئەنۋەرنى دەمتارتتى، غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ گۇمبەز ئارقىسىغا

تاشلىدى.

شاھزادە ئەنۋەر ئورنىدىن تۇردى، گۇمبەزنىڭ قايتىدىن چاقپەلەكتەك پىرقىراۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئەتراپقا قاراپ ئۆزىـنى ئۆزگىچە بىر دۇنيادا ھېس قىلىـدى، ئاجايىپ - غارايىـپ گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرگە پۈركەنگەن ۋە توختىماي ئەتۇر قويۇن چىقىپ تۇرغان، بۇلۇت - تۇمانلار قول ئۇزاتسا يەتكۈدەك بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەن.

شاھزادە ئەنۋەر بىر مەھەل قايان مېڭىشنى، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، ئاخىر گۇمبەزنىڭ قارشى تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى، گاھى - گاھى ئاجايىپ - غارايىپ مەخلۇقاتلار پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا خىرىس قىلدى لېكىن قۇياشتەك نۇرلىنىپ تۇرىدىغان قىلىچ يالىڭاچلانغاندا ئۈركۈپ ھەر تەرەپكە قاچتى.

شۇنداق يۈرۈپ شاھزادە ئەنۋەر بىر ئىمارەتكە دۇچ كەلدى. ئىمارەت ئالدىدا بىرمۇنچە دىۋە - پەرى ۋە جىنلارنىڭ تاش ھەيكىلى تۇرۇپتۇ، ئارىدا بىر تاش ئابىدىمۇ بار ئىدى. بىرنەچچە قۇر خەتلەر ئويۇلغانىدى.

شاھزادە ئەنۋەر سىنچىلاپ نەزەر سالدى، خەتلەرنىڭ مەنىسى ئايان بولدى: «ئەي بۇ دىيارغا قەدىمى يەتكۈچى، بۇ ئىمارەتكە قىزىقساڭ ۋە ئۇنىڭدا دۇنيادىن بىھاجەت ياشاشنى خالىساڭ، پاراغەت كەيپىنى سۈرۈشنى ئويلىساڭ ئالدىڭغا بىر ئوقيا ھازىر بولىدۇ، ئۇنى تارتقۇدەك ۋە ئوقىنى بەتلەپ ئاتقۇدەك ماغدۇرۇڭ بولسا ئىمارەت ئىشىكىدىكى قارا مۇشۇكنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىنى نىشانلاپ ئوق ئۈزگىن، ئوق نىشانغا تەگسە، قىرىق بىر تال ئاچقۇچ قولۇڭغا چۈشىدۇ. مەقسەت مەنزىلىگە ئاندىن مۇشەررەپ بولۇرسەن ئەمما ئاگاھ بولكى ئوقيانى قولۇڭغا ئېلىپ تارتقۇدەك ماغدۇرۇڭ بولمىسا ۋۇجۇدۇڭغا بىر ئوت چۈشۈپ، بىر سىقىم كۈل بولۇرسەن، تارتقۇدەك ماغدۇرۇڭ بولسىمۇ بەتلەپ نىشانغا تەگكۈزەلمىسەڭ تاشقا ئايلىنارسەن، جاپا-

سىز راھەت، مۇشەققەتسىز ھالاۋەت بولماس، جاندىن كەچمىگۈ-
چە جانانغا يەتكىلى بولماس، ئويلاپ ئىش قىل»، دەپ يېزىلغانىد-
ىدى.

شاھزادە ئەنۋەرنىڭ كۆڭۈل خامىنىغا ئىمارەتكە كىرىپ
بېقىش ھەۋەس ئوتلىرى چۈشتى، شۇ ھامان ئالدىدا بىر تال
ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ تال كۈمۈش ئوق قويۇلغان زەر پەتنۇس
ھازىر بولدى. دەرھال ئوقيانى ئېلىپ ئىمارەت ئىشىكىگە يۈز-
لەندى، ئات كاللىسىدەك تىلسىم قۇلۇپ سېلىنغان ئىشىك ئال-
دىدا بىر قارا مۇشۇك توختاۋسىز بىر ئۇيان، بىر بۇيانغا سەك-
رەپ يۈرگەنىدى. شۇ چاغدا قۇلاق تۈۋىدە بىر سادا ياڭرىدى:

— ئەي يىگىت، ئەمدى ئالدىڭغا يۈرۈشكە ئىجازەت يوق.

شاھزادە ئەنۋەر كىرىچكە ئوقنى بەتلەپ، زور كۈچىنىش
بىلەن تولۇن ئاي شەكلىدە كېرىدى. شۇ كۈچ بىلەن تاغقا پەنجە
ئۇرسا كۇكۇم - تالقان بولار ئىدى. دىلىدا ھەقتەئەلانى يادلاپ،
مەدەت تىلەپ قارا مۇشۇكنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىنى
نىشانلىدى، سەكرەش يۆنىلىشىنى بەتلەپ دەل پەيتىدە تەۋەككۇل
ئوقىنى قويۇۋەتتى، ئوق مۇشۇكنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرد-
سىغا قادالدى. شۇ ھامان ئۇ تۈتەك بولۇپ غايىب بولدى.
ئورنىدا بىر قارا تەنلىك يىگىت ئايان بولدى ۋە قىرىق بىر تال
ئالتۇن ئاچقۇچ ئۆتكۈزۈلگەن بىر ھالقىنى تاپشۇردى. ئاندىن
دېدىكى:

— ئەي بەختىيار يىگىت، بۇ ئىمارەتنى ساقلاشقا مۇئەك-
كەل ئىدىم، ئاخىر قولۇڭدا مەغلۇبىيەت شارابى ئىچتىم، ئەمدى
ئىمارەتكە خوجا سەن. نەسىھەتىم ئىمارەت ئىچىدە قىرىق بىر
ھۇجرا بار، قىرىق ھۇجرىغا خالىغانچە كىرىپ، خالىغان نەرسىد-
دىن بەھرە ئالساڭ بولىدۇ، ئەمما قىرىق بىرىنچى ھۇجرىغا
قەدەم باسقۇچى بولما، بولمىسا ھەممىدىن قۇرۇق قېلىپ، جاپا
ۋە مۇشكۇلات دەستىدە سەرسان بولۇرسەن. شاھزادە ئەنۋەر

سورىدى:
— ئەي قارا تەنلىك، نى سەۋەبلىك بۇ ئىمارەتكە مۇئەك-
كەل بولۇپ قالغانىدىڭ، نى سەۋەبلىك ئۆزۈڭ بەھرە ئالمىدىڭ؟
قارا تەنلىك دېدى:
— سوراپ نېمە قىلار ئىدىڭ خەير، ساڭا ئىبرەت بول-
سۇن، بۇ ئىمارەت پاراغەت قەسرىدۇر، ئۇنى ئۇستازىم بىنا
قىلغاندۇر. ئۇ ئاجايىپ كارامەتلىك ئۇلۇغ كىشى ئىدى ئەمما
ئۇنىڭغا ھەسەت قىلار ئىدىم ھەم ئۇنىڭ بۇ مۆجىسىزىسىدىن تەنھا
بەھرە ئېلىشنى ئويلار ئىدىم، ئۆزىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى ئۆزد-
دىن قىزغىنار ئىدىم. شۇ سەۋەبلىك قارا يۈرىكىمدە شۇملۇق
ئوتلىرى يېلىنجىدى، ئۇستازىمغا قەست قىلىشقا پۇرسەت ئىزد-
دىم ئەمما دانىشمەن ئۇستازىم بۇنى سېزىپ قالدى ۋە كۆپ
بىئارام بولدى، ئاخىر مېنى قارا مۇشۇككە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ
دېدىكى، «ئەي بەتبەخت، بۇ ئىمارەت مەندىن كېيىن ساڭا قالار
ئىدى. ئەمما، نەپسىڭ بىر مەزگىل بولسىمۇ ئۇنىڭغا مەن بىلەن
ئورتاق بولۇشنى خالىمىدى، دىلىڭدا شۇملۇق ئوتلىرى يېلىنجىد-
دى، سەندىن بۇنداق بىۋاپالىق كۈتمىگەنىدىم، خەير، ئەمدى بۇ
ئىمارەتكە مۇئەككەل بولغىن، كىمكى ئۇنىڭغا كىرىشنى ئىستىد-
سە سېنى يوق قىلماي تۇرۇپ قەدەم باسمىسۇن.»
شۇنىڭدىن كېيىن ئىمارەتكە تىلسىم قۇلۇپىنى سالدى،
مېنى ئىشىك بېقىشقا قويدى، ئاچقۇچلارنى بوينۇمغا ئاستى،
ئاندىن غۇسلى - تاھارەت ئېلىپ، ھەققە جان تەسلىم قىلدى،
ئۈچ يىل بولۇپتۇ، ئىمارەتكە يا ئۆزۈم كىرىشكە مۇيەسسەر
بولمىدىم، يا ئۆزگىلەرنى كىرگۈزۈشكە چىدىمىدىم، ئاخىر بۇ
رەنجى - مۇشەققەتكە سەن خالاسكار بولدۇڭ، ئەسلى سۇتتەك
ئاق ئىدىم، ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىنىپ قارا بولدۇم، ئەلۋىدا.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر سىقىم كۈلگە ئايلاندى، سالقىن
شامال كېلىپ ھەرتەرەپكە توزۇتۇۋەتتى. شاھزادە ئەنۋەر ئىما-

رەت ئىشىكىگە كەلدى، قارىسا كۆمۈش ئوق تىلسىم قۇلۇپ تۆشۈكىدە تۇرغان، تارتقانىدى، «مەرھابا، مەرھابا، مەرھابا. . .» دېگەن ئاۋاز ياڭراپ ئىشىك ئېچىلدى، ئىچىگە كىردى، ئۆزىنى بىر باغى چىمەنزاردا كۆردى.

تازا ئېچىلغان گۈللەر تاۋاقتەك - تاۋاقتەك، شاخ - شاخىدا تۇتى ۋە بۇلبۇل، قۇمرى ۋە تورغاي، ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈمەن خىلمۇ خىل خۇش ئاۋاز قۇشلار قونۇپ ئولتۇرغان، ۋە نەغمە - ناۋاسىنى ئەۋجىگە چىقارغان، تۆۋەندە بولسا يېشىل گىلەمدەك چىملىق ئۈستىدە توز ۋە قىرغاۋۇللار يورغىلاپ يۈرگەن، تارام - تارام ئېرىقلاردا بولسا سۈپسۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ، رەڭدار ئالتۇن بېلىقلار ئويناقلاپ يۈرگەن.

شاھزادە ئەنۋەر ھۇزۇر بىلەن سەيلە قىلىپ يۈرۈپ، بىر كۆل بويىغا يەتتى، گىرۋەكلىرى قاشتېشىدىن، كۆل يۈزىدە ئاققۇ ۋە قوشماق ئۆردەكلەر ئۈزۈپ يۈرگەن، كۆل ئاستىدا لەئىلى - ياقۇتلاردەك رەڭلىك ۋە كۆركەم بېلىقلار ئويناپ يۈرگەندى. كۆلنىڭ نېرىسىدا بولسا بىر ساراي بار ئىدى. ئۇل ساراي ئاجايىپ ئېسىل ۋە ياسىداق ئىدىكى، بىر خىشى ئالتۇن بولسا، بىر خىشى كۈمۈشتىن، دېرىزىلىرى خرۇستالدىن بولسا ئىشىكلىرى ياقۇت ئىدى، كۆلنى ئايلىنىپ ساراي ئىشىكىگە يەتتى ۋە ئىچىگە كىردى.

ساراي ئىچى يۇمىلاق سەينا، ئوتتۇرىسىدا بولسا ئالتۇن بېلىق شەكلىدە ياسىلىپ يېشىل رەڭلىك سۇ پۈركۈپ تۇرغان فونتان، سەينا ئەتراپى بولسا لەئىلى - ياقۇتلار بىلەن گۈل - نەقىشلەر ھاسىل قىلىنغان ئالتۇن ئىشىكلىك ھۇجرىلار ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر ئوڭ تەرەپتىن بىرىنچى ھۇجرىغا كىردى، بۇرنىغا دەرھال ئاجايىپ ئېسىل نازۇنېمەتلەر ھىدى ئۇرۇلدى. ھۇجرا ئىچى كەڭرى ۋە شاھانە بېزەلگەن، ئوتتۇرىسىدا ئاستاغىنا ئايلىنىپ تۇرغان ناھايىتى چوڭ يۇمىلاق شىرە، شىرەدە بولسا

ئالتۇن قاچا، قاشتېشى تاۋاقلاردا ئىسسىقىنا ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۇرلۇك - تۇرلۇك ئېسىل تائام، نازۇنېمەتلەر لىققىدە تۇرغان.

شاھزادە ئەنۋەر شىرە ئالدىغا بېرىپ، زەرباپ كۆرپىچە سېلىنغان ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇردى. تائاملاردىن بەھۇزۇر بەھرە ئالدى. ئەمما، نازۇنېمەتلەر يەنىلا ئەسلى مىقدارىدىن ئازلىمىدى.

ئاندىن چىقىپ ئىككىنچى ھۇجرىغا كىردى، ئالتۇن شام-دانلاردىكى يېشىل شاملارنىڭ يېشىل يالقۇنلىرىدا يورۇتۇلۇپ، ئاجايىپ بىر خۇش كەيپ قىلغۇچى ھالەت زاھىر بولدى، يېشىل شاملاردىن كۆتۈرۈلگەن خۇشبۇي تۇتەك - تۇمانلار لەيلەپ تۇرار ئىدى. شۇ چاغ ھۇجرا ئوتتۇرىسىدىن چوڭ بىر يۇمىلاق شىرە كۆتۈرۈلدى، شىرە ئۇستىدە بىللۇر، خۇمرىلار، خرۇستال قە-دەھلەر تىزىلغان، خۇمرىلاردا شېرىن - شەربەت ئىچىملىكلەر ۋە قەدەھلەردە ياقۇت رەڭلىك شارابلار جىلۋىلەپ تۇرغانىدى.

ئۇلارغا بىرلا قارىغان كىشى ئىچمەي تۇرۇپمۇ مەست بولار ئى-دى، شۇ ۋاقىت يەنە تۇتەك - تۇمانلار ئىچىدىن جىلۋە - ناز بىرلە بىر جۇپ ئاي يۈزلۈك دىلرەبا نازىنىن چىقىپ كەلدى، ۋە: «مەرھابا! شاھـزادە...» دېگەنلىرىچە شاھزادە ئەنۋەرنىڭ ئوڭ - سولىغا ئۆتۈپ، قاردەك ئاق ۋە يۇمشاق بىلەكلىرى بىلەن بوينىغا گىرە سېلىپ، قەدەھلەردە شاراب تۇتتى، دىلدارلىق رەسمىنى كامالىغا يەتكۇزدى. ئەمما، شاھزادە ئەنۋەر نەچچە قەدەھ شاراب بىلەنلا مەست - مۇستەغرەق بولۇپ يىقىلدى، تاڭلا سەھەر مەستلىكىدىن يېشىلىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ئاغزىدا ئاخ-شىمى ئىچكەن شاراب لەززىتىنى يەنە ھېس قىلدى ۋە ئۆزىنى ئاجايىپ ئېسىل گۇل - نەقىشلەر چىقىرىلغان مەرمەر كارىۋات، ماھۇق تۆشەكلەر ئۇستىدە كۆردى، نازىنىن دىلرەبالار بېشىدا پاسىبانلىق قىلىپ تۇرۇپتۇ، پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ ئولتۇ-

رۇپتۇ.

ئورنىدىن تۇردى، ئۇلاردىن سۆز سورىدى ئەمما ئۇل نازد-
ىنىن گۈلبەدەنلەرنىڭ غۇنچىدەك لەۋلىرىدىن سۆز دۇردانىلىرى
تۆكۈلمىدى. بىرخىلدا يېقىملىق جىلۋە ـ ناز بىلەن كۈلۈمسى-
رەپ تۇرار ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر ھېس قىلدىكى بۇلار سېھرىي ـ ھېكمەتلەر
كۈچىدىن ئاپىرىدە بولغان سۈرەتلەردۇر. شۇندىن كېيىن ئۇل
خۇش سۈرەتلەرنى تاشلاپ ھۇجرىدىن چىقتى، قايتىدىن بىرىنچى
ھۇجرىغا كىردى، نازۇ نېمەتلەردىن قانغۇچە بەھرە ئالدى، ئاند-
دىن چىقىپ ئۈچىنچى ھۇجرىغا كىردى، «مەرھابا شاھزا-
دە» دېگەن يېقىملىق بىر سادا بىلەن تەڭ ھۇجرا ئىچىدە بىرلا
ۋاقىتتا يۈزلەپ قىزىل شام قىزىل يالقۇن چىقىرىپ، يېنىپ
ۋاللىدە يورۇتۇۋەتتى. ئۆزگىچە خۇشبۇي ھىد تارالدى، تۇتەك-
تۇمانلار ئەگىدى. تۇتەك ـ تۇمانلار ئاستىدا نېمە بارلىقىنى
كۆرۈپ يەتكىلى بولماس ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر ھېس قىلدىكى بۇ ھۇجرا ئىلگىرىكىدىنمۇ
ھەشەمەتلىك ۋە ياسىداق، يۇملاق ۋە كەڭرى ئىدى، ئۇدۇلىدا
زەرباپ تەكىيە، ماموق كۆرپىلەر قويۇلغان ئالتۇن تەخت بار
ئىدى.

شۇ ۋاقىت تالى مەجنۇندەك ئەۋرىشىم بويلۇق، پەرىشتە
خۇيلۇق، نازىنىن دىلرەبالار تۇتەكلەر ئىچىدىن چىقىپ كەلدى
ۋە جىلۋە ـ ناز، خۇش تەبەسسۇم بىرلە كەلگەنچە شاھزادە
ئەنۋەرنى تەخت ئالدىغا ئېلىپ باردى. شاھزادە ئەنۋەر تەخت
ئۈستىگە چىقتى، ئۇل رەناسى جاھانلار ئۇڭ ـ سولىغا ئۆتۈپ
ئولتۇرۇپ، چاۋاك ئۇردى. شۇ ھامان يېقىملىق مۇزىكا سادال-
ىرى ياڭراپ، ھۇجرا ئوتتۇرىسىدىن بىر يۇپيۇملاق سەھنە
كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، ئەتراپىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش كۇرسلار پەيدا
بولدى، ئارقىدىنلا ھۇجرا ئۈستىدىن بىر گۈزەللىك ئىقلىمىنىڭ

نازۇك نىھالى نازىنىن دىلبەر شېخىدىن ئۈزۈلگەن خازاندەك
يەڭگىل ۋە لەرزان، جىلۋە - ناز بىرلە ئوتتۇرىغا لەيلەپ چۈش-
تى. شۇ ھامان ئالتۇن - كۈمۈش كۇرسىلار ئۈستىدە گاھلىرى
ئالتۇن تارلىق غوڭقا ۋە گاھلىرى كۈمۈش تارلىق بەرباپ،
بەزلىرى داپ ۋە بەزلىرى قاشتاش قولاقلىق تەمبۇر، گاھىلى-
رى لەئىلى - جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن قالۇن ۋە بەزلىرى
نەي . . . ئەيتاۋۇر خىلمۇخىل چالغۇ - ئەسۋابلىرىنى قۇچاقلى-
غان ھۆر قىزلار پەيدا بولدى ۋە ئورۇن ئېلىشىپلا تاڭدىكى
بۇلبۇل ناۋاسىدىنمۇ يېقىملىق ۋە شوخ پەدىگە مۇزىكا ئورۇندى-
دى، بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقاردى، سەھنە ئوتتۇرىسىدا بولسا
تورۇستىن چۈشكەن رەققاس نازىنىن تالى - مەجنۇندەك تولغى-
نىپ، كېپىنەكتەك لەرزان، مەپتۇن قىلارلىق ھەرىكەتلەر بى-
لەن ئۇسسۇلغا چۈشتى، جانىنى ئېلىپ ياندا قويغۇدەك جىلۋە -
نازلىرى بىلەن شاھزادە ئەنۋەرنى شېرىن ھېس - تۇيغۇلار قايني-
مىغا غەرق قىلدى. شاھزادە ئەنۋەر بىر كۈننى شۇ يەردە كەچ
قىلدى. تەخت ئۈستىدىلا قىڭغىيىپ، ئۇيقۇ بۆشۈكىگە بۆلەندى.

تاڭلا سەھەر بۇ ھۇجرىدىن چىقتى. تۆتىنچى ھۇجرىغا كىر-
دى. ئاجايىپ - غارايىپ ۋە تۈرلۈك - تۈمەن خىل ئويۇنچۇقلار،
ئۇلارنى ئويناشقا ھەمشېرىك بولغۇچى زەبەردەست غۇلاملار ھازىر
ئىدى. ئاندىن بەشىنچى ھۇجرىغا كىردى، بۇ يەردە بايلىققا
ھېرىسمەنلەر ئۈچۈن تېپىلغۇسىز نادىر گۆھەر ۋە ئالماسلار،
كۆزنى قاماشتۇرغۇچى لەئىلى - زۇمرەت، قۇياشتەك نۇرلۇق
مەرۋايىتلار بار ئىدى. ھەربىرى يەر يۈزىدىكى ئەڭ زەردار باي-
پادىشاھلار خەزىنىسىدىكى مۈلۈك قىممىتىدە، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ
ئۈستۈنرەك، سانى، مىقدارىغا سۆز توغرا كەلمىگۈدەك كۆپ
ئىدى.

ئۇ يەردىن چىقىپ ئالتىنچى ئۆيگە كىردى، قاتار - قاتار
ئالتۇن - كۈمۈش ئىشكاپلاردا زەر سۈيىدە پەرداز بېرىلگەن

كۆن مۇقاۋىلىق سۈتتەك ئاق ۋاراقلارغا مۇشكى ـ ئەنبەر پۇراقلىق قارا سىياھ بىلەن يېزىلغان تۇرلۇك ـ تۈمەن خىل مەزمۇندىكى ۋە تۇرلۇك ژانىردىكى، سانىنى بىلىپ بولغىلى ۋە بىر ئۆمۈر ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان كىتابلار تىزىلغانلىقىنى كۆردى . . .

شۇنداق ئارىلاپ يۈرۈپ قىرىق ھۇجرىنى كۆرۈپ چىقتى، ھەر ھۇجرىدا ئىنسان تۇرمۇشىدا ئارزۇلايدىغان ئەڭ ئېسىل نېمەت ۋە ئەڭ ئېسىل مەئىشەتلەر ھازىر ئىدى. قانائەت تۇيغۇلدىرىسىز كىشلەرمۇ بۇ ھۇجرىلارغا كىرسە تېگى يوق ھاڭدەك نەپسى بالاسىمۇ ئارام تاپار ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر ئاخىرى قىرىق بىرىنچى ھۇجرا ئالدىغا كەلدى، بۇ ھۇجرا ئىشىكى قارا تۆمۈردىن ياسالغان ۋە تۈگمەن تېشىدەك قۇلۇپ سېلىنغانىدى، قۇلۇپ تۆشۈكى سىرلىق ھىجدىيىپ تۇرغاندەك بىلىنەر ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر قارا تەنلىكنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ كەينىگە ياندى، نەچچە كۈنلىرى قىرىق ھۇجرىدا چەكسىز ھۇزۇر ۋە تاماشىلار ئىچىدە تامام بولدى، ئاخىرى يەنە شۇ قىرىق بىرىنچى ھۇجرا ئىشىكىگە كەلدى، كۆڭۈل ئىقلىمىدا بۇ ھۇجرىنىمۇ بىر كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى غەلىيان كۆتۈردى، نەچچە رەت كەينىگە ياندى، نەچچە رەت يەنە شۇ ھۇجرا ئالدىغا كەلدى، بارغانسېرى قىزىقىش ۋە ھەۋەس ئوتلىرى ئۇلغىيىپ، گۇلخان بولۇپ تاقەت خامىنىغا يامرىدى، كۈل قىلدى. شۇكۇر ـ قانائەت تىزگىنى قولدىن كەتتى. ئەجرىسىز كۈندە كۆرۈپ كەلگەن ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىرى مەززىسىز بىلىندى، ئاقىۋەت تەۋەككۈل ئاچقۇچىنى تۈگمەن تېشىدەك قۇلۇپ تۆشۈكىگە سالدى، زور كۈچىنىشلەر بىلەن قۇلۇپنى ئاچتى، ھۇجرىغا كىردى، ھۇجرا ئىچى قارا نىيەتلەرنىڭ قارا كۆڭلىدەك قاراڭغۇ ئىدى. ئىشىكتىن كىرگەن ئازغىنا يورۇقلۇق ھۇجرا ئىچىنى غۇۋا روشەن قىلدى. ھۇجرا

ئوتتۇرىسىدا تاشلىنىپ ياتقان ئاغزى پىچەتلەنگەن بىر لوڭقىدىن ئۆزگە ھېچنېمە يوق ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر لوڭقىنى قولىغا ئالدى، تاشقىرى ئېلىپ چىقتى كۆردىكى لوڭقا بىللۇردىن ئويۇپ ياسالغان، ئاغزىدىكى پېچەتكە ئاجايىپ بىر مۆھۈر بېسىلغان، ئىسمى ئەزەم يېزىلغان.

ئويلىدىكى، قارا تەنلىكنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي ھۇجرىغا كىردىم، ئېرىشكىنىم شۇ بىر لوڭقا بولدى، سىر - ھېكمەت لوڭقا ئىچىدە بولسا كېرەك، ئۇنى يورۇقلۇققا چىقارماق كېرەك. تەۋەككۇل دەرىخىنىڭ مېۋىسىنىمۇ تېتىپ بېقىش كې-رەك.

شۇنداق ئوي - پىكىر تۇرتكىسىدە پېچەتنى سويدى ئەمما مىسلى بىر تاغ يۆتكېگەندەك بولۇپ ماغدۇرسىزلاندى، قارا تەر-گە چۆمدى.

شۇ چاغ لوڭقا ئىچىدىن بىر ئالىيېشىل تۇتەك كۆتۈرۈلدى، كۇمۇش قوڭغۇراق جاراڭلىغاندەك بىر كۈلكە ساداسى ياڭراپ، تۇتەك ئارىسىدىن قۇياشتىن نۇرلۇقراق ۋە تولۇن ئايدىن چىراي-لىقراق، بىر ھۆر - پەرىنىڭ چېھرى زاھىر بولدى، ئۇنىڭ تېرىقتەك يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان ۋە ھەرتەرەپكە يېيىلىپ، يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆڭۈل قۇشلىرىنى ئوۋلىغۇچى سۇمبۇل چاچ-لىرىدىن باشقا ۋۇجۇد گۆھىرىدىن ئىزنە يوق، گويا سالقىن شامالدا شېخىدىن ئۈزۈلۈپ، ئۇچۇپ يۈرگەن گۈلدەك بىر ھالەت-تە ياكى قارا بۇلۇت - تۇمانلار ئارا ئەگىپ يۈرگەن قۇياش مىسالى بىر ھالدا ئىدى.

ئول گۈزەللىك ئىقلىمىنىڭ خۇرشىد تاباتى ۋە ھۆسن ئېلى-نىڭ شاھى سۇلتانى شاھزادە ئەنقەرنىڭ ۋۇجۇد بوتىدا يۈرەك-باغرىنى زەردەك يۇمشىتىپ، ئالەمچە ئىشتىياق ئوتىغا گىرىپتار قىلدى. ئەمما، شىپالىق يامغۇرىدىن نائۇمىد قالدۇرۇپ، كۆز-دىن غايىب بولدى.

شاھزادە ئەنۋەر تۇرغان ئورنىدا لايدەك ئېزىلىپ، يىقىلىپ قالدى، ھوش كەپتىرى ۋۇجۇد نوتىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، شۇ ھالەتتە قانچىلىك ياتقىنى نامەلۇم. بىر ۋاقىتلار ھوشىنى تېپىپ ئورنىدىن تۇرغاندا پاراغەت قەسرى كۆزىگە مىسلى بىر خارابە گۆرىستان بىلىندى.

ئاندىن چىقىپ پۇتى تايغان، بېشى قايغان تەرەپكە كېتىۋەردى، ۋۇجۇد كېمىسىنى ئىشق دەرياسىغا غەرق ئېتىپ كەتكەن شاھسەنەم كويىدا سەرسانلىقنى ئىختىيار قىلدى، مىڭ يىللىق شاراب ئىچكەن مىسالى مەست - مۇستەغرەق يۈردى، بىر يار لېۋىگە كېلىپ قالغىنىنىمۇ سەزمىدى، بوشلۇققا دەسسەپ قېلىپ تۆۋەنگە موللاق ئاتتى ئەمما يەنىلا ئۆزىنىڭ نە ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلمەس ئىدى.

شۇ چاغ بىر پالاس ئۇچۇپ كەلدى، شاھزادە ئەنۋەر ئۈستىگىلا چۈشتى، پالاس بىر جايى مەنزىلگە يەتتى، ئاندا زۇلال چەشمە، چەشمە بويىدا بىر تۈپ بۈك - باراقسان ياپراقىدىن مېۋىسى تولىراق ئانار دەرىخى بار ئىدى، ئانار سايىسىدە بولسا زاھىت تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرۇپتۇ.

شاھزادە ئەنۋەر ئۆزىنى بىلىپ ئەدەپ بىلەن سالام بەردى، زاھىت ھەم ئىلىك ئېلىپ جاي كۆرسەتتى، ئاندىن بىر جامدا چەشمە سۈيىدىن ئېلىپ تۇتتى: «قېنى ئۇسسۇزلۇقۇڭنى قاندۇرغىن» دەپ.

شاھزادە ئەنۋەر قوش قوللاپ جامنى ئالدى، بىر سۇمۇرۇشتىلا بىكار قىلدى، گويا بىر دەريا سۈيىنى سۇمۇرگەندەك ھېس قىلدى، يۈرەك - باغرىنى كاۋاپ قىلغان ئىشق ئوتى پەسلىدى، ئەقىل - ھوش كەپتىرى ۋۇجۇد دەرىخىگە قايتىدىن قوندى.

زاھىت دېدى: «ئەي يىگىت، گۈلدەك يۈزۈڭ غازاڭدەك سارغىيىپتۇ، بىلدىمكى ئىشق ئوتىغا گىرىپتارسەن، سىر - ئەسرايىڭدىن خەۋەردار قىلغىن، نەچچە يۈز يىل ئۇشبۇ جايىنى

ماكان ئەيلەپ ئىستىقامەت قىلىپتۇرمەن، ئادەمزات ئەۋلادىنى ئەمدى كۆرۈشۈم، چۈنكى بۇ دىيار دېۋە ـ پەرىلەر ئىقلىمى ئىدى. ئادەمزاتقا كەلمەك ئىمكانى يوق ئىدى، نى كارامەتلەر تۈپەيلى قەدىمىڭ يېتىپ قالغىنىدىن ھەيرانمەن.»

شاھزادە ئەنۋەر كەچمىشلىرىنى سۆز يېپىدا مارجاندەك تىزىپ ئايان قىلدى، كۆز ياشلىرىنى راۋان قىلىپ، سىر ـ ئەسرايىنى بايان قىلدى.

زاھىت تەسەللى رومىلى بىلەن ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ دېدىكى:

— ئەي جەسۇر يىگىت، تۇتەكتىن ئاپىرىدە بولغان باشىڭ ئىشتىياقىنى دىلىڭدىن نېرى قىل، بولمىسا ئەقلىڭدىن ئازدۇرار، ئۇ ھالدا ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالساڭمۇ ئۇزۇڭنى تارتىشنى بىلمەي قالارسەن. ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي بەلكى جان گۆھىرىڭدىن جۇدا بولارسەن، تا بۇ كەمگۈچە تارتقان جەبىر ـ جاپا، چەككەن مېھنىتىڭ زايە بولۇر، يولۇڭنى داۋام قىلغىن، ياخشى ئىشنى ھېچ ۋاقىت تەرك قىلمىغىن، شۇنداق يۈرۈپ مۇرادىڭ ھاسىل بولسا ئەجەب ئەمەس. ئىرادە كەمىرىڭ مەھكەم ۋە قىلغان ۋەدىلىرىڭ ئېسىڭدە بولسۇن.

شاھزادە ئەنۋەر زاھىتنىڭ نەسىھەت دۇردانىلىرىنى كۆڭۈل ساندۇقىغا قاچىلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ خەيرلەشتى، زاھىت ئاناردىن بىرنى يوللۇق تۇتۇپ: «دەردىڭگە داۋا، ئاغرىققا شىپا» دەپ ئۇزاتتى.

شاھزادە ئەنۋەر يۈردى، يۈردى، بىر ۋاقىتلار ئالدىغا قوش مۈڭگۈزلۈك بىر دېۋە دۈچ كەلدى، دېۋە «ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن ئولجا» دەپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئۇنىڭغا چاڭگال سوزدى. شاھزادە ئەنۋەر تەمتىرىمەستىن قىلىچ يالىڭاچلاپ، دېۋىگە مۇقابىل بولدى، قىلىچ تۈنجى ئۇرۇلۇشتىلا دېۋەنىڭ بېشىنى ئىككى پارە قىلدى، شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى يىغىش-

تۇرۇپ، ئاللاغا شۈكۈر ـ سانالار ئېيتىپ يولىنى داۋام قىلدى.
بىر ۋاقىتلار قوش باشلىق ۋە تۆگىدىن زورراق بىر قۇش ئۇنىڭ ئۈستىدىن شۇڭغۇپ چۈشۈپ چاڭگال سوزدى، ئاردەك تىرناقلىرى ئەجەل ۋەھىمىسى سالدى، شاھزادە ئەنۋەر چاققانلىق بىلەن قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇردى، قىلىچىنىڭ قۇياشتەك نۇرلۇق تىغىدىن ئۈركۈگەن قۇش دەرھال ئەگىپ ئۇچۇپ كەتتى.
يەنە بىر ۋاقىتلار بىر كۆلگە دۇچ كەلدى، كۆل شۇ ھامان قايناپ ـ تاشقىنلاپ، ئىچىدىن بىر ئەجدىھا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، شاھزادە ئەنۋەر دەرھال قىلىچ سۇغۇردى، قىلىچ تىغىدىن چاقنىغان نۇر كۆزلىرىنى كور قىلغۇدەك بولسىمۇ ئەجدىھا پەيلىدىن يانماي شاھزادە ئەنۋەرگە ئېتىلدى، ئاقىۋەت بىر قىلىچ ئۇرۇشتىلا ئىككى يارتا بولۇپ كۆلگە چۈكتى، ئەينەكتەك سۈزۈك كۆل سۈيى قىپقىزىل قانغا بويالدى.
شاھزادە ئەنۋەر بۇ يەردە يىرتقۇچلارنىڭ كۆپلۈكىدىن چۆچۈپ ھوشيارلىق بىلەن يولىنى داۋام قىلدى. بىر ئېگىز تاغ باغرىغا يەتتى، تاغ باغرىدا بىر غار، غار ئالدىدا بولسا قوش مۈڭگۈزلۈك بەتبەشىرە دېۋىلەر يۈرەر ئىدى.
ئۇلار شاھزادە ئەنۋەرنى كۆرۈپ چۇقان كۆتۈردى ئەمما ئۇنىڭ قولىدىكى قۇياشتەك پارلاپ نۇرلىنىپ تۇرغان قىلىچنى كۆرگەندە ھېيىقىپ، يىقىن كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، بەلكى سېھرىي ـ ئەپسۇن بىرلە بەند قىلىشقا ئۇرۇندى بىراق پەرىزات ماھىجاھاننىڭ خاسىيەتلىك ئۈزۈكى سەۋەبلىك سېھرىي ـ ئەپسۇنلىرى كار قىلمىدى.
ئۇلار شۇنداق پاراكەندە بولۇپ تۇرغاندا غاردىن دېۋىلەر شاھى چىقىپ كەلدى، بوي ـ بەستى، سۈر ـ ھەيۋىتى باشقا دېۋىلەردىن ئۈستۈنرەك ئىدى.
— ئەي ئادەمزات، — تولدى دېۋىلەر شاھى، — قىلىچىڭنى يىغىشتۇرغىن، ئۇرۇشقا مەرھەمەت قىلغىن، بۇ

دىيارغا كېلىپ قالمىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەي، زاھىرىڭدىن دۈشمەنلىك سەزمىدىم، دوستلۇق رىشتى باغلىساق ئەجەب ئەمەس.

شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ قورقماستىن دىۋىلەر ئوردىسىغا قەدەم قويدى، قۇچاق يەتكۈسىز زەر تۈۋرۈكلۈك كارىدوردىن ئۆتۈپ، ئازادە ۋە ھەشەمەتلىك بىر زالغا چىقتى، زال ئاجايىپ نۇرلۇق گۆھەرلەر بىلەن يورۇتۇلغانىدى.

دىۋىلەر شاھى ئۆز تەختىگە ئولتۇردى، تەخت يېنىغا ئالتۇن كۈرس قويدۇرۇپ، شاھزادە ئەنۋەرنى تەكلىپ قىلدى، ئاندىن ئۇلار سۆھبەتنى باشلىدى، شاھزادە ئەنۋەر كېلىش مۇددىئاسىنى بايان قىلدى.

— ئادەمزات ئېلىنىڭ جەسۇر ئوغلى ئىكەنسەن، — دېدى دىۋىلەر شاھى، — كېلىشىڭدىن بىزگە نە پايدا، نە زىيان يەتمەسكەن، ياخشىلىق يۈزىسىدىن سېنى بەزى سىرلاردىن خەۋەردار قىلسام بولار ئىدى، بىراق بىر بۇرادىرىمىز سېنىڭ تىغىڭدىن ئەجەل شارابى ئىچىپتۇ، ساڭا ئاۋۋال دۈشمەنلىك قولىنى سوزۇپ، ھەق جازاسىنى تارتقان بولسىمۇ ئەمما جېنىغا يەنىلا سەن زامىن، شۇنداق تۇرۇپ، ساڭا ياردەم قىلسام بىزگە جايىز ئەمەس، ئەمدى ئۆز يولۇڭغا ماڭغىن. شاھزادە ئەنۋەر دېدى:

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھ، بۇرادىرىڭ ھەق جازاسىنى تارتتى، بۇ بەلكىم تەقدىر - قىسمىتىدۇر، ئۇنى بىر مېنىڭدىن كۆرمە، ياخشىلىقىڭنى مەندىن ئايىما، مەنمۇ پۇرسەت بولسا مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرارمەن.

— بۇرادىرىم خۇنىدىن كەچتىم، — دېدى دىۋىلەر شاھى ئويلىنىپ تۇرۇپ، — ئەمما تۆپىلەپ ياخشىلىق قىلسام كۆلكىگە، بەلكى قوۋمىمنىڭ لەنىتىگە قالىمەن، ياخشىسى بىر شەرتىم بار، ئادا قىلساڭ بەدىلىگە مەنمۇ سېنى رازى قىلاي.

— قېنى شەرتىڭنى بايان قىلغىن، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر، — ئادا قىلىشقا بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي. دىۋىلەر شاھى بىر مۇلازىمغا ئەمر قىلدى:

— گۆھىرىمىزنى ئېلىپ چىق، — دەپ.

مۇلازىم دىۋە شۇ ھامان خەزىنىدىن ئالتۇن پەتنۇستا بىر تال گۆھەرنى ئېلىپ چىقتى، تاۋاقتىن يوغانراق ۋە قۇياشتەك نۇرلۇق.

— ئۇشبۇ گۆھەر پەخرىم ئىدى، — دېدى دىۋىلەر شاھى خورسىنىپ، — يورۇق ئالەمدە يېگانە دەپ بىلەر ئىدىم، ئەمما دىۋە شاھلىرى ھەم ئۇنىڭدەكتىن تېپىپتۇ، ئەمدى ماڭا ماختانغۇدەك دەسمايە قالمىدى، بۇ ھالغا تاقىتىم يوق، ئىمكانىڭ بولسا بۇ گۆھەردىنمۇ چوڭراق ۋە ئېسىلراق بىرىنى تاپقىن، مەن ھەم مۇرادىڭنى ھاسىل قىلاي.

شاھزادە ئەنۋەر مەرۋايىتقا قاراپ بارماقلىرىنى چىشلەپ قالغانىدى. ئۇ دېدىكى:

— سەندەك قۇدرەتلىك دىۋىلەر شاھى تاپالمىغاننى مەن قانداق تاپاي.

— ئەي ئادەمزات، — دېدى دىۋىلەر شاھى، — ئاۋۋال ئۇرۇنۇپ كۆر، ئاجايىپ كارامەتلەر كۆرسىتىشكە قادىر باھادىر ئىكەنسەن، ئادەمزات ئېلىدىن بۇ يەرگە كېلەلىگىنىڭ ئۆزىلا بۇنىڭ دەلىلىدۇر. ئۈمىدۋارمەنكى، مۇراد گۆھىرىنىمۇ قو-لۇڭدىن تاپشۇرۇپ ئالارمەن.

شاھزادە ئەنۋەر نائىلاج ماقۇل بولدى، دىۋىلەر شاھى بىر تال موينى بېرىپ دېدىكى:

— قاچانكى مەن دېگەن گۆھەرنى تاپساڭ بۇ موينى كۆيـ-دۈرگىن، شۇ ھامان يېنىڭدا ھازىر بولۇرمەن، ۋەدىگە ۋاپا قىلارسەن.

شاھزادە ئەنۋەر غاردىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى، گۆھەر-

نى قەيەردىن ۋە قانداق تېپىشنى بىلمەس ئىدى، شۇ هالدا يۈرۈپ، بىر تىك چوققىغا دۇچ كەلدى، ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قاراپ باقماق كويىدا بولدى، ئاخىر چوققىغىمۇ چىقتى،

چوققىدا قوش باشلىق قۇشنىڭ چاڭگىسى بار ئىدى. «چاڭگىدا بىر جۈپ چۈجە قۇش هالسىراپ ياتار ئىدى. شۇ ۋاقىت كۆك يۈزىنى قاناتلىرىدا يېپىپ بىر قۇش يېتىپ كەلدى. ئىككى بېشىدىن گۈلدۈرمامىدەك دەهشەتلىك ۋە قايغۇلۇق سادالار ياڭرايتتى.

شاهزادە ئەنۋەر خەۋپسىرەپ قىلىچىنى يالىڭاچلىدى، قۇش ئۈركۈپ يېقىنلىشالمىدى ئەمما ئەگىشىپ ئايلىنىپ ئۇچۇپ هەم نېرى كەتمەس ئىدى.

شاهزادە ئەنۋەر هېس قىلدىكى چاڭگا ۋە چۈجە قۇشلار بۇ قۇشنىڭ ئىكەن، چوققىدىن چۈشۈپ كەتمىگۈچە ئۇنىڭغا ئارامىلىق بولماس ئىكەن.

چوققىدىن تۆۋەنگە چۈشتى، قۇش چاڭگىسىغا قونۇپ چۈجىلىرىنى باغرىغا باستى، شۇ چاغ ئۇنىڭدىنمۇ هەيۋەتلىك بىرى ئۇچۇپ كەلدى، پەنجىلىرىدە ئۆلگەن دىۋىنىڭ تېنى بار ئىدى، چاڭگىسىغا تاشلىدى، ئاندىن شاهزادە ئەنۋەر ئالدىغا ئۇچۇپ چۈشۈپ ئىنسان تىلىدا سۆزلىدى:

— ئەي ئادەمزات، بىزدىن خەۋپسىرىمە، بەلكى بىز سەندىن قورقۇپ تۇرىمىز، چۈنكى قىلىچىڭدىن ئەجەل ۋەهىمىسى ياغىدۇ، ساڭا بىر تىلىكىمىز بار، ئىجازەت قىلساڭ بايان قىلسام. شاهزادە ئەنۋەر دېدى:

— قېنى بايان قىلغىن. قوش باشلىق قۇش دېدى:

— قوينۇڭدا بىر ئانار باردۇر هەممە كېسەلگە شىپالىق خاسىيەتلىك بىر مېۋىدۇر، ئۆزۈڭدىن بېرى ئۇنىڭغا موهتاج ئىدۇق، شۇنى بىزگە بەرسەڭ، كېسەل ئازابىدا قالغان چۈجىلىرىمىز بۇ ئىلتىپاتىڭ بىرلە كېسەلدىن ساقىت بولسا، ياخشىلى-

قىڭدىن بىياد مىننەتدار ئىدۇق. شاھزادە ئەنۋەر سورىدى:
— نى سەۋەبتىن زاھىتنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن سورىماي مەندىن سورايسەن؟
— ئۇ بىزدەك يىرتقۇچلاردىن بىزار، — دېدى قۇش، — بىز دېۋە - پەرىلەر، جادۇگەرلەردىن قورقمايمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ سېھرىي - ئەپسۇنلىرى جانىۋارلارغا كار قىلماس، ئەمما زاھىت بولسا كارامەتلىك ئەۋلىيا، ئۇنىڭغا يېقىن يولاش ھەددىمىز ئەمەس، جۇپتى ھالالىم پەرزەنت دەردىدە كۆپ-تىن بېرى ئۇل تەرەپتە ماراپ يۈرەر ئىدى، «پىكرى زاھىت ئاندىن يىراقلاشسا، ئاناردىن ئېلىپ قاچسام» دەپ. ئەمما بۇنداق پۇرسەت بولمىدى، ئۇ شۇنداق پايلاپ يۈرۈپ، ساڭا ئانار بەرگىنىنى كۆرۈپتۇ، بىراق قىلىچىڭدىن ئۈركۈپ نائۈمىد قالدى. سەندىنمۇ ئانارنى ئېلىشقا قۇربىتىم بولمىغاچقا نائىلاج ئالدىڭغا يېلىنىپ كەلدىم. مېھىر - شەپقىتىڭدىن قۇرۇق قالدۇرمىساڭ.
— ئەي قۇش باشلىق مەخلۇق، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر، — ئانارنى سەندىن ئايىماسمەن، ئەمما ماڭا دېۋىلەر شاھى بۇيرۇغان ئېسىللىقتا تەڭداشسىز گۆھەردىن خەۋەر بەرگىن، قاناتلىق بولغىنىڭ ئۈچۈن سەن بارالمايدىغان ھېچ يەر يوق، گۆھەر قايدىن تېپىلار؟ قوش باشلىق قۇش دېدى:
— بىلمەكچى بولغىنىڭ شۇ بولسا ئىش ئاسان، مەن سېنى شۇ يەرنىڭ ئۈزىگىلا ئېلىپ باراي ئەمما ئاگاھ بولكى ئۇ يەردىن گۆھەرگە ئېرىشمىكىڭ بەد خىيالدۇر.
— بارغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى ماڭا قويغىن، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر، — مېنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارساڭلا بولدى.
قۇش خۇرسەن بولۇپ، شاھزادە ئەنۋەرنى ئۈستىگە ئالدى، ئاندىن ئاسمانغا پەرۋاز قىلىپ، بۇلۇت - تۇمانلارنى دولقۇنلىتىپ ئۇچۇپ كەتتى، شاھزادە ئەنۋەر ئۇنىڭ پەيلىرى ئارىسىغا

چۈكتى.

قۇش ئۇنى ھەيۋەتلىك دولقۇنلار، كۆۋەجەپ تۇرغان بىر دېڭىز بويىغا يەتكۈزدى، شاھزادە ئەنۋەر يەرگە چۈشۈپ، ئانارنى قۇشقا بېرىپ شۇنداق دېدى:

— ئەمدى ئىشىڭ تامام، يولۇڭغا كېتىۋەرگىن. قۇش مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ دېدى:

— دېڭىز ئاستى گۆھەر كاندۇر ئەمما مەيلى پەرى، مەيلى دىۋىلەر ئۈچۈن بولسۇن ئاستىغا چۈشۈشكە ئىمكان يوق، سەن بىيار ئېھتىيات قىل.

شۇ سۆزدىن كېيىن قۇش ئۇچۇپ كەتتى، شاھزادە ئەنۋەر دېڭىز بويىدا تەنھا قالدى، نېمە قىلىشنى بىلمىدى. دېڭىزدىن بولسا قورقۇنچلۇق سۇ مەخلۇقلىرى ئوخچۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا خىرىس قىلىشقا باشلىدى. شاھزادە ئەنۋەر ئاخىر ئاق بېلىقنى ئەسلىدى ـ دە، — يا ئاق بېلىق دوستۇم قايداسەن؟ — دەپ خىتاب قىلدى.

ئەمما، كېلىشىدىن نائۇمىد ئىدى.

ئاندىن بىر جايدا ئولتۇرۇپ كۈتتى، بىر ۋاقىتلاردا دېڭىز سۈيى قايناپ ، قايناىدىن ئاق بېلىق كۆتۈرۈلۈپ چىقتى.

شاھزادە ئەنۋەر خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتقۇدەك بولدى.

ئاق بېلىق قىرغاققا بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەي دوستۇم، ئەپۇ قىلغىن، ئارىمىز يۈز يىللىق مۇساپە ئىكەن، كېچىكىپ سېنى غەمدە قويدۇم، سېنى بۇ دىيارغا كېلىپ بولغاندۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم.

شاھزادە ئەنۋەر دېڭىز بويىغا يېقىنلاپ، ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە سۆيۈپ تۇرۇپ دېدىكى:

— ئەي جان ـ جىگىرىم، ھېلىھەم كېچىكمىدىڭ، نائۇمىد قىلماي كەلگىنىڭدىن ئالەمچە شادمەن، بىر مۇشكۇلاتقا دۇچ

كەلگەنىدىم، شۇنى ئاسان قىلالارمىكىن دېگەنىدىم.

— قېنى ئېيتقىن، — دېدى ئاق بېلىق، — بار - يوقىم ھەممىسى خىزمىتىڭگە بېغىشلانغان.

شاھزادە ئەنۋەر دېۋىلەر شاھىنىڭ شەرتىنى بايان قىلدى، ئاق بېلىق دېدىكى:

— دېڭىز ئاستىغا شۇڭغۇپ گۆھەر ئىزدەش مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئەمما دېڭىزغا چۆكسەم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يىرتقۇچلارغا دۇچ كېلەرمەن، ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ تۇرۇپ، ھېچ نەرسىگە ئېرىشكىلى بولماس، قاراپ تۇرغۇنكى دېڭىزنىڭ رەڭگى قارا بولسا «جەڭگە چۈشۈپتۇ» دەپ بىل، يېشىل رەڭدە بولسا «مېنى غالىب بوپتۇ» دەپ بىل قىزىلغا بويالسا «مېنى ئۆلدى» دەپ بىل، ئەلۋەتتە، غالىب بولسام مەقسەت گۆھىرى قولۇڭغا تېگىدۇ، ناۋادا تەلىيىمىز كاج كېلىپ، جاندىن جۇدا بولسام يارامسىزلىقىمنى ئەپۇ قىلىپ، باشقا تەدبىر قىلۇرسەن.

شۇ سۆزدىن كېيىنلا دېڭىزغا چۆكتى، شاھزادە ئەنۋەر ئۇنىڭدىن غەم قىلىپ، تىپىرلاپ قالدى.

بىر چاغلاردا دېڭىز ئاسمان - پەلەك داۋالغۇپ، دولقۇنلاپ قايناپ - تاشقىنلاپ قارىداپ كەتتى، شاھزادە ئەنۋەر جەڭگى - جېدەل باشلانغىنىنى بىلدى، ئاق بېلىقنىڭ غېمىدە يۈرىكى سۇ بولدى، ھەقتەئەلاغا تىۋىنىپ، ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلىدى.

يەنە بىر چاغلاردا دېڭىزدا گۈل بەرگىدەك قىزىل داغلار لەيلەپ چىقىشقا باشلىدى، شاھزادە ئەنۋەر قايغۇ - نادامەتكە چۈشۈپ، كۆز ياشلىرى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلدى.

شۇ چاغدا قۇلاق تۈۋىدە بىر سادا ياڭرىدى:

— بىر پارچە گۆشۈڭنى كېسىپ دېڭىزغا تاشلا، — دەپ.

شاھزادە ئەنۋەر دەرھال بىر پارچىقىدىن بىر پارچە گۆشنى شىلىپ دېڭىزغا تاشلىدى، ھايالسىز تاغدەك زور بەتبەشىرە

مەخلۇقاتلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، كىچىككىنە بىر پارچە گۆشنى تالىشىشقا چۈشتى، بىر - بىرىگە زەخىم يەتكۈزۈشتى، بەزىلىرى يارىدار بولدى، بەزىلىرى يەنە بەزىلىرىگە يەم بولدى، شۇ ۋاقىت ئاق بېلىق پۈتۈن ۋۇجۇدى جاراھەتكە تولغان ھالىتىدە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم ياسىدى. بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ زەئىپلەشكەن سۇ مەخلۇقاتلىرى دەرھال ھەر تەرەپكە قېچىشتى.

ئاق بېلىق يەنە دېڭىزغا چۆكتى، ئارىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتتى، شاھزادە ئەنۋەر ئۈمىد رىشتىسىنى ئۈزەي دېگەندە ئاق بېلىق يەنە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، ئاغزىدا مىسلى بىر قۇياشنى چىشلەپ چىققانچە بىر ھالەتتە ئىدى، ئاجايىپ روھ ۋە قۇياشتىن نۇرلۇق بىر مەرۋايىتنى ئېلىپ چىققانىدى.

شاھزادە ئەنۋەر دەرھال ئاق بېلىققا تاشلاندى، باش - كۆزىنى سىلاپ، كۆز - ياشلىرىنى راۋان قىلدى، تۆكۈلگەن كۆز يېشى ئاق بېلىقنىڭ جاراھەتلىرىگە شىپا بولدى، ئاق بېلىق مۆجىزىدەك بارچە جاراھەتلىرىدىن پاكلىنىپ، ئەسلى ھالىتىگە كەلدى، ئۇنىڭغا قىلچىلىك زەخىم يەتمىگەندەك بولدى.

— ئەي جان - جىگىرىم، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر، — سېنى بۇ قىيىن ئىشقا بۇيرۇغىنىمدىن كۆپ پۇشايماندا ئىدىم، ئاللاغا يۈز مىڭ شۇكۇركى ئاخىر تىنچ - ئامان قايتىپ كەلدىڭ ۋە مەقسەت گۆھىرىنى ئېلىپ چىقتىڭ. يۈز تىلىم بولسىمۇ ساڭا مىننەتدارلىق ئېيتىشقا ئازلىق قىلار. ساڭا كۆپ قەرزدارمەن.

— دوستلۇق رىشتىمىز باغلىنىپ، سەن ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىم پەقەت شۇدۇر، — دېدى ئاق بېلىق، — مادارىم يەتمەي ھۆددىسىدىن چىقالمىغىلى تاسلا قالدىم، قىلغان مەدەتكارلىقىڭ بولمىسا تىرىك چىقارغا كۆزۈم يەتمىگەنىدى. مىننەتدارلىقىڭ ھاجەتسىزدۇر. سەنمۇ كۆپ ئازاب چەكتىڭ، يەنە خىزمەت بولسا جان - دىل بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن.

— ئەمدى ئارام ئالغىن، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر، — ھاجىتىم چۈشسە سېنى چاقىرىمەن، ئەمدى گۆھەرنى دىۋىلەر شاھىغا تاپشۇراي، ئاندىن باشقا ئىشلىرىمغا مەشغۇل بولاي، ئۆزۈڭنى كۆپ ئاسرىغىن، ساقلىنىقىڭ مەن ئۈچۈن بەخت سائادەت-تۇر.

ئاق بېلىق خەيرلىشىپ دېڭىزغا چۆكتى ۋە تېزلا غايىب بولدى، شۇ ۋاقىت قوش باشلىق قۇش پەيدا بولۇپ دېدىكى:

— ئەي ئادەمزات ئەجەب مەرد مېھرىبان ئىكەنسەن، سادا-قەت ۋاپادارلىق بابىدا كامىل ئىكەنسەن. شاھزادە ئەنۋەر سورى-دى:

— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرگەنىدىڭ؟

— ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ھالىڭدىن خەۋەر ئالغىلى كەلگەنىدىم، قارىسام ئاق بېلىق خىزمىتىڭگە ھازىر تۇرۇپتۇ ئەمما دېڭىز مەخلۇقاتلىرى جېڭىدە ئاجىز كەلدى، ئۇل مەخلۇقاتلار-نىڭ زورلۇقى ۋە كۈچ قۇۋۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولماس ئىدى ئەمما ئۇلارنىڭ بىر ئاجىزلىقى ئادەم گۆشىنىڭ ھىدىنى ئالسا مىڭ يىللىق يىراقتا بولسىمۇ ۋە ھەرقانچە زور ئولجىسى بولسىمۇ تاشلاپ ئېتىلار ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ساڭا خىتاب قىلدىم، «بىر پارچە گۆشۈڭنى كېسىپ تاشلا» ، — دەپ. ئاندىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى تاماشا قىلىپ يۈردۈم.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇنىڭ يول كۆرسەتكىنىگە تەشەككۇر ئېيت-تى، ئاندىن دىۋىنىڭ چېچىنى ئېلىپ ئىككى تاشنى ئۇرۇپ چىقارغان ئوتتا كۆيدۈردى، قۇش خەيرلىشىپ كېتىپ قالدى، ھايالسىزلا دىۋىلەر شاھى ھازىر بولدى، گۆھەرنى كۆرۈپ گۇل-قەقەلىرى ئېچىلدى. دەرھال بىر قولىدا گۆھەرنى بىر قولىدا شاھزادە ئەنۋەرنى قولتۇقلاپ كۆتۈرۈپ، كۆككە پەرۋاز قىلدى، بىر چاغلاردا غار ئالدىغا چۈشتى، دىۋىلەر ئۆز شاھىنىڭ قولىدى-كى مەرۋايىتنى كۆرۈپ تەنتەنە قىلىشتى، شاھزادە ئەنۋەرنىڭ

شەرىپىگە زىياپەت راسلاشتى. زىياپەتتىن كېيىن شاھزادە ئەن-ۋەر:

— ئەي بۈيۈك شاھ ئالىيلىرى، — دېدى دىۋىلەر شاھىغا يۈزلىنىپ، — ئەمدى مېنى توغرا يولغا سېلىپ خۇرسەن قىلساڭ.

— ئەي ئادەمزاتنىڭ مەرد باھادىرى، — دېدى دىۋىلەر شاھى، — ئاجايىپ ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن يارالغانىكەنسەن، ئەمدىكى سەپىرىڭ تېخىمۇ مۇشكۇل ۋە خەتەرلىك لېكىن يەنىلا مەنزىلگە يېتىشىڭدىن ئۈمىدۋارمەن، سۆزۈمگە قۇلاق سالغىن، بۇ يەردىن چىقىپ كۈنپېتىش تەرەپكە مېڭىۋەرسەڭ ئاق تېغىغا يېتەرسەن، تاغ ئۈستىدە بىر قەلئە بار. جادۇگەر شاھناز پەرد-نىڭ ماكانىدۇر. ئاندا بېرىپ شاھناز پەرىگە قىلىچىڭ بىرلە تەھدىت قىلساڭ سېنى كوھى گۆھەرىستاندىن خەۋەردار قىلۇر ئەمما تۇتەكتىن ھاسىل بولغان ساھىبجامال ھەققىدە بولسا مەنمۇ ۋە شاھناز پەرىمۇ ھېچ نەرسە بىلمەسمىز، ئېھتىمال كېيىنكى سەپەرىڭدە بىلىدىغان بىرەرى يولۇقسا ئەجەب ئەمەس، بىلىدىغى-نىم شۇدۇر.

شاھزادە ئەنۋەر دىۋىلەر شاھى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقماق بولدى. دىۋىلەر شاھى دەرھال بىر ئالتۇن تەخت ھازىر-لاپ ئۇنى تەختكە چىقىشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن تۆت زەبەر-دەست دىۋىگە بۇيرۇدىكى:

— بېرىشقا قۇربىتىڭلار يەتكەن جايغىچە يەتكۈزۈپ قو-يۇڭلار، — دەپ.

دىۋىلەر دەرھال تەختنى تۆت بۇرجىكىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ كۆككە كۆتۈرۈلدى، كۈنپېتىش تەرەپكە پەرۋاز قىلدى، نەچچە كۈنلەر ئۆتتى، ئاجايىپ - غارايىپ جاندارلار مىغىلداپ يۈرگەن جايلار ۋە ئاپئاق ئۈستىخان - ئىسكىلىتلار دۆۋىلىشىپ چېلىقىپ ياتقان جەزىرىلەردىن ھالقىدى. ئاخىر بىر جايغا بېرىپ قوندى-

دە، شاھزادە ئەنۋەرگە ئۆزرە ئېيتتى:

— ئەمدى بىزگە بۇنىڭدىن نېرى بېرىش خەتەرلىك، ئىجازەت قىلساڭ، تىنچ - ئامان قايتىۋالساق.

شاھزادە ئەنۋەر ئىجازەت قىلدى، ئۇلار كەينىگە ياندى، شاھزادە ئەنۋەر كۆزلىگەن تەرەپكە راۋان بولدى ئەمما ماڭغانسېرى يەر يۈزىنىڭ قىزىپ بېرىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى، يەنە بىر مەنزىل يۈرۈپ، تاپانلىرى كۆيدى، ماڭارغا ئىمكانى بولماي تىپىرلاپ قالدى، ئاخىر خىتاب قىلدى:

— يا دوستۇم سۇمۇرغ قايداسەن؟ — دەپ.

بىر ۋاقىتلار قىزىپ ھالىدىن كېتىپ يىقىلاي دېگەندە بۇلۇت - تۇمانلار دولقۇنلاپ سۇمۇرغ يېتىپ كەلدى، يەرگە قونۇپلا دېدى:

— ئارىلىق يۈز يىللىق مۇساپە ئىكەن، چاقىرغان ھامان ئالدىڭغا ھازىر بولالمىدىم، ئەپۇ قىلارسەن.

شاھزادە ئەنۋەر خۇرسەن بولۇپ، سۇمۇرغنىڭ بوينىغا ئېسىلغانچە ئۆز ھالىنى بايان قىلدى، سۇمۇرغ ئۇنى ئۈستىگە ئېلىپ كۆككە پەرۋاز قىلدى، ئالەم - جاھان بارغانسېرى قىزىپ بارار ئىدى، شاھزادە ئەنۋەر قانچىلىغان ئۇچار - قاناتلارنىڭ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپلا ئۆتلىنىپ، يەرگە موللاق ئېتىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى، ۋەھىمىگە چۆمدى، يەنە بىر چاغلار يالقۇنلىرى پەلەكنى سۆيۈپ تۇرغان ئوت بەلۋېغىغا دۇچ كەلدى، سۇمۇرغ زور غەيرەت بىلەن ئېگىز ئۆرلەپ ئۇچۇپ ئاخىر ئوت بەلۋېغىدىنمۇ تىنچ - ئامان ھالقىدى - دە، بىر چىمەنزارغا يەتكەندە تۆۋەنلەپ قوندى ئەمما شاھزادە ئەنۋەر سۇمۇرغنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپلا يىقىلدى، سەۋەبكى پاچىقىدىكى كېسىلگەن جاراھەت ۋە تاپىنىدىكى كۆيۈك يارىسى ھالسىزلاندۇرغانىدى.

سۇمۇرغ ئۇنى بىرلا چوقۇدى، بىر تال دانىنى يۇتقاندەك يۇتۇۋەتتى، ئاندىن يەنە مۆجىزىدەك ياندۇردى، شاھزادە ئەنۋەر

ساق ـ سالامەت ۋە كۆچ ـ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان هالدا يەرگە چۈشتى. سۇمۇرغ دېدى:

— ئەي ئەزىزىم، يەنە كېرەك بولسام چاقىرارسەن، ئەمدى ماكانىمغا قايتىشقا رۇخسەت قىل.

شاهزادە ئەنۋەر كۆپ تەشەككۇر ئىزهار قىلىپ، ئاق يول تىلەپ قالدى. سۇمۇرغ كۆككە پەرۋاز قىلدى، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلا غايىب بولدى، شاهزادە ئەنۋەر يولنى داۋام قىلدى.

كۆپ ۋاقىتلار يۈردى، بىر گۈلىستانغا يەتتى، هەر گۈل شاخىدا ئونلاپ غۇنچە پورەكلەپ تۇرغان، رەڭدارلىقى ۋە خۇشبۇيلۇقتا تەڭداشسىز.

شاهزادە ئەنۋەر سەيلە ـ تاماشا قىلىپ يۈرۈپ بىر تەختكە دۇچ كەلدى. ئۇ زەر ۋە گۆهەردىن ياسالغان، ئۈستىدە قاردەك ئاق ۋە نۇرلۇق بىر يىلان توقىچاق بولۇپ ئۇخلاپ ياتقانىدى. تەخت ئەتراپىدا هەم يۈزلىگەن خىلمۇخىل رەڭلىك يىلانلار ئۇخلاپ ياتار ئىدى.

شاهزادە ئەنۋەر خەۋپسىرەپ ئۆزىنى ياقىغا ئالماق بولغاندى، دىققەتسىزلىكىدىن گۈل تۈۋىدە ياتقان بىر يىلاننىڭ قۇيرۇقىغا دەسسىۋالدى، شۇ هامان يىلان بىر يۇمىلاپلا ساهىبجامال پەرىگە ئايلاندى ـ دە، چۇقان كۆتۈردى:

— ئەي هەمشىرىلەر، تۇرۇڭلار، ئارىمىزدا يات جىنسلىق بىرى تۇرۇپتۇ.

شۇ هامان يىلانلار ئۇيقۇدىن بىدار بولۇشۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن پەرىلەرگە ئايلاندى ۋە شاهزادە ئەنۋەرنى ئورىۋالدى، تەخت ئۈستىدە ياتقان ئاق يىلان هەم بىر تولغىنىپلا ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك گۈزەل بىر نازىنىنغا ئايلاندى ـ دە، قەهر- غەزەپ چۈمپەردىسىگە ئورىنىپ توۋلىدى:

— ئارامىمىزنى بۇزۇپ، ئارامگاهىمىزغا قەدەم بېسىشقا پېتىنغان بەتبەختنى ئالدىمغا هازىر قىلىڭلار.

پەرىلەر شاھزادە ئەنۋەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا توغرا قىلدى، شاھزادە ئەنۋەر ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى، ئۇنىڭ ئافتابى تەلئەت، خۇش سۇرەت، خۇش قامەتلىكىنى كۆرگەن پەرىزاتنىڭ جامالى قۇياشتەك ئېچىلىپ، گۈلدەك رەڭلىنىپ، غەزەپ چۇمپەردىسى غايىب بولدى - دە، سورىدى:

— پەرىشتىمۇسىز يا پەرىمۇ سىز ياكى جەننەتتىن چىققان ھۆر- غۇلمانمۇ سىز؟ بۇ يەرگە قانداق قىسمەتلەر شامىلىدا ئۇچۇپ كەلدىڭىز؟

شاھزادە ئەنۋەر ئادەمزات ئېلىدىن كەلگىنى ۋە كوھى گۆھەرىستاننى ئىزدەپ كېتىپ بارغىنىنى بايان قىلدى، پەرىزات ئاڭلاپ، دىلىدا ئىشق - مۇھەببىتى جۇش ئۇرۇپ دېدىكى:

— ئاجايىپ باھادىر. شىر يۈرەك ئەزىمەت ئىكەنسىز، ئاۋۋال داستىخىنىمغا داخىل بولۇڭ، نازۇ نېمەتلىرىدىن بەھرە ئېلىڭ، ئاندىن سىزنى يولغا سالايلى.

شاھزادە ئەنۋەر ماقۇللۇق بىلدۈردى، شۇ ھامان پەرىلەر كاتتا سورۇن تۈزۈپ، تۈرلۈك - تۈمەن خىل نازۇ نېمەتلەرنى مول قىلدى، بىللۇر، خۇمىرلاردا ياقۇت رەڭلىك، زۇمرەتتەك جىلۋىلىك شارابلارنى كەلتۈرۈپ، خرۇستال قەدەھلەرگە تولدۇردى ئەمما شاھزادە ئەنۋەرگە مېھماندارچىلىق ياقمىدى، نە پەرىزاتنىڭ جىلۋە - نازلىرى تەسىر قىلمىدى، نە نېمەتلىرى تېتىمىدى، ئەس - يادى بۇ يەردىن كېتىۋېلىشتا قالدى چۈنكى يۈرىكى بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ قالغاندەكلا ئىدى.

پەرىزات ناز - كەرەشمە بىلەن بىر زۇمرەت جامغا شاراب تولدۇرۇپ شاھزادە ئەنۋەرگە تۇتتى ئەمما شاھزادە ئەنۋەرگە جامدىكى شاراب ئەمەس، قاندەك كۆرۈنۈپ كۆڭلى تارتمىدى، پەرىزات بولسا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشقا كۆپ ھەرىكەت قىلدى، ئاخىر شاھزادە ئەنۋەر ئۇنىڭ زورى بىلەن شارابتىن بىرلا ئوتلى-

دى، شۇ ھامان بېشى قېيىپ كۆزلىرى تورلىشىپ، ئولتۇرغان يېرىگىلا قىڭغايدى، كېيىن نى ئىشلار بولغىنىنى سەزمىدى.
بىر ۋاقىتلار كۆردىكى قول - پۇتلىرى زەنجىر بەند بولۇپ- تۇ، مىدىرلاشقا ئىمكانى يوق، شۇ چاغ ئاق يىلاندىن ئۆزگەرگەن پەرى باشقا پەرىلەر بىلەن بىللە يېتىپ كەلدى ۋە دېدىكى:
— ئەي ئادەمزات، ئاتەش بەلۋىغىدىن ھالقىپ ئۆز ئايىغىڭ بىلەن يېتىپ كەلدىڭ، خۇش سۇرەت، خۇش قامەتلىكىڭنى دېمىسەم ئاللىبۇرۇن قېنىڭنى شاراب ئورنىدا ئىچىپ، گۆشۇڭ- نى قازىنىمدا قاينىتار ئىدىم. چۈنكى بۇ ئىقلىمدا ئادەم گۆشى- نىڭ بىر بۇردىسىمۇ يۈزمىڭ سەر ئالتۇنغا تېپىلماس دورىلىق- تۇر. ئەمما، شۇنچە ياخشى كۆتۈپمۇ مۇزدەك يۈرىكىڭنى ئېرد- تەلمىدىم، ئايدەك جامالىمغا رام قىلالمىدىم، قېنى جاۋاب بەر- گىن، كۆھى گۆھەرىستاندا نېمە ئىشىڭ بار ئىدى. نېمە سەۋەب- تىن ماڭا ئىلتىپات قىلمايسەن.
— ئەي ئاق يىلان پەرى، — دېدى شاھزادە ئەنىۋەر غەزەبلىنىپ، — سىرىمنى ساڭا ئاشكارا قىلماسمەن ھەم ساڭا قىلچە مەيلىمنى بەرمەسمەن، يىلان ھالىتىڭنى كۆرگەندىلا سەسكىنىپ كەتكەنىدىم، كېيىن داستىخىنىڭدا ئولتۇرغان بىلەن يېگەن - ئىچكىنىم زەھەر بىلىنىدى، ماقۇللۇق بىلدۇرگىنىم ئۈچۈن دىلىمدا پۇشايمان ئوتى يېلىنجىدى. تۇتقان شارابىڭ قاندەك كۆرۈندى، ئايدەك رۇخسارىڭ ئاستىغا بىر شۇملۇق پىنـ- ھان بولغىنىنى ھېس قىلدىم ئەمما ئاشكارا دۈشمەنلىك قىلمىغى- نىڭ ئۈچۈن ساڭا قاتتىقلىق قىلالمىدىم ۋە بۇ ھالغا چۈشتۇم.
ئاق يىلان پەرى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ دېدىكى:
— كۆزۈڭ ئۆتكۈر، دىلىڭ تۈيغۇن ئىكەن. قىلغان سۆز- لىرىڭ يۈرىكىمگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى، شۇنداقتىمۇ تىغىم- نى قېنىڭ بىلەن بويىغۇم يوق. ئاندىن ئۇ پەرىلەرگە ئەمر قىلدى:

— ئول ئادەمزاتنى زەر قەپەسكە سېلىڭلار، تەختى پايەم ئۈستىگە ئېسىڭلار، ھەر ۋاقىت ئافتابى تەلئەتىدىن بولسىمۇ ھوزۇر ئالارمىز.

كېنىزەك پەرىلەر دەرھال شادلىرى بىلەكتەك توملۇقتا زەر قەپەس ھازىرلاپ شاھزادە ئەنۋەرنى ئىچىگە تاشلىدى ۋە تەخت ئۈستىگە سايە سالغان بىر توپ يوغان دەرەخنىڭ مەزمۇت بىر شېخىغا ئاستى، ئاندىن ھەممىسى يىلان سۈرىتىگە كەلدى.

ئارىدا نەچچە كۈنلەر ئۆتتى، شاھزادە ئەنۋەرگە قۇتۇلۇشقا ئامال بولمىدى، ھەر كۈنى يىلانلارنىڭ قان ۋە زەرداب سۈمۈرۈپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئارىدىن توققۇز كۈن ئۆتتى، يىلانلاردىن بىرى قالماي قاياققىدۇر كېتىپ قالدى، گۈلىستان خالىي قالدى، شاھزادە ئەنۋەر سۈمۈرغنى سېغىنىپ خىتاب قىلدى:

— يا دوستۇم سۈمۈرغ قايداسەن، — دەپ.

ھايالسىز سۈمۈرغ گۈلىستانغا ھازىر بولدى، شاھزادە ئەنۋەرنى قەپەستە كۆرۈپ، قەپەسنى قانىتى بىلەن ئۇردى، شاھزادە ئەنۋەر تۇتقۇندىن خالاس بولدى، قەپەس پارە - پارە بولۇپ ھەر تەرەپكە سۇنۇقلىرى چېچىلدى، ئاندىن سۈمۈرغ كۆپ ئېھتىيات قىلىشنى جېكىلەپ يولىغا راۋان بولدى.

شاھزادە ئەنۋەر ئىزدەپ يۈرۈپ، پەرىلەر تارتىۋالغان قىلىچىنى تاپتى، گۈلىستاندىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى، نەچچە ۋاقىت يول يۈردى، ھېسابسىز يىلانلارغا دۇچ كەلدى، يىلانلار ئۇنى كۆرۈپلا ئەجدىھاغا ئايلىنىپ ھۇجۇم قىلدى، شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ھەر ئۇرۇشىدا بىردىن جەھەننەمگە يوللاۋەردى، ئاقىۋەت قىلىچ زەربىسىگە تاقابىل كېلەلمىگەن ئەجدىھالار چېكىنىپ پەرىلەرگە ئايلاندى، ئارىدا ئاق يىلان پەرى يول باشچى ئىدى.

قولىغا بىر جام سۇ ئېلىپ ئەپسۇن ئوقۇپ، شاھزادە ئەنـ

ۋەرگە چاچتى ئەمما كار قىلمىدى، ئاق يىلان پەرى سېھرىي-ئەپسۇنلىرى كار قىلماسلىقىنى بىلىپ نائىلاج سۇلھى يولىنى تۇتۇشقا يۈزلىنىپ دېدىكى:

— ئەي ئادەمزات، ئاجايىپ كارامەتلىك ئىكەنسەن، ساڭا تاقابىل كەلمەككە ئامالسىز قالدۇق، ئەمما ساڭمۇ بىزنى قى-رىپ تۈگىتىش نېسىپ بولماس، خالىساق ھازىرلا كۆزۈڭدىن غايىب بولىمىز، سۇلھى قىلايلى، بىر - بىرىمىزگە دەخلىمىز يەتمىسۇن.

— ماڭا سۇلھى ھاجەتسىز، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر غەزەپ بىلەن، — يولۇمنى بوشات، سەنلەرگە ئەمدى دەخلى قىلماسمەن ئەمما يەنە قىلچە بەتنىيەت بارلىقىنى سېزىپ قالسام جەھەننەم سەپىرىگە يوللايمەن.

ئاق يىلان پەرى دېدى:

— يولۇڭ داغدام ئوچۇق، خاتىرجەم كېتىۋەرسەڭ بولى-دۇ، ئەمما شۇنى بىلگۈم كېلەركى، شۇنچە رەنجى - مۇشەققەت-لەر تارتىپ قايان بارارسەن؟ بۇ تەرەپتە كوھى گۆھەرىستان بارلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىمىغۇ؟

— ھازىر قاف تېغىغا بارىمەن، — دېدى شاھزادە ئەن-ۋەر.

— ئەي ئادەمزات، — دېدى ئاق يىلان پەرى قاقاقلاپ كۈلۈپ، — سەپىرىڭ قۇتلۇق بولسۇن، قاف تېغى جادۇگەر شاھناز پەرىنىڭ جايىدۇر، مېنى گۈلناز پەرى دەرلەر، شاھناز پەرى بولسا ئاتا بىر ھەمشىرەمدۇر، ھەر ئىككىمىز بىر يىگىتكە ئاشىق بىقارار ئىدۇق، شۇ سەۋەبلىك ئارىمىزغا ئاداۋەت ئۇرۇقى تېرىلدى، ئاقىۋەت شاھناز پەرى سېھرىي - ئەپسۇنگەرلىك بىلەن مەن ۋە كېنىزەكلىرىمنى يىلان سۈرىتىگە كىرگۈزدى، كۈنىنىڭ ئۈچتىن بىرىدە ئەسلى سىياقىمىزدا بولساق، ئۈچتىن ئىككى قىسمىدا يىلان ھالىتىدە يۈرەرمىز. قان - زەرداب ئوزۇقىمىز

بولغاچ، ھېسابسىز جاندار بىزدىن ئازار يېدى، ئاندا بارساڭ ئۇنىڭ قولىدا يىلان سۈرەتلىك بىر ھاسا بار، ئىمكان بولسا سۇندۇرۇپ تاشلىساڭ، بىزگە نىجاتلىق يەتكۈزەر ئىدىڭ. بىز ھەم يامانلىقتىن قول يۇيار ئىدۇق. شاھزادە ئەنۋەر دېدى:

— ياخشى ئىشلار تەۋسىيە قىلىنسا جان - دىلىم بىلەن قوبۇل قىلارمەن، ئاندا بارسام تىلىكىڭ ئەلۋەتتە ئورۇندالغۇسى.

ئانداق بولسا مۇشۇ تەرەپكە كېتىۋەرگىن، — دېدى ئاق يىلان پەرى خۇشنۇد بولۇپ، — ئەمما كۇندۇزى ئۇخلاپ، كېچىسى يۈرگىن، نى سۈرەتلىك مەخلۇقات ئۇچرىسا ئامانلىق بەرمەي ئىككى پارە قىلغىن، شۇنداق قىلساڭ شاھناز پەرى كېلىۋاتقىنىڭدىن خەۋەر تاپالماي غەپلەتتە قالار، ئاخىر ئەسىرىڭ بولار، ئەكسىچە بولسا ئۇنىڭ ئىزىنىمۇ كۆرەلمەيسەن، ئەجرىڭ بىكار كەتكۈسى.

شاھزادە ئەنۋەر ئاق يىلان پەرىنىڭ سۆز دۇردانىلىرىنى دىل ساندۇقىغا قاچىلاپ يولغا راۋان بولدى، گۈلناز پەرى ئۇنى ئۆز تەۋەسى چېگرىسىغىچە ئۇزىتىپ بېرىپ غايىب بولدى.

شاھزادە ئەنۋەر تۈن كىرگۈچە سەۋر قىلدى، ئاندىن يولىنى داۋام قىلدى، ئالدىغا ئاجايىپ خۇش سۈرەت بىر بۇغا ئۇچرىدى، مۈڭگۈزى زۇمرەتتىن، تۇياقلىرى ئالتۇندىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى قاردەك ئاق ۋە پارقىراق ئىدى، تىنماي ئويناقلاپ تۇرار ئىدى. شاھزادە ئەنۋەرنى كۆرۈپلا قاچماققا ئۇرۇندى، شاھزادە ئەنۋەر گۈلناز پەرىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ قىلىچ ئۇردى، بۇغا ئىككى پارە بولدى، بىر تۈتۈنگە ئايلىنىپ غايىب بولدى.

يەنە بىر چاغلار ئالدىغا بىر توشقان دۇچ كەلدى، كۆزلىرى چىراغدەك نۇرلىنىپ، موي‌لىرى ئالتۇندەك ۋالىلداپ تۇرغان، ئۇنىمۇ ئىككى پارە قىلدى، تۈتۈن بولۇپ يوقالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇچرىغانلا مەخلۇقنى ئامانلىق بەرمەي پارلاپ ماڭدى،

ئاخىر بىر ئېگىز تاغ باغرىغا يەتتى، تاغ ئۈستىدە گۈللەر چاقپە-
لەكتەك يوغان پورەكلەپ ئېچىلغان، ئۈستىدە ئادەمدەك يوغان
ھەسەل ھەرىلىرى ئۇچۇپ يۈرگەندى، تاغنىڭ ھەربىر تېشى
بىرخىل رەڭدە جۇلالاپ تۇراتتى.

شاھزادە ئەنۋەر تاغ ئۈستىگە ئۆرلىدى، يولدا تاشقا ئايلانغان
دىۋە - پەرى ۋە جىنلارنىڭ سۈرىتى ئۇچرىدى، ھوشيارلىق
بىلەن ئەتراپقا نەزەر سالغاچ ئۆرلەپ ئاخىر تاغ ئۈستىگە يەتتى،
گۈللەر ئارىسىدا بىر يېشىل چىمەنزار ۋە چىمەنزاردا زۇمرەت
ياقۇتلاردىن يۇلتۇزدەك كۆپ كۆز قويۇپ زىنىنەتلەنگەن ۋە بىر
خىشى ئالتۇن بولسا، بىر خىشى كۈمۈشتىن بىر ئېسىل ئىما-
رەتنى كۆردى، ئىشىكىنى قاردەك ئاق ئەجدىھا ۋە شىرلار ساقلاپ
ياتقانىدى، شاھزادە ئەنۋەرنىڭ قىلىچىدىن ئۈركۈپ ھەر تەرەپكە
قاچتى، ئىشىك داغدام ئېچىلدى، شاھزادا ئەنۋەر بىمالال كى-
رىپ، بىر گۈل شەكلىدە ياسالغان، گۆھەر تاشلاردىن بېزەكلەن-
گەن زەر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان بەرنا يىگىتنى كۆردى، نۇر
ۋە گۈزەللىكتىن يۇغۇرۇلغاندەكلا ۋۇجۇد گۆھىرىنىڭ تەرىپىگە
تىل زەئىپ ۋە قەلەملەر ئاجىز ئىدى، كۆزلىرى ئويناپ چېھرى-
دىن قۇياشتەك پارلاق كۈلكە جىلۋىلەپ تۇرار ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر ئەدەپ بىلەن سالام بەردى ئەمما يىگىتتىن
جاۋاب بولمىدى، بەلكى قىلچە ھەرىكەت يوق ئىدى، ھەيرانلىق
چىشلىرىدا لەۋلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ يېقىنلاپ باردى. ئاخىر
سەزدىكى ئۇل خۇش سۈرەت بىر جانسىز ھەيكەلدۇر.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇنى ئاپىرىدە قىلغۇچىنىڭ ھۈنەر - سەن-
ئەتتىكى تالانتى ۋە كامالىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپ، يەنە بىر ھۇج-
رىغا كىردى، كۆردىكى قوش ئەجدىھا شەكىللىك ئالتۇن تەخت،
تەخت ئۈستىدە بىر ھۆر پەرى يېتىپتۇ، چۈمبىلى ئاستىدىكى
ھۆسن - جامالى نۇرلىنىپ تۇرغان.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇل ھۆر - پەرىگە قاراپ ئىختىيار تىزگى-

نىنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىگە مەھكەم بولۇش
كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

تەختكە يېقىنلىغانىدى، تەخت تىرىك ئەجدىھالارغا ئايلىنىپ
خىرىس قىلدى ئەمما ئۇرۇلغان قىلىچ ئىككى ئەجدىھانى تۆت پارە
قىلدى، شۇ ھامان ھۇجرا ئىچىنى بىر ئوت قاپلىدى، پەرىزات
مەست ئۇيقۇدىن بىدار بولدى ۋە غەزەپلىك توۋلىدى:

— ئەي ئادەمزات، خاس قەسرىمگە قانداق كىردىڭ؟
ئۇشبۇ تېغىمغا قەدەم باسقانلار قەسرىمگە كىرمەك تۇگۇل بوسۇ-
غامنى كۆرۈشكىمۇ مۇيەسسەر بولالماس ئىدى، سېھرىي - ئەپ-
سۇنلىرىم كۇچىدە ھەيكەلگە ئايلىنار ئىدى، ئەجەبكى دىۋە -
پەرى، جىنلارغا كۇرمىڭ بالالار سالغان تىلسىم - توسۇقلىرىم
ساڭا كار قىلماپتۇ بەلكى قولۇڭدا بەربات بولۇپتۇ.

— ئەي شاھناز پەرى، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر، —
قەسرىڭگە قانداق كىرگىنىم سىرىنى سورىما، ئېيتىپ بېرەل-
مەسمەن ئەمما كېلىشتىن مۇددىئايىم كوھى گۆھەرىستاندىن
خەۋەر ئالماق، مېنى شۇ مەنزىل يولىدىن خەۋەردار قىلساڭ
سېنى ئارامىڭدا قويۇپ، بۇ يەردىن كېتىمەن. شاھناز پەرى
دېدى:

— ئاجايىپ خۇش سۇرەت يىگىت ئىكەنسەن، ساڭا زەخىم
يەتكۈزمەككە قولۇم بارمىدى، كەل، بىزمۇ سۆھبەت قۇرايلى،
كوھى گۆھەرىستان ئەپسانىسىنى دىلىڭدىن چىقار، ھۆسن گۇل-
شەنىمدىن ھوزۇر ئال.

شۇنداق دەۋېتىپ ھۇجرا ئىچىدىكى ئوتنى سېھرى بىلەن
يوق قىلدى، چۇمبىلىنى قايرىدى، ئۇنىڭ ھۆسن قۇياشىدىن
تارالغان نۇر شاھزادە ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇردى، ۋۇ-
جۇد ئالتۇنى سىمابتەك ئېرىپ كېتەر ھالغا چۇشتى ئەمما ئۆزىگە
زور بىلەن رىغبەت بېرىپ دېدىكى:

— ئەي شاھناز پەرى، ھاجىتىمنى راۋا قىل، ئاندىن

يولۇمغا ماڭاي، ئارامىڭدا قال، ئەكسىچە مەندىن زور رەنجى-
بالا كۆرىسەن، سېنى كۆڭلۈم خالىماس.
شاھناز پەرى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ دېدىكى:
— ئەي نادان، مېنى كىم چاغلارسەن، قېنى كارامەت
كۆرسەت، بىر تال مويۇمغا كۈچۈڭ يەتسە ساڭا باش ئېگىمەن،
ئەكسىچە بېشىڭغا بالا تېغى يىقىلار.
شاھزادە ئەنۋەر قىلىچ سۇغۇردى، شاھناز پەرى يىلان سۈ-
رەتلىك بىر ھاسىنى قولىغا ئالدى، قىلىچ ئۇرۇلغان ھامان
زەردىن قۇيۇلغان ھاسىنى توغرا قىلدى ئەمما قىلىچ ھاسىنى
كېسىپ ئۆتۈپ بېرىپ، كاللا سويىمىسىنىمۇ تەن پېلىكىدىن
ئۈزدى. شاھزادە ئەنۋەر پۇشايمان نادامەتلەر چېكىپ تۇرار ئى-
دى، ئۈزۈلگەن كاللا يۇمىلاپ بېرىپ يىقىلغان تېنىگە ئۇلانماق
قىسمىتىگە چۈشتى، شاھزادە ئەنۋەر ھوشىنى يىغىپ دەرھال
ئۇنى تۇتۇۋالدى، ئاندىن شاھناز پەرىنىڭ كاللىسىدىن سادا كەل-
دى:
— ئەي ئادەمزات، كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق دەپ
سەندىن بۇ تەرىقىدە رەنجى - بالا كۆرەرىمنى ئويلىمىغانىدىم،
قىلىچىڭ ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىكەن، بولمىسا بېشىم ئەمەس
بىر تال مويۇممۇ كېسىلمەس ئىدى، ئەمدى جېنىمغا رەھىم
قىل، قانداقلا تەلىپىڭ بولسا بەجا كەلتۈرەي. شاھزادە ئەنۋەر
دېدى:
— ئاۋۋال كوھى گۆھەرىستاندىن خەۋەردار قىل، ئاندىن
قەسرىڭدىكى ئول سۈرەت سىرىنى بايان قىلغىن. شاھناز پەرد-
ـنىڭ بېشىدىن سادا كەلدى:
— بۇ يەردىن كۆپ يىراقتا بىر قارا تاش بار، تاشنى
كۆتۈرسەڭ ئاستىدىن بىر قۇدۇق زاھىر بولىدۇ، قۇدۇق ئاستى
باشقا بىر ئىقلىمدۇر، ئاندا كىرسەك مەنزىلگە يېتەرسەن. قەس-
رىمدىكى سۈرەت بولسا تىلسىم سەنئىتىنىڭ نادىر گۆھىرى،

نەمۇنىسى، ئۆز خۇشلۇقۇم ئۇچۇن پەيدا قىلغانمەن.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، باشنى قويۇپ بەرمەك بولغاندى، يېڭىدىن ئاق يىلان سۇرىتىدە گۇلناز پەرى سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ دېدىكى:

— ئەي شاھزادە، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمە، دەرھال چېچىنى قىرقىۋالغىن، ئاندىن ساڭا راستىنى ئېيتىدۇ.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ نى ۋاقىتلار قويىنىغا كىرىۋالغىنىنى سەزمىگەنىدى.

شاھناز پەرىنىڭ كاللىسى پەرياد قىلدى:

— ئەي يىگىت، ئول پەرى دۇشمىنىمدۇر. مېنى قولۇڭدا ھالاك قىلماقچى، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالما، مەندىن رەھىمشەپقىتىڭنى ئايىما، ئارىمىزدا ھېچبىر گىنە ئاداۋەت يوقتۇر، ماڭا بىھۇدە ئۇۋال قىلما.

شاھزادە ئەنۋەر قايسىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشنى بىلمەي تېنەپ قالغانىدى. گۇلناز پەرى دېدى:

— ئەي يىگىت، يىلان سۇرەتلىك ھاسا ئىككى پارە بولۇپ، مەن سېھرىي ـ ئەپسۇندىن خالاس بولدۇم، بۇ سېنىڭ شاپائىتىڭدۇر. شۇ سەۋەبلىك ساڭا ياخشىلىق ئېيتارمەن، ساڭا ھەمدەم بولۇش ۋە توغرا يول كۆرسىتىش ئۇچۇن سەزدۇرمەستىن قوينۇڭغا كىرىۋالغاندىم، ئۇ سېنى ئۆز دۇشمەنلىرى جايـ ماكان قىلغان مەنزىلگە يوللىماقچى، مۇددىئاسى يا سېنى ئۇلارنىڭ قولىدا ھالاك قىلماق، يا ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭدا ھالاك قىلماق، سۆزۈمگە كىرىپ، چېچىنى كەسكىن، ئاندىن سوئال ـ سورىقىڭنى قىلغىن.

شاھزادە ئەنۋەر بۇ سۆزلەرنى توغرا تېپىپ، شاھناز پەرىنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىغا تىغ سالدى، ئاندىن گۇلناز پەرى دېدى:

— ئەمدى نېمە سورىساڭ توغرا جاۋابقا مۇيەسسەر بولۇر-

سەن.

شاھزادە ئەنۋەر سوراق قىلدى:

— ئەمدى بايا سورىغانلىرىمغا توغرا ۋە راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەرگىن.

چاچسىز كاللا نائىلاج زۇۋانغا كەلدى:

— كوھى گۆھەرىستان قاف تېغىنىڭ ئارقىسىدا، ئۈچ يىللىق مۇساپە نېرىدا، بىر ئەزىم دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئارالدا، دەريانى كۈمۈش ئەجدىھا دەرياسى دەرلەر ئەمما دەريا لېۋىگە بارغان كىشى يوق، چۈنكى يولى خەتەرگە تولغان، قەسرىمدىكى سۈرەت بولسا گۈلناز پەرى ئىككىمىزنىڭ سېھرىي - ئەپسۇن ۋە تىلسىم سەنئىتى بىلەن بەرپا قىلغان نادىر گۆھىرىمىز ئەمما ئۇنى مەن گۈلناز پەرىدىن قىزغىنار ئىدىم، يالغۇز ئىگە بولماق قەستىدە ئۇنى يىلان سۈرىتىدە قىلىپ سۈرگۈن قىلدىم. گۈلناز پەرى دېدى:

— ئەي قېرىنداشىم، ئەمدى دەريا قېشىغا بارماقنىڭ ھەم ئارالغا يەتمەكنىڭ يولىنى بايان قىلغىن. شاھناز پەرىنىڭ بېشىدىن سادا كەلدى:

— ئۈچ يىللىق مۇساپىنى قاناتلىقلار بېسىپ ئۆتمىسە قاناتسىزلارغا ئىمكان يوق، كۈمۈش ئەجدىھا دەرياسىدىن سۇ مەخلۇقاتلىرى ئۆتمىسە ئۆزگىلەرگە ئىمكان يوق، چۈنكى دەريا ئۆزىگە يېقىنلىغان ۋە ئۈستىدىن ئۆتكەنلا غەيرىي نەرسىنى ئەجدىھادەك دەم تارتىپ يۇتۇپ كېتەر ئاجايىباتتۇر، قالغىنى ماڭا ھەم نامەلۇم.

شاھزادە ئەنۋەر ھەرقانچە مۈشكۈل - خەتەرلىك بولسىمۇ كوھى گۆھەرىستان يولىنى ئىختىيار قىلدى، شاھناز پەرىنىڭ بېشىنى گەۋدىسىگە ئورنىتىپ، گۈلناز پەرى بىلەن ياراشتۇرۇپ، ياخشى - خوپ قىلدى، ئاندا شاھناز پەرى دېدى:

— ئەمدى چېچىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن، بارچە سېھرىي-

ھېكمەت ۋە تىلسىم ئاچقۇچى شۇ چاچلىرىمدا ئىدى، بىر كېسىل-
مەك بىلەن ھەممىسى يوق بولدى، چاچسىز قىلىپ ھۆسن-
جامالىمغا نۇقسان يەتمىسۇن، ئۇنى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرەي.

شاھزادە ئەنۋەر چاچلارنى قايتۇرۇپ بەردى، ئاندىن بۇ
ئاچا- سىڭىل پەرىلەر بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى،
قاف تېغىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى ئەمما ئول تەرەپ تىك قىيا
ئىدى. ئاجايىپ - غارايىپ يېشىل پېلەكلەر قىيا ئاستىغىچە
ساڭگىلىغان ۋە يېشىل پەردە ھاسىل قىلغانىدى.

شاھزادە ئەنۋەر پېلەكلەرگە ئېسىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈشكە
باشلىدى. بىر كېچە - كۈندۈزدە ئاستىغا يەتتى، بىر مەنزىل
يۈرگۈچە ھېچ ئىش بولمىدى. ئەمما يەنە بىر مەنزىلگە يەتكەندە
كۆردىكى شىر - يولۋاسلار، كەركىدان - قاپلانلار يايلاپ يۈر-
گەن، بوي - بەستى پىلدىنمۇ زور.

شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، تەمتىرىمەي كېتىۋ-
ەردى، ئۇنى كۆرگەن يىرتقۇچلار پاتىپاراق بولۇشۇپ، دەھشەت-
لىك ھۆركىرىشىپ ئۇنىڭغا تاشلانغانىدى، قىلىچ ھەر ئۇرۇلغاندا
ئونلاپ شىر ۋە كەركىدان، يولۋاس ۋە قاپلان توغراپ تاشلاندى،
ئەمما ئۇلارنىڭ كەينىگە ياندىغان ئەلپازى يوق ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر تا كەچ كىرگۈچە جەڭ قىلدى، دەرمانى
قۇرۇدى، يىرتقۇچلار بولسا سەلدەك بېسىپ كېلەر ئىدى، شۇ
ھالدا بىردىنلا پەرىزات ماھىجاھاننىڭ ئۈزۈكى ئېسىگە كەلدى-
دە، بىرلا شورىدى، قايتىدىن كۈچ - ماغدۇرغا كېلىپ غەيرىتى
جۇش ئۇردى، يىرتقۇچلارنىڭ بېشىغا قىيامەت كۈنىنى سالدى،
ئاقىۋەت چېكىندۈرۈپ، قانلىق بىر يول ئېچىپ ئىلگىرىلىدى،
شۇ يۈرگەنچە بىر تاغ باغرىغا يەتتى، ھارغىنلىق يېتىپ بىر تاشقا
يۆلەنگىنىچە ئولتۇردى، تېزلا كۆزلىرىگە ئۇيقۇ لەشكىرى غالىب
كېلىپ قىلىچىنى قۇچاقلىغىنىچە كۆز يۇمدى.

بىر چاغلار چۈشىدە بىر زاھىت زاھىر بولۇپ توۋلىدى:

— ئەي نادان، تۇر ئورنۇڭدىن، جان مۇھاپىزىتىگە تەييارلان.

شاھزادە ئەنۋەر چۆچۈپ ئويغاندى، كۆردىكى ھەرتەرەپتىن شىر يولۋاسلارغا، كەركىدان - قاپلانلارغا مىنگەن بەتبەشىرە دىۋىلەر ئۇيقۇ بۆشۈكىدىلا ئۇنىڭ جان - گۆھىرىنى بۇلاش قەستىدە كېلىۋاتقاندى، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئالتىدىن قولى بولۇپ ھەر قولىدا قىلىچ ، ئايپالتا، ئومۇت - گۇرزە قاتارلىق بىردىن كارامەت زور ياراغ بار ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر دەرھال جەڭگە ھازىرلاندى، ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغىنىنى كۆرگەن يىرتقۇچ ھايۋانلار دەرھال ئۇستىدىكى دىۋىلەرنى ئىرغىتىپ تاشلاپ ھەرتەرەپكە پىتىراپ قاچتى ئەمما دىۋىلەر چېكىنمەستىن ھۇجۇمغا ئۆتتى، ئارىدا قانلىق جەڭ بولدى، نەچچە ئونلىغان دىۋىلەرنىڭ بېشى ئۇزۇلدى، بىراق بېشى ئۇزۇلگەن دىۋىلەرنىڭ گەۋدىلىرى باشلىرىنى قولتۇقلاپ جەڭنى داۋام قىلدى، تېنى توغراپ تاشلانسا ئەسلىگە كېلىپ تۇردى، شاھزادە ئەنۋەر ئۇلارنى يوقىتىش تەدبىرىنى بىلمەي ھەيران قالدى، ئاخىر جەڭ قىلغاچ تاغ ئۇستىگە ئۆرلىدى، تاغ ئۇستىگە يەتكەندە دىۋىلەر ئۆزلۈكىدىن تاغ باغرىغا چېكىندى. ئەمما، بىراق كەتمەي تاغ باغرىنى ئوراپ ياتتى.

شاھزادە ئەنۋەر تاغ ئۇستىدە ئارامىنى ئالغاندىن كېيىن بىمالال يەنە بىر تەرەپكە راۋان بولدى ئەمما تاغ باغرىغا چۈشكۈچە كۆردىكى يىراقتىن ھەددى - ھېسابسىز ئەجدىھا ئېغىز- بۇرنىدىن ئوت ۋە تۈتەك پۇركۇپ كېلىۋاتقان، ئۇلارنىڭ دەھشەتلىك ئەلپازىنى كۆرسە قورققاقلارنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ، باتۇرلارنىڭ تېنى ھەم ياپراقتەك تىترەپ توختار ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر چۆچۈپ كەينىگە ياندى، تاغ ئۇستىگە ئۆرلىدى، ئەجدىھالار بولسا ھەش - پەش دېگۈچە تاغ باغرىغا كېلىپ بولدى، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن پۇركۈلۈپ چىقىۋاتقان دوزاخ ئوتىغا

ھېچنېمە كار قىلماس ۋە ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلال-
ماس ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر بۇ بالادىن ئامان قېلىشىغا كۆزى يەتمەي
خىتاب قىلدى: «يا دوستۇ سۇمۇرغ قايداسەن؟» دەپ.

شۇ ۋاقىت ئەجدىھا يېقىنلاپ ئوت پۈركۈدى، ئوت يالقۇنلى-
رى شاھزادە ئەنۋەرنىڭ ۋۇجۇد نىھالىغا يېتەي دەپلا قالدى،
كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىش خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا
قالدى.

شۇ خەتەرلىك مىنۇتلار شاھزادە ئەنۋەرگە ئۈمىد نۇرى يې-
قىنلاپ، كۆك قەھرىدە سۇمۇرغ پەيدا بولدى، چاقماقتەك شۇڭ-
قۇپ چۈشكەنچە شاھزادە ئەنۋەرنى چاڭگاللاپ، كۆككە پەرۋاز
قىلدى. ئەجدىھالاردىن بەزىلىرى قاناتلىق ئىدى، كۆككە ئۆرلەپ
قوغلىدى ئەمما سۇمۇرغدەك ئېگىز ۋە تېز ئۇچۇشقا قۇربىتى
يەتمەي ئاقىۋەت نائۈمىد ياندى.

سۇمۇرغ ئۇچتى، ئۇچتى، شاھزادە ئەنۋەر قۇلاق تۈۋىدە
غۇيۇلداپ ئۆتكەن سوغۇق ھاۋا ئېقىمىدا ھوشىدىن كەتتى. بىر
ۋاقىتلار ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر ھارارەت تارىلىپ ھوشىغا كەل-
دى، ھېس قىلدىكى سۇمۇرغ قاناتلىرى ئاستىغا ئالغانىدى.

ئاندىن چىقىپ كۆردىكى بىر خۇش ھاۋالىق چىمەنزاردا
تۇرۇپتۇ ئەمما ئەتراپتا ھېچبىر جاندار كۆرۈنمەس، يىراقلاردىن
بولسا كۈمۈش رەڭلىك بىر ئېقىن كۆرۈنەر ئىدى. سۇمۇرغ
دېدى:

— ئەي ئەزىزىم ئۆزۈڭگە كۆپ ئاگاھ بولغىن، ئوت
ئەجدىھالىرى ماكانىغا بېرىپ قالغىنىڭدىن ھەيرانمەن، دەقىقە
كېچىككەن بولسام بىر سىقىم كۈل بولاركەنسەن.

شاھزادە ئەنۋەر كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى ۋە سورىدى:

— ھازىر نە يەردىدۇرمىز؟ ئول كۈمۈش رەڭ ئېقىن
قايسى دەريادۇر. سۇمۇرغ دېدى:

— بۇ يەرلەردىن مەنمۇ بىخەۋەر، ئوت ئەجدىھالىرى ماكا-
نىدىن ھالقىپ مۇندا كېلىپ قالدۇق، خالىساڭ بۇ يەردىن سېنى
تىنچ - بىخەتەررەك بىر جايغا ئېلىپ كېتەي:
— سەن ئەمدى ماكانىڭغا كېتىۋەرگىن، — دېدى شاھ-
زادە ئەنۋەر، — ئول كۆمۈش رەڭ ئېقىن كۆمۈش ئەجدىھا
دەرياسى بولسا كېرەك، مەن شۇ تەرەپكە بارماقچى، ئول دەريا-
دىن ئۆتۈشكە سۇ مەخلۇقاتلىرىدىن باشقىلار قادىر ئەمەس، ئەم-
دى مەنزىلگە يەتمەك يولىنى ئۆزۈم قىلاي.
سۇمۇرغ خوشلىشىپ كۆككە پەرۋاز قىلدى، شاھزادە ئەن-
ۋەر دەريا تەرەپكە راۋان بولدى، دەريادىن كېلىۋاتقان ئاجايىپ
سۇرلۇك شاۋقۇن ساداسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ياپراق مىسالى تىت-
رىتىۋەتتى. يېقىنلاشقانسېرى كۆزلىرى قاماشتى ۋە ئىختىيار-
سىز قەدەم سۇرئىتى تېزلەشتى، گويا بىرى بويىندىن باغلاپ
تارتىۋاتقاندەكلا ئىدى، ھېس قىلدىكى شۇ ھالەتتە يۇرسە ئاخىر
دەرياغا چۈشۈپ كېتىشى مۇقەررەر، ئۇنداق بالالارغا دۇچ كېلە-
شىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولماس.
كەينىگە ياناماقچى بولدى، مۇمكىن بولمىدى، توختاشقا ھەم
ئىمكان بولمىدى، ئاخىر ئىختىيار تىزگىنى قولدىن كەتتى،
ئاياغلىرى دەريا تەرەپكە قۇيۇندەك چېپىشقا باشلىدى، بەلكى بىر
ۋاقىتلار شامال ئۇچۇرغان غازاڭدەك ئۇچۇشقا باشلىدى، كۆمۈش
ئەجدىھا دەرياسى كۆز ئالدىدىلا زاھىر بولدى، ئۇنىڭغا قارىسا
كىشىنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كېتەر ئىدى. دەريانىڭ نېرىقى
چېتى كۆرۈنمەس، دولقۇنلىرى ئويناقلاپ تۇرغان ئەجدىھادەك
كۆرۈنەر ئىدى، دەھشەتلىك شاۋقۇن ساداسىدىن شاھزادە ئەنۋەر-
نىڭ ۋۇجۇدىغا زىلزىلە چۈشتى، سۆڭەك - سۆڭەكلىرى ئۇگە-
ئۇگىلىرىدىن ئاجراپ كېتىدىغاندەك بىر ھالغا چۈشتى، ئۇمىد-
سىزلىك ئىچىدە ئاخىر توۋلىدى: «يا دوستۇم ئاق بېلىق قايدا-
سەن؟» دەپ.

ئەمما، ئاق بېلىقتىن ھېچ نىشان بولمىدى، قىرغاقتىن سىيرىلىپ چۈشكەن تاشلارنىڭ سۇغا تېگىپ بولغۇچە ئېرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى، ۋۇجۇد گۆھىرىنىڭ ھەم شۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىغىنىنى ھېس قىلدى، ھوش كەپتىرى تەن قەپىسىنى تەرك قىلدى، كۆزلىرى يۇمۇلدى ئەمما ئايىغى دەريا يۈزىگە تەگكۈچە ئاق بېلىق ئوخچۇپ چىقتى – دە، ئۇنى يۇتۇۋالدى، دەرياغا چۆكتى، قانچىلىك ۋاقىت يۈرگىنى، قانچىلىك مۇساپە باسقىنى نامەلۇم بىر ۋاقىتلار بىر ئارالغا يېقىنلاپ باردى – دە، شاھزادە ئەنۋەرنى ئارالغا پۈرقۈپ تاشلىدى.

قۇياش نۇرى ۋە سالقىن شامالنىڭ يۈزلىرىدىن سۆيۈشلىرىدە ھوشىغا كەلگەن شاھزادە ئەنۋەر ئورنىدىن تۇردى، كۆردىكى دەسسەپ تۇرغىنى كېپەك ئالتۇندىن ھاسىل بولغان قۇم تۇپراق ئىدى، ئارال ئوتتۇرىسىدا بولسا تاغ چوققىسى رەڭگارەڭ نۇرلىنىپ تۇرار ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر قانداقسىگە ئارالغا كېلىپ قالغىنىنى بىلمىدى، دەرياغا قارىسا كۆزلىرى قامىشىپ، ھېچ نەرسىنى كۆرۈشكە ئىمكان يوق ئىدى. ھەيرانلىق چىشلىرىدا لەۋلىرىنى چىشلەپ ۋە ئامان قالغىنى ئۈچۈن شۈكۈر – سانا ئېيتىپ، تاغ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، تاغ باغرىغىمۇ يەتتى، بىلدىكى تاغنىڭ تاشلىرى لەئەل ۋە ياقۇت، ئالماس ۋە زەبەربەدتىن، گۆھەر تاشلارنىڭ جەمئىي تۈرلىرى ۋە ئېسىل خىللىرى ئاندا تەل ئىدى. بۇ مۆجىزات دۇنياسىدا كۆرۈلگەنلىرى بولسا ئول گۆھەرلەرنىڭ زەررىچىلىرىدۇر.

شاھزادە ئەنۋەر يەنە تاغ چوققىسىدا بىر گۈمبەزنى كۆردى، بىرخىشى قىزىل ۋە بىر خىشى يېشىل، بىر خىشى كۆك ۋە بىر خىشى سېرىق، ئەتراپى رەڭگارەڭ ياقۇت بەرگىلىك، چاقپەلەكتەك يوغان گۈللەر ۋە گىلەمدەك كەڭ يېشىل ياپراقلار بىلەن قاشالانغان.

شاھزادە ئەنۋەر تاغ ئۈستىگە ئۆرلىدى، گۆھەر تاشلاردىن كۆرە گۈمبەز ئۇنى بەكرەك جەلپ قىلدى، نەچچە رەت يىقىلىپ قوپۇپ، مىلىڭ مۇشەققەتلەر ئىچىدە ئاخىر تاغ ئۈستىگە يەتتى ئەمما گۈل ۋە ياپراقلار ئارىسىدىن ئۆتەرگە يول يوق ئىدى. ئاخىر قىلىچى بىلەن يول ئاچماق بولغانىدى، گۈمبەزدىن بىر سادا ياڭراپ، ھوشىدىن ئايرىغىلى تاسلا قالدى، شۇ ھامان گۈل- ياپراقلار ئۆزلۈكىدىن قايرىلىپ يول ئېچىپ بەردى، گۈمبەز ئىشىكىمۇ ئايان بولدى، شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى قىـ- نىغا سېلىپ ئالدىغا ماڭدى، گۈمبەز ئىشىكىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ بەردى. كىرىپ كۆردىكى گۈمبەز ئىچىدە تەرىپىگە تىل ئاجىزلىق قىلغۇدەك نەپىس ۋە ئېسىل بىر تەخت، تەخت ئۈستىدـ- دە بولسا تەلەتىدىن قار - مۇز يىغىپ تۇرىدىغان بىر پەرى ياتقانىدى ئەمما پۇتلىرى ئورنىدا ئالىيېشىل زۇمرەت قاسراقلىق يىلان قۇيرۇقى بار ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەرگە قەھر بىلەن قادىلىپ سوئال - سوراق قىلدى:

— تىلسىم قەلئەگە كىرگەن ئادەمزات سەنمىدىڭ؟

— شۇنداق، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ۋۇجۇدىغا بىر زىلزىلە چۈشتى.

— نى سەۋەبلىك ماڭا دۈشمەنلىك تىغىنى كۆتۈرۈپ، شۇنچە يىراقلاردىن ھۇزۇرۇمغا كېلىپ قالدىڭ؟ — سورىدى يىلان تەنلىك پەرى يەنە ھەيۋە بىلەن.

— ئەي يىلان تەنلىك پەرىزات، — دېدى شاھزادە ئەنـ- ۋەر، — تىلسىم قەلئەگە بىر بالانى بەند قىلىپسەنكى شاھلىق تەختىگە مەغرۇر، شانۇ شەۋكەتلىك بىر ئۇلۇغ شاھ ئۇنىڭ دامىغا گىرىپتار بولۇپ، خارلىق تۇپرىقىغا تاشلىنىپ، ئاخىر جان تەسلىم قىلدى، پەرىشتىدەك پاك ۋە ئەزىزلىك گۈلشەنىدە يېتىلـ- گەن ئوغلى ھەم شۇ سەۋەبلىك شادلىق بەھرىدىن مەھرۇم بو-

لۈپ، بەختسىز بۇلبۇل مىسالى زەر قەپەسكە بەند بولدى، مېنى ئۇل سىرلاردىن خەۋەردار قىل، نى مۇددىئا ـ مەقسەتلەر تۇپەيلى ئۆز ئىقلىمىڭدىن هالقىپ ئادەمزات ئېلىدە ئۇل ئاپەتنى پەيدا قىلدىڭ؟ يەنە نى سەۋەبلىك تاشقا ئايلاندۇرۇپ، تىلسىم قەلئەنى هەم غايىب قىلدىڭ؟

يىلان تەنلىك پەرى ئۇنىڭ سوئال ـ سوراقلىرىدىن غەزەپلەنىپ قولىنى يىلاندەك سوزۇپ، بىخۇد تۇرۇپ قالغان شاهزادە ئەنۋەرگە بىر شاپىلاق ئۇردى، شاهزادە ئەنۋەر كۆز شامىلى سوققان غازاڭدەك گۇمبەزدىن ئۇچۇپ چىقىپ، دەريائى ئەزىمنىڭ كۈمۈش رەڭلىك ئەجدىها مىسالى دولقۇنلىرى ئۈستىگە تاشلاندى ئەمما ئاق بېلىق شۇڭغۇپ چىقىپ ئۇنى يەنە يۇتۇۋالدى، ئاندىن خىيالدەك تېز سۈرئەتتە ئۈزۈپ كەتتى.

ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۈزدى، قىرغاققا يەتتى، بۇ دەريانىڭ يەنە بىر قىرغىقى ئىدى، شاهزادە ئەنۋەرنى پۈركۈپ تاشلىدى، يىلان تەنلىك پەرىزاتنىڭ شاپىلىقىدا بىهوش بولغان شاهزادە ئەنۋەر دەريادىن توققۇز قەدەم نېرىغا چۈشۈپ، بىر سىلكىنىش بىلەن هوشىغا كەلدى، دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە يېقىنلاشقانلا نەرسىنى يۇتىدىغان خىسلەت يوق ئىدى.

شاهزادە ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى، تۇرغان يېرى خۇشبۇي شامال غۇيۇلداپ تۇرىدىغان، ۋە تۇرلۇك ـ تۈمەن خىل ئاجايىپ ـ غارايىپ گۇللەر پورەكلەپ ئېچىلغان بىر گۇلچىمەنزار ئىدى. بۇ يەرنىڭ گۈزەللىكى هەرقانچە تەرىپلەشكە سىغماس ئىدى.

شاهزادە ئەنۋەر نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى ۋە ئاخىر يەنە دەريادىن يىراقلاپ، كۆرۈنگەن بىر تاغ تەرىپىگە يۈرۈپ كەتتى. نەچچە كۈنلەر يۈردى ئەمما تاغ باغرىغا يەتمىدى، بەلكى تاغ قانچە يېقىنلىسا شۇنچە يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. تۈن كىردى، شاهزادە ئەنۋەر قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، يولىنى

يورۇتۇپ ماڭدى، ئاخىر ھارغىنلىق يېتىپ بىر جايغا ئۆزىنى تاشلىدى، شېرىن بىر تۇيغۇ ئۇنى قوينىغا ئالدى، ئاندا يېتىپ بىر چۈش كۆردى، يىلان تەنلىك پەرى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ كۇلۇۋاتقۇدەك.

شاھزادە ئەنۋەر چۆچۈپ ئويغاندى ۋە ئاشۇ كۆرۈنگەن تاغدا بىر سىر - ھېكمەت بارلىقىنى ھېس قىلىپ، بار كۈچ - مادارىنى جارى قىلىپ، تاغ تەرەپكە قۇيۇندەك چاپتى ئەمما بىر قەدەممۇ يېقىنلاپ بارالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، يەنە توختاپ قالدى. شۇ چاغ تاغدىن سادا كەلدى:

— ئەي ئادەمزات، مەن تاغ ئەمەس، بەلكى بىر كاللا، مېنى قوغلىما، بىھۇدە ئاۋارە بولۇرسەن. شاھزادە ئەنۋەر سوردى:

— نېمىشقا مەندىن قاچىسەن؟ كاللىدىن سادا كەلدى:

— قىلىچىڭ بىر ئۇرۇلسا مەندەك ئون باراۋەر يوغان كاللا بولسىمۇ ئىككى پارە بولۇر، شۇنىڭدىن ھەزەر قىلىمەن. شاھزادە ئەنۋەر دېدى:

— قورقما، سەن بىلەن ئاداۋىتىمىز يوق، قەسەم قىلايكى ساڭا قەست قىلماسمەن، يېقىن كېلىۋەر، ئەپتىڭنى كۆرەي، خالىساڭ نېمە سەۋەبلىك شۇ ھالدا يۈرىدىغىنىڭنىڭ سەۋەبىنى بىلەي. كاللىدىن سادا كەلدى:

— قىلىچىڭنى نېرى قىل، كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشۈپ ئالدىڭغا باراي، سۆھبەت قۇرايلى.

شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى غىلاپقا سېلىپ، يىراققا تاشلىدى، ھېلىقى تاغدەك كۆرۈنگەن كاللا قۇيۇندەك تېزلىكتە سۈرۈلۈپ كەلدى، كۆردىكى ئۇنىڭ چاچلىرى ياپيېشىل ۋە قومۇشتەك يەلپۈنۈپ تۇرغان، كۆزلىرى قىپقىزىل ۋە پانۇستەك يېنىپ تۇرغان، بۇرۇن تۆشۈكلىرى غاردەك، ئاغزى بىر كۆلچەكتەك، تىرىسى قاپقارا كۆمۈردەك، قۇلاقلىرى گىلەمدەك سوزۇلۇپ

تۇرغان بىر كاللا.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇنىڭ بەتبەشىرىلىكىدىن ئەندىكىپ توختىدى، قىلىچى تەرەپكە سۇرۇلدى ۋە سورىدى:

— كىم بولۇرسىز؟ نېمىشقا بۇ ھالدا يۇرەرسىز؟ كاللىدىن جاۋاب كەلدى:

— بۇنى بىلەي دېسەڭ جىم تۇر، ئەپتىمنىڭ قورقۇنچلۇق ئىكەنى ماڭىمۇ ئايان ئەمما قورقمىغىن، ساڭا زىيان - زەخمىتىم يەتمەس.

شاھزادە ئەنۋەر تىنچلىنىپ ئولتۇردى. قىلىچىنى قولىغا ئېلىش خىيالىدىن ۋاز كەچتى. كاللىدىن يەنە سادا كەلدى:

— ئەسلى بىر دىۋە ئىدىم، دىۋە بولغاندىمۇ كۈچ - قۇدرەتتە تەڭداشسىز باھادىر ئىدىم، ئۆز ئەركىم بىلەن خالىغان يەرگە بېرىپ، خالىغانچە سەيلە - تاماشىلار قىلار ئىدىم، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، دىۋە - پەرىلەر ئىقلىمىدا ئاجايىپ - غارايىباتلار كۆپ، ئاخىر ئايلىنىپ يۇرۇپ كوھى گۆھەرىستانغا ھەم بېرىپ قالدىم، ئاندا بىر جۇپ پەرىنى كۆردۈم، بىرى يىلان تەنلىك ئىدى ئەمما گۈزەللىكتە باراۋەرى يوق ئىدى، ھېچ ئىقلىمدا ئۇلاردەك ھۆسن - جامال ئىگىلىرىنى ئۇچراتمىغانىدىم. جان - دىل بىلەن ئاشىق بولدۇم ئەمما دىلىم يىلان تەنلىككە ئەمەس، بەلكى يەنە بىر سەرۋقەد خۇشرەفتارغا مايىل ئىدى. ئۇلار ئاتا بىر، ئانا بۆلەك ھەمشىرىلەر ئىكەن، بىرىنىڭ ئانىسى پەرى، يەنە بىرىنىڭ ئانىسى يىلان تەنلىك جادۇگەر ئىكەن، ئاتىسى پەرىلەر شاھى ئىكەن. جادۇگەر خوتۇنى رەشىك تۇپەيلى كۇندىشىنى دەريائى ئەزىمگە تاشلاپتۇ، پەرىلەر شاھى بۇ دەردگە چىدىماي كەينىدىن سەكرەپتۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغان جادۇگەر خوتۇن ئىككى پەرزەنتىنى ئول دەرياى ئەزىم ئوتتۇرىسىدىكى كوھى گۆھەرىستان ئارىلىغا جايلاشتۇرۇپتۇ، ئارقىدىن ئۆزى ھەم دەريائى ئەزىمگە سەكرەپتۇ. ئول

دەريانىڭ خىسلىتى شۇكى سۇ خەلقىدىن ئۆزگە كىمەرسىكى بولسا
يۇتۇپ كېتىپ ئېرىتىپ تاشلار ئىكەن، ئۇچۇپ ئۆتكەنلەرمۇ ھەم
ئامان قالماسكەن.

ئىككى ھەمشىرە شۇنداق سەۋەبلەر تۇپەيلى يېتىم قاپتۇ،
ئەمما ئۇلارنىڭ ئارالدا ھېچنېمىدىن غېمى يوق ئىكەن، ئىجىل-
ئىناق ئىكەن. ئاجايىپ كارامەت ۋە مۇشەققەتلەر بىلەن ئارالغا
باردىم، شۇندىن تارتىپ ئۇلار ئارىسىدا گىنە - ئاداۋەت ئۇرۇقى
تېرىلىپ بىخ سۈردى، سەۋەبكى يىلان تەنلىك مېنى ياخشى
كۆرۈپ قاپتۇ ئەمما يىلان تېنىنى ھەر كۆرسەم بىر سەسكىنەر
ئىدىم يەنە بىرى بولسا ماڭا قارىماس ئىدى لېكىن شۇ ھالدىمۇ
يىلان تەنلىك پەرىزات رەشىك قىلىپ، ئانىسىدىن مىراس قالغان
جادۇگەرلىك ھۈنىرى بىلەن مېنى تېنىمدىن جۇدا قىلدى، بەتبە-
شىرە - بەدھەيۋەت ھالغا كەلتۈردى ۋە ئۇشبۇ ئىقلىمغا ئورۇن-
لاشتۇردى. ھەمشىرىنى بولسا ئۆزگە ئىقلىمغا ئېلىپ كەتتى،
پات - پات يىراقلاردىن جاراڭلىق كۈلكە ساداسىنى
ئاڭلاپ تۇردۇم ئەمما ئۆزىنى كۆرمىدىم، باشقا ئىشلار ماڭا
قاراڭغۇ. شاھزادە ئەنۋەر سورىدى:

— يىلان تەنلىكنى ئەيۋەشكە كەلتۈرمەككە ئىمكان يوقمى-
دۇر؟

— باردۇر، — دېدى كاللا، — بىر كېچە چۈشۈمدە
بىر ئەۋلىيا زاھىر بولۇپ دېدىكى:

— «ئەي بىچارە، سەۋر قىل، ئالدىڭغا بىر ئادەمزات
كېلىپ قالىدۇ، دىدارلاشقاندا مەلۇم قىلغىنكى يىلان تەنلىكنىڭ
جېنى ئۆز تېنىدە ئەمەس، بەلكى بىر كىچىك بېلىقتا، ئول
بېلىق كۈمۈش ئەجدىھا دەرياسىدا ئۈزۈپ يۈرىدۇ، تېنى يىڭنى-
دەك، رەڭگى قىزىل ياقۇتتەك، مەرۋايىت كۆزلۈك بېلىقتۇر،
ئۇنى تۇتقان ھامان يىلان تەنلىك ئەيۋەشكە كەلگۈسى ئەمما ئول
ئادەمزاتتىن ھەزەر قىلىكى بىرلا ئۇرسا تاغنى ئىككى پارە قىلغۇ-

دەك بىر قىلىچى بار، ئەپتىڭدىن يىرگىنىپ ئۇقۇشماستىن سېنىمۇ پارچىلاپ تاشلىمىسۇن.» شۇندىن بېرى سېنى كۈتتۇم ئەمما ئەندىشەم شۇكى دەريائى ئەزىمدىن يىگىندەك بېلىقنى قاندۇرالماي تۇتارمىز دەپ. چۈنكى،بۇ دەريادىن بېلىق ئەمەس، بىر تال تاش سۇزۇۋشمۇ بىز ئۈچۈن بەدخىيالدۇر. شاھزادە ئەنۋەر ئويلىنىپ دېدىكى:

— بۇنىڭغا بەلكىم ئاق بېلىق ئامال قىلىپ باقار.

شۇندىن كېيىن قىلىچىنى تېپىپ ئالدى، كەينىگە ياندى. كاللا ھەم سۇرۇلۇپ بىللە ماڭدى، گويا بىرى ئىتتىرىپ ماڭغاندەكلا ئىدى.

ئۇلار ئاخىر دەريائى ئەزىم بويىغا يەتتى، شاھزادە ئەنۋەر ئاق بېلىقنىڭ بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ تۇرغىنىنى كۆردى، شۇ چاغ كاللا ئاق بېلىقتىن ئەھۋال سورىدى:

— ئەي قەدىناس دوستۇم، ئامانمۇسەن، سەن بىلەن يەنە دىدارلاشقىنىمدىن بەكمۇ خۇرسەنمەن. ئاق بېلىق دېدى:

— ئەي بىچارە، سېنى كوھى گۆھەرىستانغا ئېلىپ بېرىپ، بالاغا دۇچار قىلدىم، كۇرمىڭ ھەسرەت - پۇشايماندا ئىدىم. ئالدىڭدا كۆپ خىجىلمەن. كاللا دېدى:

— بۇنى سەندىن كۆرگىلى بولماس، ھەممىسى ئۆزۈمنىڭ شور پېشانىلىكى.

شاھزادە ئەنۋەر ئاق بېلىقتىن سورىدى:

— ئەي ئەزىزىم بۇ يەردە نى سەۋەب بىلەن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟

— مېنى چاقىردىڭ، — دېدى ئاق بېلىق، — يېتىپ كەلگىنىمدە قارىسام بىھوش ھالەتتە دەريائى ئەزىمگە يەم بولاي دەپلا قاپسەن، دەرھال يۇتۇۋېلىپ كوھى گۆھەرىستانغا ئېلىپ باردىم ئەمما بىخۇدلۇقۇڭدىن يىلان تەنلىك پەرى سېنى خازاندەك ئۇچۇرۇپ دەريائى ئەزىمگە تاشلىدى، مەن ساڭا بۇنداق مۇئامىلە

قىلىشنى ئويلىمىغانىدىم، ھەر ھالدا يىراققا كەتمىگەنىدىم، دەرھال يەنە سىنى يۇتۇۋېلىپ، بۇ قىرغاققا چىقىرىپ تاشلىدىم، ھوشۇڭغا كېلىپ قىرغاقتىن يىراقلاپ كېتىپ قالدىڭ ئەمما كۆڭلۈم يەنە قايتىپ كېلىدىغىنىڭنى تۇيغاندەك بولدى، شۇڭا سىنى كۈتۈپ نېرى كەتمىگەنىدىم. شاھزادە ئەنۋەر:

— ئەي ۋاپادارىم، مېنى نەچچە رەت ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپسەن، — دەپ ئاق بېلىقنىڭ باش - كۆزلىرىگە سۆيۈپ، كۆز ياشلىرىنى راۋان قىلدى، تەشەككۈر ئىزھار قىلدى، ئاندىن دېۋىنىڭ كاللىسى چۈشىدە كۆرگەن ئىشلارنى بايان قىلدى. ئاق بېلىق دېدى:

— ئۇشبۇ دەريائى ئەزىمنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ۋە قانچىلىك چوڭلۇقى ماڭا قاراڭغۇ، كۆرۈپ تۇرۇپسەن ئۇنىڭدەك ئېقىندىن ئالەمدە يەنە بىرى يوق، ئۇنىڭ ئىچىدىن يىگنە بېلىق ئىزدەش بىز ئۈچۈن خام خىيالدۇر. كۈچۈمنى ئايىماسمەن، بىر ئۆمۈر ئىزدەپ بېقىشقىمۇ رازىمەن ئەمما ئىشەنچىم يوقكى ئول بېلىقنى تۇتۇش ئەمەس، بىر كۆرۈشكىمۇ مەيەسسەر بولالماسمىز. شاھزادە ئەنۋەر غەمگە چۆكتى، دېۋىنىڭ كاللىسىمۇ قايغۇغا چۆمدى ئاق بېلىق يەنە دېدى:

— كۈمۈش رەڭلىك بىر قۇش بار، دەريا ئۈستىدىلا يۈرىدۇ، دەريامۇ ھېچ ۋاقىت ئۇنى يۇتۇپ كەتمەيدۇ، دەريا ئىچىدە باركى نەرسە ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلماس ئەمما ئۇنى بۇ يەرگە جەلپ قىلىپ كەلمەك مۈشكۈلدۇر. شاھزادە ئەنۋەر دېدى:

— ھەرقانچە مۈشكۈل بولسىمۇ بىر ئىلاج قىلساق بولار ئىدى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە توختاپ قالغىلى بولماس. ئاق بېلىق دېدى:

— بۇ يەردە ئادەم گۆشى دورىلىقتۇر، بىر چىشلەم بولسىمۇ پىلدەك ئالتۇنغا تېگىشەر، ئەگەر ئازابقا چىدىساڭ بىر بىلد-

كىگىنى كېسىپ ئوتقا تاشلا، ھەدى بۆرىنىغا يەتسە ئول قۇش ھەر يەردە بولسا يېتىپ كېلەر.
شاھزادە ئەنۋەر ئىككىلەنمەستىن بىر بىلىكىنى كېسىپ تاشلىدى، كاللا بىر ئوت پەيدا قىلىپ ئۇنى كۆيدۈردى، بىلەك پىژىلداپ كۆيۈپ ئىسى كۆتۈرۈلدى، شۇ ھامان تەرەپ - تەرەپ-تىن ئاجايىپ - غارايىپ ۋە بەدھەيۋەت، بەتبەشىرە مەخلۇقاتلار گۈرۈلدەپ كېلىشكە باشلىدى ئەمما شاھزادە ئەنۋەرنىڭ قۇياش-تەك نۇرلىنىپ، ۋالىلداپ تۇرغان قىلىچى ۋە دىۋىنىڭ كاللىسى-دىن ئۈركۈپ ھېچبىرى يېقىن كېلەلمىدى، شاھزادە ئەنۋەر قانسىراپ يىقىلار ھالەتكە يەتكەن بولسىمۇ لېكىن بەرداشلىق بېرىپ تۇردى، ئاق بېلىق بولسا ئۇنىڭغا شۇنداق مەسلىھەت بەرگىنىدىن پۇشايمان قىلىپ قالدى.
شۇ چاغ كۆك قەھرىدە بىر قۇش پەيدا بولدى، پەر - قاناتلىرىدىن كۈمۈش رەڭلىك نۇر چاقناپ تۇرار ئىدى، كۆزلى-رى قىزىل ياقۇتتەك ۋە تۇمشۇقى سېرىق ئالتۇندەك ئىدى، بويى بىر ئادەم بويىچە ئىدى، چاقماق تېزلىكىدە تۆۋەنگە شۇڭغۇدى، ئەمما ئوتتىن قورقۇپ كۆيۈپ كاۋاپ بولغان بىلەكنى ئالالماي كەينىگە ياندى. ئاق بېلىق توۋلىدى:
— ئەي قۇشلار سەردارى، بىزنى بىر غەمدىن خالاس قىلىشقا ۋەدە قىلساڭ ئوتنى ئۆچۈرۈپ، كاۋاپنى ساڭا ھەدىيە قىلىمىز.
قۇش دېدى:
— نېمە تەلىپىڭ بولسا قوبۇل قىلدىم، قېنى ئوتنى چاپسان ئۆچۈرگىن.
كاللا بىرلا پۈۋلىدى ئوت ئۆچتى، قۇش چاقماقتەك چۈشۈپ شاھزادە ئەنۋەرنىڭ كاۋاپ بولغان بىلىكىنى يۇتۇۋەتتى. ئاققان قانلىرىنى سۈمۈردى. ئاندىن سورىدى:
— ئەمدى تەلىپىڭنى بايان قىلغىن. ئاق بېلىق دېدى:

— يىلان تەنلىك پەرىنىڭ جېنى بەند قىلىنغان قىزىل يىڭنە بېلىقنى تۇتۇپ بەرسەڭ. قۇش سورىدى:

— ئۇ كىمگە ۋە نېمىشقا كېرەك بولۇپ قالدى؟

— ئول ئادەمزاتقا كېرەك بولۇپ قالدى، — دېدى ئاق بېلىق، — ئۇ يىلان تەنلىك پەرىنى بويسۇندۇرۇپ، سىر - ھېكمەت تۈگۈنلىرىنى يەشمەكچى ئىدى.

يۇتقىنىدىم ئۇنىڭ بىلىكى بولسا كېرەك، — دېدى قۇش، — يىڭنە بېلىقنى تېپىشقا ۋە تاپقاندىمۇ تۇتۇشۇمغا ئاز بولغاندا ئۈچ كېچە - كۈندۈز ۋاقىت كېتەر بۇ بەكمۇ مۈشكۈل خىزمەتتۇر ئەمما ئەندىشەم شۇكى ئۈچ كۈنگىچە ئول ئادەمزات بەرداشلىق بېرەلمەس، ھېلىھەم جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپتۇر، تېزرەك يېشىل گۈللۈك، قىزىل يوپۇرماقلىق ئۆسۈملۈك تېپىپ يېگۈزۈڭلار، ئەسلى ھالىتىگە كەلگۈسى، مەن دەرھال يىڭنە بېلىقنى ئىزدەپ ئۇچىمەن.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ كۆككە پەرۋاز قىلدى، تېزلا غايىب بولدى. ئاق بېلىق دېۋىنىڭ كالىلىسىغا دېدى:

— سەن بېرىپ خىسلەتلىك گىياھنى تېپىپ كەلسەڭ، شاھزادە ئەنۋەرنى ئۆلۈم گىردابىدىن تارتىۋالساق.

كالىلا دەرھال غۇيۇلداپ كېتىپ قالدى. ئاق بېلىق شاھزادە ئەنۋەرنى بىر دەم تارتىپلا يۇتۇۋالدى، دېۋىنىڭ كالىلىسى كېتىش بىلەنلا يېقىنلاپ كېلىشكە باشلىغان ئاجايىپ - غارايىپ مەخلۇقاتلار نائۈمىد بولۇپ تاراپ كەتتى.

بىر ۋاقىتلار كالىلا يېشىل گۈللۈك، قىزىل ياپراقلىق گىياھنى چىشلەپ كەلدى، ئاق بېلىق شاھزادە ئەنۋەرنى قىرغاققا پۈركۈپ تاشلىدى، شاھزادە ئەنۋەر تېخى بىھوش بولمىغانىدى، خاسىيەتلىك گىياھنى ئېلىپ چايىنىدى، زەھەردەك ئاچچىق بىلىندى، زور بىلەن يۇتتى، ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، كېسىلگەن بىلەك ئورنىدا يەنە بىر بىلەك

ئۈسۈپ چىقتى، ئاغرىق ئازابىدىن خالاس بولدى. كۈچ ـ قۇۋۋىتى ھەم ئەسلىگە كەلدى، بەلكى ئىلگىرىكىدىن زىيادىرەك بولدى.

ئۇلار شۇ يەردە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن كۆپرەك ۋاقىت كۈتتى، ئاخىر كۈمۈش رەڭلىك قۇش يېتىپ كەلدى، تۇمشۇقىدا يىڭنىدەك بىر قىزىل بېلىقنى چىشلەپ كەلگەنىدى. بېلىق توختىماي پىلتىڭلاپ تۇراتتى.

شاھزادە ئەنۋەر بېلىقنى بىر قاپچۇققا سېلىپ، قوينىغا سالدى، قۇش خوشلىشىپ ياندى. ئاق بېلىق دېدى:

— ئەي ئەزىزىم، ئەمدى سېنى يۇتىمەن، ئارالغا يەتكۈزىمەن، ئېھتىيات بىلەن ئىش تۇتقىنكى يەنە بىر شاپىلاق بىلەن دەرياغا ئۇچۇرۇپ تاشلىمىسۇن.

ئاندىن ئاق بېلىق شاھزادە ئەنۋەرنى يۇتتى، ئارالغا ئۈزۈپ كەتتى، دېۋىنىڭ كاللىسى شۇ يەردە خەۋەر كۈتۈپ قالدى.

ئاق بېلىق كۈمۈش ئەجدىھا دەرياسىنىڭ كۈمۈش ئېرىتمىسىدەك دولقۇنلىرىنى يېرىپ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۈزدى، ئاندىن ئارالغا يەتتى ـ دە، شاھزادە ئەنۋەرنى ئارالغا چىقىرىپ قويدى، شاھزادە ئەنۋەر گۆھەر تاغ تەرەپكە راۋان بولدى، نەچچە رەت گۆھەر تاشلار ئۈستىدە تېيىلىپ يىقىلىپ ـ قوپۇپ، ئاخىر تاغ ئۈستىگە چىقتى، گۈللەر دەرھال ئىككى تەرىپىگە قايرىلىپ يول بەردى، گۈمبەز ئىشىكىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى، شاھزادە ئەنۋەر كىرىپ كۆردىكى، يىلان تەنلىك پەرى تەخت ئۈستىدە ئازاب ئوتىدا پۇچىلىنىپ يېتىپتۇ. شاھزادە ئەنۋەرنى كۆرۈپلا ئۇ نالە قىلدى:

— ئەي ئادەمزات، ھەرنە تەلىپىڭ بولسا بەجا كەلتۈرەي، ھالىمغا رەھىم قىلغىن، — دەپ. شاھزادە ئەنۋەر دېدى:

— ئاۋۋال بىلمەكچى بولغانلىرىمنى ئېيتىپ بەر، ئاندىن سېنى ئازابتىن خالاس قىلاي.

— بىر ۋاقىتلار بۇ ئارالغا بىر دىۋە كەلدى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى يىلان تەنلىك پەرىزات، — ئەقلىمگە كەلگە-نىمدىن بېرى ئاتامدىن ئۆزگە ئەركەك زاتنى كۆرمىگەنىدىم، دىۋىگە ئاشىقى بىقارار بولدۇم ئەمما دىۋىنىڭ كۆڭلى ھەمشىرەم-گە مايىل ئىكەن. يۈرەك - باغرىمغا رەشىك ئوتى چۈشتى، قان - قېرىنداشلىق مېھرىنى يوق قىلدى. ئورنىدا نەپرەت ئەۋج ئالدى، شۇ ھالدا جادۇگەرلەر پىرى ئانامدىن ئۆگىنىۋالغان سېھرىي - ئەپسۇنلارنى ئەسلەپ، دىۋىنى تېنىدىن جۇدا قىلدىم، كاللىسىنى بىر شاپىلاق بىلەن بىر تەرەپكە كەتكۈزۈۋەتتىم. ھەمشىرەمنى بولسا ئادەمزات ئېلىگە ئېلىپ باردىم، چۈنكى ئۇ چۈشىدە ئادەمزات ئېلىنىڭ بىر شاھزادىسىنى كۆرۈپ ئاشىق بولغانىدى. ئۇنى بىر قەلئەگە بەند قىلدىم، كۈندۈزى سۈرەت ھالىتىدە زاھىردۇر، كۈن نۇرى چۈشسىلا ھەرىكەت قىلار، كۆلكىسى ئالەمنى بىر ئالار، كېچە بولسا خاس قەسرىدە بولىدۇ. ئەمما ئۇ يەردىن بىر قەدەم نېرى بولالماس، قەستىمكى ئاشىقى ئىزدەپ كەلسە ئەمما مۇرادىغا يېتەلمەي غەم ئوتىدا پۇچىلانسا، بەلكى ئۆمرى شۇ ئوتتا ئادا بولسا، ھەمشىرەم ھەم مۇرادىغا يەتمەي ئازاب ئوتىدا ئۆرتەنسە، رەشىك ئوتىدا ئازاب تارتقان يۈرەك - باغرىم تەسەللى تاپسا . . .

ئەمما، قەلئەنىڭ تىلسىم ئىشىكى قولۇڭدا پاچاقلىنىپتۇ، تەدبىر قىلغۇچى ھەمشىرەم بىلەن دىدارلىشىپسەن، سېنى بۇ پىنھانىمدىن خەۋەردار قىپتۇ ئەمما تولۇق تەپسىلاتى ئايان بولغۇ-چە تاشقا ئايلاندى، سىرنى ئاشكارا قىلسىلا شۇنداق ئاقىۋەتكە قالار ئىدى، تىلسىم قەلئە سىرى شۇدۇر. شاھزادە ئەنۋەر دېدى:

— دەرھال بىر چارە قىلغىن، ھەمشىرەڭ ئەسلى ھالىغا كەلسۇن.

يىلان تەنلىك سېھرىي - ئەپسۇن بىلەن بىر ئاق گۈلنى

پەيدا قىلىپ دېدى :

— دىۋە - پەرىلەردىن ۋەھىمە قىلار ئىدىم ، ھەمشىرەمـ
نىڭ ھۆسن شامىغا پەرۋانە بولۇپ ، تىلسىمنى بەربات قىلارمۇ
دەپ ئەمما ئۇلارغا ئادەمزات ئېلىغا بېرىش پۇرسىتى يوق دېيەر-
لىك بولغاچقا يەنە بىر تەرەپتىن خاتىرجەم ئىدىم ، بۇ گۈل
تىلسىم قەلئەنىڭ ئاچقۇچىنى ياخشى ساقلىغىن ، قاچانكى شۇ
جايغا يەتسەڭ گۈلنى يەرگە تاشلا ، كارامىتىنى تاماشا قىل ،
ھەمشىرەمنى ئەسلى ھالىتىدە كۆرەرسەن .

— ئەمدى دىۋىنىڭ كاللىسىنى تېنىگە تۇتاشتۇرغىن ، —
دېدى شاھزادە ئەنۋەر ، — ئىلتىپاتىڭدىن مەھرۇم قىلما ، ئۆ-
مۈر يولدىشىڭ بولسۇن ، ئۆزۈڭمۇ ئازاب ۋە يالغۇزلۇقتىن خالاس
بولغىن ، ئۇ ساڭا بارلىقىنى بېغىشلىسۇن .

يىلان تەنلىك پەرىزات رازىمەنلىك بىلەن بىر تەرەپكە ئىشا-
رەت قىلدى ، گۈمبەز ئىچىدە بىر كۆزنەك ھاسىل بولدى ، كۆز-
نەك سىرتىدا بىر تىمساھ پەيدا بولدى ، زورلىقى كىتتەك كېلەر
ئىدى ، دىۋىنىڭ گەۋدىسىنى ئارالغا پۇرقۇپ چىقىرىۋېتىپ ،
كۆزدىن غايىب بولدى .

يىلان تەنلىك پەرىزات يەنە ئەپسۇن ئوقۇدى ، بىر ئەجدىھا
ھايالسىزلا دىۋىنىڭ كاللىسىنى چىشلەپ پەيدا بولدى ، كاللا
كىچىكلەپ گەۋدىسىگە مۇناسىپ ھالەتتە قالغانىدى ، ئەجدىھا
كاللىنى دىۋىنىڭ گەۋدىسى يېنىغا تاشلىدى ، كاللا گەۋدىسى
بىلەن بىرلىشىپ ئورنىدىن تۇردى ، ئاندىن بىر سىلكىنىپلا
قاشلىرى قومۇش ياپراقىدەك ، كۆزلىرى چىراغدەك يېنىپ تۇر-
غان ، ئەپتى قارامتۇل بىر دىۋە ھالىتىگە كەلدى . بەتبەشىرە ،
بەكمۇ قورقۇنچلۇق ھالىتى قالمىدى ، شاھزادە ئەنۋەرگە كۆپ
تەشەككۇر ئىزھار قىلدى ، يىلان تەنلىك پەرىگە سادىق بولۇشقا
قەسەم قىلدى . ئاندىن يەنە ئىلتىماس قىلدى :

— ئەي نىجاتكارىم ، ئەمدى يەنە بىر ياخشىلىق قىلىپ ،

قولۇقىدىكى ئۈزۈكنى سۇدا چايقاپ ئىچىشكە بۇيرۇغىن، سېھ-
رىي- ئەپسۇن ئىلمى دىلىدىن يوق بولسۇن، ئاندىن خالىساڭ
يىڭنە بېلىقنى دەريائى ئەزىمگە تاشلا، يىلان تەنلىك مەھبۇبەم
ئامان بولسۇن، قالغان ئۆمرۈمنى ئۇنىڭ ۋىسال گۈلشەنىدە خا-
تىرجەم تامام قىلاي.

شاھزادە ئەنۋەر بىر جام سۇ كەلتۈرۈپ، ئۈزۈكنى چايقى-
دى، يىلان تەنلىك پەرىزات ئىككىلەنمەستىن جامنى بىر سۇمۇ-
رۇپلا بوشاتتى، ئاندىن شاھزادە ئەنۋەر قاپچۇقنى يىلان تەنلىك
پەرىگە بەردى، پەرىزات ئۇنى دەرياغا ئېتىۋەتتى، جىنىنى ئامان
قالدۇرغىنىغا رەھمەت ئېيتتى. شاھزادە ئەنۋەر ئۇلارغا بىر
سوئال قىلدى:

— پاراغەت قەسرىنىڭ قىرىق بىرىنچى ھۇجرىسىدا بىر
لوڭقىنى كۆرگەنىدىم، پېچەتنى بۇزغىنىمدا ئىچىدىن بىر تو-
تەك چىقتى، ئارىسىدا تەڭداشسىز ساھىبجامال بىر پەرىزاتنىڭ
جامالى زاھىر بولدى ئەمما ھايالسىزلا ئىشتىياق ئوتىغا ۋۇجۇد
نىھالىمنى تاشلاپ كۆزدىن غايىب بولدى، ئۇنىڭ سىرىنى بىلەر-
مۇسىزلەر؟ يىلان تەنلىك پەرىزات دېدى:

— ئول سىر - ھېكمەتلەر بىزگىمۇ قاراڭغۇ ئەمما ئاجا-
يىپ مۇشكۇل ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردىڭ، ئول تۇگۇن ھەم
قولۇڭدا يېشىلگۇسى، ئۇمىدۋار بولغىن. دىۋە دېدىكى:

— گەۋدىسىز ھالىتىمدىمۇ سەيلە - تاماشىدىن قالمىغان-
دىم ئەمما بىر تاغ دۇچ كەلدى. ھالقىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. ئاندا بېرىپ كۆرگىن، ئىمكان بولسا تاغدىن ھالقىغىن،
بەلكىم سىر - تۇگۈنلەر ئاچقۇچى ئاندادۇر، چۈنكى ئۇنىڭدىن
ئۆزگە ئىقلىمدا بىز بىلمەيدىغان سىر - ھېكمەت يوق.

شاھزادە ئەنۋەر گۈمبەزدىن چىقتى، دىۋە بىلەن پەرىزات
ئۇنى ئارال لېۋىگىچە ئۇزىتىپ باردى، ئاندا يىلان تەنلىك پەرى-
زات بىر تال قىزىل چۇغلۇقنى بېرىپ دېدىكى:

— ھەمشىرەم ئەسلىگە كەلگەندە بۇ گۈلنى پۇراتقىن، ئۇن تۆت ياشلىق پەسلىگە قايتىپ، ئاشىقى بىقارار شاھزادىگە مۇنا- سىپ جۇپ بولغاي.

شاھزادە ئەنۋەر بۇ گۈلنىمۇ قوينىغا سېلىپ ئاندىن كۈتۈپ تۇرغان ئاق بېلىققا ئىلتىماس قىلدى:

— ئەمدى مېنى يەنە ئۇ قىرغاققا يەتكۈزسەڭ.

ئاق بېلىق دەرھال ئۇنى يۈتتى، ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۈزۈپ مەنزىلگە يەتكۈزدى. شاھزادە ئەنۋەر ئاق بېلىق بىلەن خەيرلىشىپ يولىغا راۋان بولدى، نەچچە كۈنلەر كېچە - كۈندۈز دېمەي يول يۈردى، ئاخىر بىر چەشمە بويىغا يەتتى، ئۇسسىغان- دەك بولۇپ، سۇيىگە قول سوزغانىدى. چەشمە قايناپ - تاشقىنى- لاپ ئوتتۇرىدىن بىر بوۋاي چىقتى، بويى بىر غۇلاچ، ساقىلى ئۈچ غۇلاچ كېلەر.

ساقىلى بىلەن شاھزادە ئەنۋەرگە چىرماق سالدى، قەستى بوغۇپ ئۆلتۈرمەك ئىدى، شاھزادە ئەنۋەر دەرھال قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ساقالنى كېسىپ تاشلىدى. بوۋاي چۆچۈپ كېتىپ چەشمە كۆزىگە چۆكتى ئەمما يەنە بېشىنى چىقىرىپ دېدىكى:

— ئەي يىگىت، بىر ھاجىتىم بار. راۋا قىلساڭ، مەن ھەم خىزمىتىڭدە بولسام.

— قېنى ھاجىتىڭنى بايان قىلغىن، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر.

— مەن ئۇشبۇ چەشمىنى ماكان تۇتقان بىر جىن، — دېدى بوۋاي، — ئەمما سۈرىتىم ئادەمزاتقا ئوخشاپمۇ قالار، ۋاقتىكى ئۆمۈر مۇساپەم ئاخىرقى مەنزىلگە يېقىنلاپتۇ ئەمما يەنە بىر ئۆمۈر ياشىسام دەيمەن، ئۇنىڭ دورىسى بىر قوشۇقچە ئادەم قېنى ئىدى ئەمما ماڭا ئادەمزات ئېلىگە بېرىشقا ئەسلا ئىمكان يوق، ئادەمزاتنى بۇ ئىقلىمدا ئۇچرىتىش بولسا ئۇخلىسام چۈ- شۈمدىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان ئامەت ئىدى، ئەجەبكى سەن كېلىپ

قالدىڭ، قۇرۇپ قاقشال بولغان ئۈمىد كۆچىتىم، كۆكلەپ چېچەكلىگەندەك بولدى، سېنى تەييار لوقما بىلدىم، قولۇمغا قونغان بەخت قۇشى كۆردۇم. ئەمما، قىلىچىڭ خىسلەتلىك ئىكەن، چاقماق چۈشسىمۇ كار قىلمايدىغان ۋە ئالماس تىغدىمۇ كېسىلمەيدىغـان سـاقىلىمنى تېنىمدىن قىرقىپ تاشلىدى، بى-ئىلاج قالدىم.

شاھزادە ئەنۋەرنىڭ ھىممىتى جۇش ئۇرۇپ قولىنى تىلدى، قىپقىزىل ياقۇترەڭلىك قانلىرى تۆكۈلدى، جىن دەرھال قەترى-نى يەرگە تامدۇرماي سۈمۈردى ۋە ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر يىگىتكە ئايلاندى، شاھزادە ئەنۋەرنى بۇلاق سۈيى-دىن قول يۇيۇشقا ئۈندىدى، شاھزادە ئەنۋەر بۇلاققا قولىنى سالغان ھامان تىغ يارىسى پۈتۈپ، ئەسلى ھالىتىگە كەلدى. ئاندىن سورىدى:

— بۇ ئىقلىمغا قانداق مەقسەتلەر تۈپەيلى قانداق يول بىلەن كېلىپ قالدىڭ؟

شاھزادە ئەنۋەر چەشمە بويىدا ئولتۇرۇپ كەچمىشلىرىنى بايان قىلدى، جىن ھەيران بولدى ۋە ئاپىرىن ئېيتتى. ئاندىن:

— سەن يەتمەكچى بولغان تاغ بەك يىراقتىدۇر، بارىمەن دېسەڭ مەن يەتكۈزەي، — دېدى ـ دە، قۇيۇنغا ئايلىنىپ شاھزادە ئەنۋەرنى ئۇچۇرۇپ ماڭدى، ئاجايىپ ئېگىز بىر تاغ تۆۋىگە يەتكەندە توختىدى، شاھزادە ئەنۋەر تاغنىڭ زالىملارنىڭ يۈرىكىدىنمۇ قاتتىق ۋە قارا نىيەتلەرنىڭ دىلىدىنمۇ قارا تاشلار-دىن ھاسىل بولغىنىنى ھېس قىلدى، تاغنىڭ تىك ۋە ئېگىزلى-كىدىن قاناتلىقلارنىڭمۇ ھالقىشى بەسى مۇشكۈل ئىدى.

جىن دېدى:

— تاغ ئۈستىگە چىقىشقا قۇربىتىم يەتمەس، ئەمما قىلى-چىڭ بىلەن يول ئېچىلسا ئەجەب ئەمەس، تاغقا قىلىچ سالغىن، كارامىتىنى كۆرەيلى.

شاھزادە ئەنۋەر تاغقا قىلىچ سالدى، تاغ ھەيۋەتلىك سادا چىقىرىپ يېرىلدى. جىن بىر قوشقاچ پەيدا قىلىپ يېرىققا ئاتتى، قوشقاچ ئوقتەك ئۇچۇپ يېرىقتىن ئۆتۈپ كەتتى، شۇ ھامان يېرىقمۇ جۇپلىشىپ ئەسلى ھالىتىگە كەلدى. جىن يەنە دېدى:

— ئەمدى قىلىچ ئۇرساڭ تاغ يېرىلسا سېنى ئېلىپ ئۆتەمەن ئەمما قوشقاچچە سۈرئەتتە ئۆتۈشكە قۇربىتىم يېتىش - يەتمەسلىكىنى بىلمەسمەن، قىلغان ياخشىلىقىڭ بەدىلىگە بارلىقىمنى ئايىماسمەن، تەلىيىمىز بولسا ئۆتۈپ كېتەرمىز، بولمىسا ھەر ئىككىمىز تاغ يېرىقىدا قېلىپ تۇگەشكىنىمىز شۇ، مەندىن رازى بولۇرسەن.

— نېمە كۆرسەم مەيلى، سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازىمەن، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر، ئاندىن تاغقا يەنە قىلىچ ئۇردى، تاغ يېرىلدى، جىن ھايالسىز قويۇن بولۇپ شاھزادە ئەنۋەرنى ئۇچۇرۇپ، خىيالدەك تېزلىكتە يىراققا ئېتىلدى، يېرىق جۇپلىشىشكە باشلىدى ئەمما قويۇن شاھزادە ئەنۋەرنى تاغ كەينىگە تىنچ-ئامان ئۆتكۈزۈۋالدى.

شاھزادە ئەنۋەر تاغ كەينىگە نەزەر سالدى، ھەددى - ھېسابسىز لەشكەر ئۇلار تەرەپكە چۇقان - سۈرەن بىلەن كېلىۋېتىپتۇ، يېقىنلىغاندا بىلدى، بارچىسى بويى بىر غېرىچ، ساقىلى ئۈچ غېرىچ گەۋدىسىدىن بېشى يوغان، سېرىق كۆز، يالاق ئېغىز، قوش بۇرۇن، قۇلاقلىرى يەرگىچە ساڭگىلىغان بەتبەشىرە مەخلۇقاتلار. جىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ دېدىكى:

— ئەي ئەزىزىم، ئەمدى يەنە قايتايلى دېسەم سېنى يېرىقتىن ئۇچۇرۇپ ئۆتكۈدەك مادارىم قالمىدى، بۇ ئاپەتلەرگە دۇچ كېلەرمىز دەپ ئويلىمىغانىدىم، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

— بۇلار قانداق مەخلۇقاتلاردۇر؟ — سوردى شاھزادە ئەنۋەر.

— ئۇلار، — دېدى جىن، — يەجۇج - مەجۇجلار تائىپىدىن گىلەم قۇلاقلار دەپ ئاتىلىدىغىنى، يات تائىپىدىن بولغان ئۇچرىغانلا مەخلۇقنى يەيدۇ، ئۇلاردىن ئەمدى قېچىپ قۇتۇلۇشىمۇ، تاقابىل تۇرۇشمۇ، بەدخىيالدۇر، تاغ يېرىلغاندىكى سادا ئۇلارنى قوزغىۋېتىپتۇ.

— قىلىچىم قولۇمدا بولسىلا ئۇلاردىن ۋەھىمە قىلماسمەن، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ.

— ئانداق بولسا مېنى قويىنۇڭغا ئال، — دېدى جىن، — ئاندا پاناھلىناي، نۇسرەت ساڭا بولسا تىرىك قالغىنىم شۇ، بولمىسا تۈگەشكىنىم شۇ، ئول بەتبەشىرىلەرنى كۆرەرگە تاقىتىم يوق.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ بىر شامال بولۇپ شاھزادە ئەنۋەرنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى، شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى يالىڭاچلاپ جەڭگە ھازىرلاندى. گىلەم قۇلاقلار زېمىننى زىلزىلىگە سېلىپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئەمما، قورالسىز ئىدى چۈنكى ئۇلارغا ئالماس تىغمۇ كار قىلماس ئىدى، رەقىبىنى تاپقان يەردە خامتالاش قىلىپ يەپ تۈگىتەتتى.

ئەمما، شاھزادە ئەنۋەرنىڭ قىلىچى ئۇلار كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، ئەجەل تەمىنى تېتىتتى، ھەر ئۇرۇلغاندا ئونلاپ، يۈزلەپ گىلەم قۇلاقلار پارچىلاپ تاشلاندى، يەر يۈزى ئۇلارنىڭ قارا قېنى بىلەن بويالدى.

گىلەم قۇلاقلار خېلى كۆپ قىرىلىپ كەتكەندىن كېيىن چۆچۈپ كەينىگە يېنىشتى، شاھزادە ئەنۋەر ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى، قايان بېرىشنى بىلمەس ئىدى ئەمما كۆڭلىگە بۇ ئىقلىمنى بىر كېزىپ چىقىش مۇددىئاسىنى پۈكتى. گىلەم قۇلاقلار ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئېتىشماي ئۆلگەن ۋە يارىلانغان قوۋم - قېرىنداشلىرىغا تاشلاندى، تالىشىپ، تارتىشىپ، خامتالاش قىلىپ يەپ قويۇشتى، ئۇلارغا قارىسا كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلدايتى.

تى، پات ئارىدىلا جەڭگاھ پاكلاندى لېكىن ئۇلار قوغلاپ كەلمە-
دى.

شۇ ۋاقىت جىن شاھزادە ئەنۋەرنىڭ قوينىدىن چىقىپ كەل-
دى، بۇ ئىقلىمنىڭ تۇپرىقى تۆمۈردەك قاتتىق ۋە قارا، بىر
تالمۇ گىياھسىز تاپتاقىر ئىدى. ئۇلار يولنى داۋام قىلدى،
نەگە بېرىش، نەدە توختىشنى بىلمىدى.

شۇنداق كېتىۋېتىپ يىراقتىن تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كېلىد-
ۋاتقان قارا بۇلۇتتەك بىر نېمىلەرنى كۆردى، جىن ۋەھىمىگە
چۈشۈپ چۇقان كۆتۈردى:

— ئەي شاھزادە ئەنۋەر، بەخت ئىقبالىمىز تۈتۈق ئىكەن.
كېلىۋاتقانلار قاناتلىق يەجۇج - مەجۇجلار بولسا كېرەك، بېشى
توڭگۇزغا ئوخشار، تېنى ئادەمگە ئوخشار، كۈچ - قۇۋۋىتى
زور، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلان، مەن يەنە قوينۇڭدا
پاناھلىنىپ تۇراي.

شۇ سۆزدىن كېيىن شاھزادە ئەنۋەرنىڭ قوينىغا كىرىپ
كەتتى، شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى يالىڭاچلاپ جەڭگە ھازىرلاند-
دى، قاناتلىق مەخلۇقاتلار يېتىپ كەلدى، ئارىدا دەھشەتلىك
جەڭلەر بولدى، ئاخىر شاھزادە ئەنۋەر ئۇلاردىن خېلى كۆپ بىر
قىسمىنى قىرىپ تاشلىدى، قالغىنى چۆچۈپ قاچتى، شاھزادە
ئەنۋەر يىراقلاپ كەتكەن ھامان ئۆلگەن، يارىلانغانلىرى ئۈستىگە
تاشلاندى، پات ئارىدىلا جەڭ مەيدانىنى پاكلاپ قويۇشتى لېكىن
قوغلاپ كېلىشمىدى.

شاھزادە ئەنۋەر يولىنى داۋام قىلدى، جىن قوينىدىن چىد-
قىپ ھەمراھ بولدى، ئۇلار كۆپ يول يۈرۈپ بىر دېڭىز بويىغا
يەتتى، سۈيى سىياھدەك قارا ۋە ۋاراقلاپ قايناپ تۇرار ئىدى.
يىراقلاردا بولسا قويۇق بۇلۇت - تۇمانلارغا ئورالغان بىر ئارال،
ئارالدا بولسا بىر نۇر چاقناپ تۇرار ئىدى. شاھزادە ئەنۋەر جىنغا
ئىلتىماس قىلدى:

— بىر ئامال قىلىپ مېنى ئاشۇ ئارالغا يەتكۈزسەڭ، بىر سىر - ھېكمەت باردەك، بىرىپ كۆرمىگۈچە ئايان بولماس.

جىن دېڭىزغا قاراپ تەنلىرى شۈركۈندى لېكىن شاھزادە ئەنۋەرنىڭ سۆزىنى يىرالماي: «يا تەۋەككۇل» دەپ شامالغا ئايلىنىپ شاھزادە ئەنۋەرنى غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ ماڭدى، دېڭىزدىن بولسا تۈيۈقسىز ئاجايىپ زور غەلىتە مەخلۇقلار ئوخچۇپ چىقىشقا باشلىدى، شاھزادە ئەنۋەرمۇ ئۇلارنىڭ بەتبەشىرە، بەدھەيۋەتلىكىدىن چۆچۈدى، شامال دەرھال كەينىگە يېنىپ ئۇنى قىرغاققا قايتۇرۇپ كەلدى - دە، جىنغا ئايلىنىپ دېدىكى: «بىر ئۇچار گىلەمگە ئايلىناي، ئۈستۈمدە ئولتۇرغىن، ھوشيار تۇرۇپ ئوخچۇپ چىققانلا كىمەرسىگە قىلىچ سالغىن، بولمىسا ھەر ئىككىمىز ئۇلارغا يەم بولۇرمىز».

شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى يالىڭاچلاپ تەييارلاندى، جىن ئۇچار گىلەمگە ئايلىنىپلا ئۇنى ئۈستىگە ئېلىپ، غاقىراپ ئۇچۇپ كەتتى. دېڭىزدىن يەنە غەلىتە مەخلۇقلار ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، شاھزادە ئەنۋەر سەگەك تۇرۇپ قىلىچ ئۇردى، نەچچەندلىرى سەكپارە بولدى، نەچچەندلىرى ياربدار بولدى، شۇ ھامان دېڭىزدىن ئاسمان - پەلەك دولقۇنلار كۆتۈرۈلۈپ، تەرەپ - تەرەپتىن سۇ مەخلۇقاتلىرى ئۇل تەرەپكە يىغىلىشقا، ئۆلگەن، يارىلانغان مەخلۇقاتلارنى تالىشىپ، تارتىشقا چۈشتى، ئۇچار گىلەم شاھزادە ئەنۋەرنى ئارالغا تىنچ - ئامان يەتكۈزۈپ باردى.

ئارالنىڭ تاش - تۇپراقلىرىدىن گۈل - گىياھلىرىغىچە ھەممە نەرسىسى قاپقارا ئىدى. شاھزادە ئەنۋەر ئارالغا قەدەم قويغان ھامان جىن ئۇچار گىلەم ھالىتىدىن ئۆز ئەسلىگە كەلدى ئەمما بىر قارا تاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالدى، شاھزادە ئەنۋەر كۆپ ھەسرەت - نادامەت چېكىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەسەم قىلدى، ئاندىن ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ راۋان بولدى، بىر ئورمانغا دۇچ كەلدى. دەرەخلىرى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك

بوي تارتقان، ئارىسىدا چاتقال ۋە پىلەك ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈپ، چىرمىشىپ، ئارىسىدىن شامالمۇ ئۆتەلمىگۈدەك بىر ھالغا كەلـ-گەنىدى.

شاھزادە ئەنۋەر نىمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغانىدى. دەرەخلەر ھەيۋەتلىك دىۋىلەرگە، چاتقال - پىلەكلەر غايەت زور يىلان - چايانلارغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا خىرىس قىلدى، شاھزادە ئەنۋەر دەرھال قىلىچىنى ئىشقا سالدى، بەزىلىرى بىلىدىن توغرالدى، بەزىلىرى بېشىدىن ئايرىلدى، بەزىلىرى ئۆلدى، بەزىلىرى يارد-لاندى، ئاخىر بىر يول ئېچىلدى، ئىچىگە كىردى، كۆردىكى بىر باغۇ چىمەنزار، جەننەتۇلرىزۋان مىسەللىك، ئاندا گۇللەر تاۋاقتەك - تاۋاقتەك غۇنچە تۆككەن، ياپراقلىرى زۇمرەت ۋە گۇل بەرگىلىرى ئالتۇن راۋاقلادىن ئىدى، تارام - تارام زۇلال چەشمە ئېقىنلىرى تەرەپ - تەرەپكە شىلدىرلىشىپ ئېقىپ تۇر-غان، ئاستىدا بولسا تۇخۇمدەك، ئالمىدەك لەئىلى - جاۋاھىرات-لار، ئالماس ۋە مەرۋايىتلار جۇلالاپ تۇرغانىدى.

شاھزادە ئەنۋەر سەيلە - تاماشا بىلەن بىر قەسىرگە يەتتى. ئالتۇن ۋە كۈمۈش خىشلاردىن ياسالغان، ئىشىكى قىزىل ئالتۇن ۋە دېرىزىلىرىگە خرۇستالدىن ئەينەك سېلىنغان. ئىچىگە كىر-دى، تۈۋرۈكلىرىگە زۇمرەت ۋە ھىقىقتىن گۇل نەقىشلەر چىقد-رىلىپ، ئاستىغا ئالتۇن - كۈمۈش خىش ياتقۇزۇلغان، تۇر-لۈك- تۇرلۇك خۇش سۇرەت جانىۋارلار قوللىرىدا ئالتۇن شام-دانلارنى تۇتۇپ، قىزىل، يېشىل شاملارنى ياندۇرغان، مۇشكى - ئەنبەر پۇراقلىق تۇتەكلەر لەيلەپ تۇرغان بىر زال، زالدىن ئۆتۈپ بىر سارايغا كىردى، ساراي ئوتتۇرىسىدا زەر ۋە زۇم-رەت، كۈمۈش ۋە زەبەرجەدلەر بىلەن گۇل شەكلىدە ياسالغان نەپىس ۋە شاھانە بىر تەخت، تەخت ئەتراپىدا شاخ - شاخ گۇل شەكلىدە ياسالغان ئالتۇن - كۈمۈش چىراغدانلار، چىراغدانلاردا توپتەك - توپتەك گۆھەر تاشلار ئايدەك نۇرلىنىپ تۇرغان، ئەمما

ئىنس - جىن كۆرۈنمەس ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر بىر شېرىن ئۇيقۇ باسقاندەك قىلىپ تەخت ئۈستىگە چىقىپ ياتقانىدى. تورۇستا بىر سۈرەتنى كۆردى، يۈزىگە قارا چۈمبەل يېپىلغان، ئەمما تېنى يوق بىر باش ئىدى. چۈمبەل ئاستىدا بولسا بۇلۇتلار كەينىگە پىنھان بولغان قۇياش- تەك بىر سىما جىلۋىلەپ نۇرلىنىپ تۇرار ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر چاچراپ تۇردى، چۈمبەل ئاستىدىن بىر ئاۋاز كەلدى:

— ئەي ئادەمزات، ئەجەب جاسارەتلىك ۋە ئىرادىلىك ئىكەنسەن. سېنى مۇندا زارىقىپ كۈتەر ئىدىم، مۇبارەك قەدى- مىڭ ئاخىر خاس ئارامگاھىمغا يەتتى.

شۇ سۆزدىن كېيىن قاقاقلاپ بىر كۈلگەنىدى، ئۇنلارچە كۈمۈش قوڭغۇراق تەڭلا جاراڭلىغاندەك ئەمما مىڭلارچە كىشىنى مەستخۇش قىلغۇدەك بىر سادا ياڭرىدى. چۈمبىلى قايرىلغانى- دى، ھۆسن - جامالىدىن چاقنىغان گۈزەللىك ئاپتىپى شاھزادە ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇردى، بەلكى ئەقىل - ھوش گۆ- ھىرىنى ئوغرىلىدى، شاھزادە ئەنۋەر ۋۇجۇد نوتىسى بىر ئوتقا چۈشكەندەك بولۇپ، ئاخىر بىھوش ھالىتىدە يىقىلدى.

بىر ۋاقىتلار ھوشىغا كېلىپ كۆردىكى ئول گۈزەللەر شا- ھىبانۇسى خۇرشىدى جامالىنى قات - قات چۈمپەردىلەر ئاستىغا پىنھان قىلىپ، قايغۇ - نادامەتلەر ئىلكىدە قاراپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە ئەنۋەر بۇلبۇلدەك زۇۋانغا كەلدى:

— ئەي گۈزەللىك ئىقلىمىنىڭ شاھىبانۇسى، كىمسىز؟ نى سەۋەبلىك نوتىسىدىن ئۆزۈلگەن گۈل مىسالى يۇرەرسىز؟

ئول زىبا چېھرە، خۇرشىدى تەلئەت دېدىكى:

— پەرىلەر ئىقلىمىنىڭ گۈلى رەناسى، گۈزەللىك، نازا- كەت بابىدا يېگانىسى ئىدىم ئەمما ھۆسن - جامالىم ئۆزۈمگە دۈشمەن بولدى، ھەر تەرەپتىن قارا قوللار نازۇك نىھالىمغا

سوزۇلدى، ھېچبىرىگە بوي بەرمىدىم. سەۋەبكى بىر كۈن گۆ-
ھەرگە ئايلىنىپ، شاھلىق تاجىڭغا كۆز بولۇپ چۈش كۆرگەنىد-
دىم. شۇندىن بېرى ساڭا ئاشىقى بىقارار بولدۇم. ئەمما، ئويلار
ئىدىمكى، — ئاۋۋال ئۇ مېنى كۆرسە، چىن كۆڭلىدىن ئاشىق
بولسا ۋە ھەر جايدا بولسام ئىزدەپ - سوراقلاپ تاپسا، ۋۇجۇد
گۆھىرىدىن قەھرىمانلىق نۇرلىرى جىلۋە قىلسا، ئەقىدەمگە مۇ-
ناسىپلىقى ئىسپاتلانسا، ئاندا بار - يوقۇمنى بەخشەند قىلىپ
ھالال جۈپتى نىگارىم بولسا، — دەپ. شۇنداق ئوي - پىكىر
تۈرتكىسىدە ئۆزگىلەرگە كۆڭۈل بەرمىدىم، كۈچلۈكلەرگە بوي
ئەگمىدىم ئەمما شەبىستان دىۋىلىرىنىڭ شاھى ماڭا كۆپ زورلۇق
قىلدى، ئاقىۋەت ئارىمىزدا جەڭ بولدى، جەڭدە نەچچە يۈزلىگەن
دىۋىلەر گاھ قىلىچىمدىن گاھ سېھرىي - ئەپسۇنلىرىمدىن بەر-
ھەم يەپ ھالاك بولدى. ئاخىر مەن ھەم دىۋىلەر شاھىغا ھەمدەم-
گە كەلگەن بىر دەرۋىش قولىدا تېنىمدىن جۇدا بولدۇم، بىراق
جېنىم ئۆز تېنىمدىن تاشقىرىدا بولغاچ ھاياتلىق شامىم ئۆچمىد-
دى، ئول ۋاقىت دىۋىلەر شاھى چاڭگال سوزدى لېكىن دەرۋىش
بېشىمنى بىر لوڭقىغا قاچىلىدى ۋە دېدىكى: «ئەي پەرى، ئەقىد-
دە- ئىخلاسىڭ كۈچلۈك، جاسارىتىڭ ئۈستۈن ئىكەن، ھالىڭغا
رەھىمىم كەلدى، سېنى پاراغەت قەسرىنىڭ قىرىق بىرىنچى
ھۇجرىسىدا ساقلارمەن، ئاشىق يىگىتىڭ بىر كۈنلەردە ئاندا
بارىدۇ، سېنى كۆرىدۇ، ئاشىق بولسا سېنى ئىزدەپ تاپىدۇ،
قورققاق ۋە ئىرادىسىز بولسا پاراغەت قەسرىدە قالىدۇ، قالغىنىد-
نى تەقدىر، تەلىيىڭدىن كۆر. دىۋىلەرنىڭ ماڭا قىلغان خىزمەت-
لىرى تۈپەيلى ئۇلارغا دەستىيار بولدۇم، مەغلۇبىيەت شارابى
ئىچتىڭ، تېنىڭ ئۇلارغا قالدى، باشسىز تەنگە زىيان - زەخمەت
يەتكۈزمەس، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغىن.»

شۇنداق قىلىپ، لوڭقىغا بەند بولدۇم، سېنى كۈتتۈم،
ئىسمىمنى سورىساڭ پەرىزات خۇرشىدى جاھان دەرلەر. شاھزادە

ئەنۋەر دېدى:

— ئەي خۇرشىدى جاھانىم، ساڭا جان ۋە دىلىم بىلەن ئاشىقمەن، ئەمدى ئىشىم تېنىڭنى تېپىش بولغاي، ئۇمىدۋار بولغىنىڭكى دىدارلىشىشىمىزنى نېسىپ قىلغان تەڭرى ئالتۇن بېـ. شىك بىلەن گەۋدەڭنى ھەم بىر قىلماققا ئىمكان بەرگەي.

پەرىزات خۇرشىدى جاھانىنىڭ بېشىدىن سادا كەلدى:

— ئەي كۆڭۈل مۈلكۈمگە سۇلتانىم، ئەگەر شەبىستان دېۋىلىرىنى ئىزدەر بولساڭ قاف تېغىنى ئىزدە، ئاندا بىرى سېنى توغرا يولغا سالغۇسى.

شاھزادە ئەنۋەر خۇشنۇد بولۇپ يولغا چىقار بولدى ئەمما تاشقا ئايلانغان جىن ئېسىگە كېلىپ پەرىزات خۇرشىدى جاھانغا ئىلتىماس قىلدى:

— مېنى ئارامگاھىڭغا يەتكۈزگەن ھەمراھىم ئارالغا قەدەم قويماق بىلەن تەڭ تاشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرمەككە تەدبىر قىلساڭ، ئۇنىڭسىز بۇ دىياردىن كېتىشىم مۇمكىن بولماس. پەرىزات خۇرشىدى جاھان دېدى:

— ئامانلىقىم ئۈچۈن بۇ دىيارنى ماكان تۇتقان ۋە تىلسىم بالالارنى ھازىر قىلغانىدىم، خاتىرجەم قېشىغا بارغىن. تەدبىرىـ. نى مەن قىلاي.

شاھزادە ئەنۋەر خۇرسەنلىك بىلەن قەسىردىن چىقتى، چىـ. مەنزاردىن ۋە ئېھاتە ئورمانزارلىقتىن ھەم ئۆتتى، جىنىنىڭ تاش بولغان جىسمى قېشىغا يەتتى، بىر ئاق قۇيۇن كېلىپ جىنىنىڭ تاش بولغان جىسمىغا ئۇرۇلدى، جىن دەرھال ئەسلىگە كەلدى، قۇيۇن شاھزادە ئەنۋەرنى بىر چۆگىلەپلا غايىب بولدى. جىن سورىدى:

— ئەي بۇرادەر ئەزىز، مېنى قانداق قۇتقۇزدۇڭ ۋە نى كارامەتلەرگە دۇچ كەلدىڭ؟

شاھزادە ئەنۋەر كۆرگەنلىرىنى بايان قىلدى، جىن ئۇنى

مەقسىتىگە يەتكىنى ئۈچۈن مۇبارەكلىدى، ئاندىن يەنە ئۇچار گىلەم بولۇپ شاھزادە ئەنۋەرنى دېڭىز ئۈستىدىن ئېلىپ ئۆتتى. ئاندىن شاھزادە ئەنۋەر بىلەن قول تۇتۇشۇپ يولىغا راۋان بولدى.

ئۇلار كېتىۋېتىپ ئاجايىپ زور ۋە غەلىتە مەخلۇقلارغا دۇچ كەلدى. بوي - بەستى تاغدەك ۋە بېشى ئۈچ، قولى ئالتە ئىدى. بىر بېشىدىن ئوت، بىر بېشىدىن تۈتەك ۋە يەنە بىر بېشىدىن زەھەر پۈركۈپ كېلەر ئىدى. دۇچ كەلگەنلا نەرسىنى — مەيلى ئۇ تاپ ۋە مەيلى جانلىق مەخلۇقات بولسۇن قويماي يۇتار ئىدى.

جىن ئۇلارنى كۆرۈپلا قورققىنىدىن ھوشىدىن كەتكۈدەك بولۇپ، بىرلا پىرقىرىدى، شامالغا ئايلىنىپ شاھزادە ئەنۋەرنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى، شاھزادە ئەنۋەر تەنھا قالدى، ئول بەتبەشىرىلەر بولسا ھەر قولىغا بىر خىل ياراغ ئېلىپ قىقاس - چۇقانلار ئىچىدە ئەجدىھادەك نەرە تارتىپ، جاھانغا زىلزىلە سېلىپ كېلەر ئىدى.

شازادە ئەنۋەر ئۇلارغا تاقابىل كەلمەككە كۆزى يەتمەي تەمتىرەپ قالدى ئەمما يەنىلا جاسارەت كەمىرىنى چىڭىتىپ، قىلىچىنى يالىڭاچلىدى، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېڭىگە ھازىرلاندى.

مەخلۇقاتلار يېقىنلاپ كەلدى، پۈركۈگەن ئوت ۋە تۈتەكلىرى شاھزادە ئەنۋەرنى چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى ئەمما دېڭىز بويىغا يەتكەندە يەنە توختىماي بولمىدى، ئەمدى يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالماي، خەتەر مۇشكۇلات ئىچىدە قالدى، ئەجەل بۇركۇتى بېشىغا چاڭگال سوزدى. شۇ خەتەرلىك مىنۇتلار ئەتراپىدا بىر تۈتەك پەيدا بولدى، ئۇنى ئورىۋېلىپ ئاسمانغا ئۆرلىدى، خىيالدەك تېزلىكتە ئۇچۇرۇپ ماڭدى، تۆۋەندە قالغان بەتبەشىرىلەردىن بەزىلىرى قاناتلىق ئىدى، چاقماق تېزلىكىدە كۆككە پەرۋاز قىلىپ قوغلاپ باقتى ئەمما بوي - بەستىنىڭ زور- كېلەڭسىزلىكىدىن ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەي، نائۈمىد ياندى.

شاھزادە ئەنۋەر تۇتەك ئىچىدە بوران ئۇچۇرغان خازاندەك ئۇچۇپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. بىر ۋاقىتلار يەر يۈزىدىن ئاجايىپ زور ۋە ھەيۋەتلىك بىر ئەجدىھا باش كۆتۈردى، بويى ئاسمانغا تۇۋرۈك بولغۇدەك ۋە بېشى تاغدەك ئىدى، شاھزادە ئەنۋەرنى تۇتەك بىلەن قوشۇپ دەم تارتتى، شاھزادە ئەنۋەرنىڭ قۇلاق تۈۋىدە شۇ چاغ بىر سادا ياڭرىدى:

— ھوشيار بول، قىلىچىڭنى ئىشقا سال، — دەپ.

شاھزادە ئەنۋەر ھوشىنى يىغىپ قىلىچىنى ئىشقا سالماق بولدى ئەمما ماغدۇرى يەتمىدى، ئامالسىز تىغنى ئەجدىھاغا توغ-رىلاپ تۇتۇپ بەردى، قىلىچ ئۇنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىپ، ئۈزىراپ - ئۈزىراپ، ئەجدىھانىڭ قوش چىناردەك مۈڭگۈزلىرى ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ، قۇيرۇقىغىچە تىلىپ يارتىلاپ چۈشتى، ئاندىن ئەسلى ھالىتىگە ياندى. ئىككى يارتىلانغان ئەجدىھانىڭ تېنىدىن ئىككى تاغ ھاسىل بولدى، شاھزادە ئەنۋەر تۇتەك ئىچىدە ساق - سالامەت يەرگە قەدەم قويدى. تۇتەك غايىب بولدى، شاھزادە ئەنۋەر قىلىچىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن قويىنىدىكى جىن-غا خىتاب قىلدى، :

— ئەي بۇرادەر، ئەمدى قوينۇمدىن بىمالال چىقىۋەر-گىن، خەتەردىن خالىي بولدۇق.

جىن ئۇنىڭ قويىنىدىن چىقىپ، ئۆلۈك ياتقان ئەجدىھانى كۆرۈپ سورىدى:

— بۇ نېمە كارامەت؟

شاھزادە ئەنۋەر بولغان ھادىسىلەرنى بايان قىلدى، ئۇلار سۆزلەشكەچ مېڭىپ سېپىلدەك تاغ تۈۋىگە يەتتى، جىن ئۇچار گىلەمگە ئايلاندى، شاھزادە ئۇستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ تاغقا قىلىچ ئۇردى، يېرىلدى، ئۇچار گىلەم ئاقار يۇلتۇزدەك ئۇچۇپ يېرىقتىن ئۇنى ساق - سالامەت ئېلىپ ئۆتتى، ئاندىن جىن ئەسلىگە كەلدى. ئۇلار يولىنى داۋام قىلدى، جىننىڭ

ماكانى بولغان چەشمە بويىغا يەتتى. ئاندا جىن دېدىكى:
— ئەي بۇرادەر ئەزىز، ماكانىمغا يېتىپ كەلدۇق، ئارام-گاھىمغا قەدەم تەشرىپ قىل، سەن ئەزىز مېھمىنىمسەن.
شاھزادە ئەنۋەر «ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلى» دەپ ماقۇللۇق بىلدۇردى. جىن ئۇنىڭغا كۆزۈڭنى يۇم دېدى - دە، قولتۇقلاپ چەشمىگە سەكرىدى، شاھزادە ئەنۋەر پۇتى يەرگە تەگكەندەك بولۇپ كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىنى بىر گۈلچىمەنزاردا كۆردى، ھېچ يېرى ھۆل بولماپتۇ.
بۇ يەر ئۆزگىچە بىر دۇنيا ئىدىكى گۈللەر ھۇپپىدە ئېچى-لىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان، سۇلار ھەر تەرەپكە شىلدىر-لاپ ئېقىپ تۇرغان ئەمما ئۇستى ۋە ئەتراپقا قارىغان كىشى ئۆزىنى غايەت زور بىر گۇمبەز ئىچىدە تۇرغاندەكلا ھېس قىلار ئىدى.
جىن ئۇنى بىر شاھانە قەسىر ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، قەسىر كىچىك بولسىمۇ لېكىن بەك كۆركەم ئىدى، ئاندا ئالتۇن شىرە ھازىرلاپ، بىللۇر تاۋاقلاردا تۈرلۈك - تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر كەلتۈردى، ياقۇت جاملارغا گۈل رەڭلىك شارابلار تولدۇردى.
شاھزادە ئەنۋەر ھۇزۇر بىلەن نازۇ نېمەتلەردىن بەھرە ئال-دى، ئاندىن تۇرۇپ گۈللەرنى تاماشا قىلدى، شۇنداق يۈرۈپ، ئىچكەن شاراب ۋە گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى تەسىرىدە مەست بولۇپ يىقىلدى، شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولدى ۋە بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە، نۇرلۇق قۇياش ئۆز قوينىدا نۇر چېچىۋاتقۇ-دەك ئەمما بىر قارا قول كېلىپ، قۇياشنى سۇغۇرۇۋالماقچى بوپتۇدەك...
شاھزادە ئەنۋەر چۆچۈپ ئويغاندى، كۆردىكى يېنىدا قەدىر-دان دوستى جىن تۇرۇپتۇ ئەمما قېتىپ قالغاندى. تۇتۇپ باققا-نىدى، تاشقا ئايلىنىپتۇ.
نى سەۋەبلىك ئۇنىڭ شۇ ھالغا كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي

گاڭگىراپ قالدى، يەر يۈزىگە قانداق چىقىشىنى بىلمەي قايغۇغا چۆمدى، شۇ چاغ بىر تۈتەك پەيدا بولدى، ئۇنى ئورىۋالغانچە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ چەشمە بويىغا ئېلىپ چىقىپ تاشلىدى. شاھزادە ئەنۋەر جىننىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئەسلەپ، ئۇنى تاش ھالىتىدە تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى قويمىدى.

شۇنداق تۇرغىنىدا قۇلاق تۈۋىدە يەنە بىر سادا ياڭرىدى:

— ئەي نادان، جىن بەختىڭگە قەست قىلىپ ئەدىپىنى يېدى، ئەمما قايغۇرۇپ كەتمە، ئۈچ كۈن تاش ھالىتىدە تۇرۇپ يەنە ئەسلىگە كەلگۈسى، يولۇڭغا كېتىۋەرگىن ۋە ئۇنى ئېسىڭ-دىن چىقارغىن.

شاھزادە ئەنۋەر غايىبتىن ئۆزىگە ياردەم بەرگۈچىنىڭ كىم-لىكىنى بىلمىدى لېكىن كۆڭلى تىنچىپ يولىغا راۋان بولدى. نەچچە كۈنلەر يۈرۈپ، كۈمۈش ئەجدىھا دەرياسى بويىغا يەتتى، ئاندا تۇرۇپ توۋلىدى:

— يا دوستۇم ئاق بېلىق قايداسەن؟ — دەپ.

ھايالسىزلا ئاق بېلىق كۈمۈش رەڭلىك دولقۇنلار ئارىسى-دىن شۇڭغۇپ چىقىپ دېدىكى:

— خىزمىتىڭگە تەييارمەن. شاھزادە ئەنۋەر دېدى:

— ئەمدى مېنى بۇ دەريادىن ئېلىپ ئۆتۈپ كەتسەڭ.

ئاق بېلىق دەرھال ئۇنى يۈتتى، ئۈچ كېچە - كۈندۈز دولقۇن يېرىپ ئۈزدى، گۆھەرىستان ئارىلىغا يەتكەندە شاھزادە ئەنۋەرنى ئارالغا چىقىرىپ تاشلىدى، شاھزادە ئەنۋەر نېمىشقا بۇ يەرگە چىقىرىپ قويغىنىدىن ئەجەبلىنىپ تۇرغانىدى، تاغ ئۈس-تىدىن دىۋە بىلەن يىلان تەنلىك پەرىزات قۇشتەك يەڭگىل ئۇ-چۇپ قېشىغا چۈشتى، ھال - ئەھۋال سورىدى، شاھزادە ئەنۋەر بار ئەھۋالاتنى بايان قىلدى. يىلان تەنلىك پەرى دېدىكى:

— دەريانىڭ سەن بارماقچى بولغان تەرىپى يېقىنلاشقانلا كىمەرسىنى دەم تارتىپ كېتىدۇ، ئاق بېلىق سېنى ئاندا ئېلىپ

بارسا قىرغاققا تىنچ ـ ئامان چىقىرىپ قويالمايدىغانلىقى ئۇچۇن سېنى مۇندا ئېلىپ كەپتۇ.

شاھزادە ئەنۋەر خامۇش بولۇپ سورىدى:

— بۇنىڭغا ئامال يوقمىدۇ؟

— ئامال بار، — دېدى يىلان تەنلىك پەرىزات، — مەندە بىر ئەڭگۈشتەر بار، ئۇزۇك كۆزىگە ئورنىتىلغان، قولۇڭغا سېلىۋالساڭ ھېچقانداق خەتەرگە دۇچ كەلمەيسەن.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئەڭگۈشتەر كۆزلۈك ئۇزۇكنى شاھزادە ئەنۋەرنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويدى، ئاندىن دىۋە بىلەن ئۇنى ئارال گىرۋىكىگە ئۇزىتىپ باردى ـ دە، ئاق بېلىققا دېدى:

— ئەمدى ئۇنى خاتىرجەم ئېلىپ مېڭىۋەر، قىرغاققا چىققاندا خەتەرگە دۇچ كەلمەيدۇ.

ئاق بېلىق شاھزادە ئەنۋەرنى يۇتتى، ئۇچ كېچە ـ كۈندۇز ئۇزۇپ قارشى قىرغاققا يەتتى، شاھزادە ئەنۋەرنى قىرغاققا چىقىرىپ قويغىنىدىن كېيىن دېدىكى:

— ئەي بۇرادەر ئەزىز، ئەمدى خوشلىشار ۋاقتىمىز بولدى، قالغان سەپىرىڭگە ئامانلىق تىلەيمەن.

شاھزادە ئەنۋەر ئاق بېلىق بىلەن خەيرلىشىپ يولغا راۋان بولدى. نەچچە كۈنلەر يۇرۇپ بىر چىمەنزارغا يەتتى، ھارغىنلىق يېتىپ ئۆزىنى تاشلىدى، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغۇچە يەنە چاچراپ تۇردى، چۇنكى چىمەنزاردا بىر زىلزىلە پەيدا بولۇپ، زېمىن تەۋرەشكە باشلىدى، نېمە ئىشلار يۇز بېرىشىنى بىلمىدى، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىش كويىدا قالدى. ئەمما شۇ چاغدا چىمەنزاردىكى بىر چەشمە قايناپ ـ تاشقىنلاپ ئىچىدىن بىر سۇتتەك ئاق ئەجدىھا ئېتىلىپ چىقتى، ئارقىدىن زېمىن يېرىلىپ ئاق ئەجدىھادىن ئون باراۋەر زور ۋە ھەيۋەتلىك بىر قارا ئەجدىھا چىقتى. ئاق ئەجدىھاغا چاڭگال سوزدى، ئاق ئەجدىھا ھەسرەتلىك بىر سادا چىقىرىپ شاھزادە ئەنۋەردىن مەدەت تىلىگەندەك بول-

دى، شاھزادە ئەنۋەر دەرھال قىلىچىنى سۇغۇرۇپ قارا ئەجدىھاغا ئۇردى، قارا ئەجدىھا قاق بېلىدىن ئىككى پارچە بولۇپ، قاپقارا قانلىرى شارقىراپ ئاقتى، ئارقىدىنلا بىر ئوت پەيدا بولۇپ، چىمەنزار ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى، ئاق ئەجدىھا كۆكتىن شۇڭغۇپ چۈشكەنچە شاھزادە ئەنۋەرنى چاڭگىلىدا كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ كەت-تى.

ئۇچتى، ئۇچتى، يەنە بىر گۈلىستانغا يەتكەندە يەرگە چۈش-تى، گۈلىستاندىكى گۈللەردىن شۇ ھامان قاقاقلاپ كۈلگەن سادالار ياڭرىدى، خۇش پۇراقلار چېچىلدى.

ئاق ئەجدىھا بىر داستىخان ھازىرلاپ تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر ۋە ئىچىملىكلەرنى مول قىلدى، شاھزادە ئەنۋەرنى ئىشارەت بىلەن تەكلىپ ئەتتى، شاھزادە ئەنۋەر قانغۇچە بەھرە ئالغاندىن كېيىن كۆزلىرىگە ئۇيقۇ لەشكىرى تاجاۋۇز قىلىپ، ئولتۇرغان يېرىدىلا قىڭغىيىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى. بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە ئايدىن ئۇزراق ۋە قۇياشتىن نۇرلۇقراق بىر سەرۋى قامەت، خۇشرەفتار پەرىزات پەيدا بولۇپ: «ئەي باھادىر، قىل-غان ياخشىلىقىڭغا تەشەككۇر، سېنى قاف تېغىغا يەتكۈزدۇم، ئەمدى كۆزۈڭنى ئاچقىن» دېگۈدەك.

شاھزادە ئەنۋەر كۆزىنى ئاچتى، ئۆزىنى قاف تېغىنىڭ ئۈستىدە كۆردى، ھەيرانلىق ئىچىدە ھەر تەرەپكە كۆز سېلىپ، شاھناز پەرىنىڭ قەلئەسىنى ئىزدىدى ئەمما نىشانە بولمىدى، ئىزسىز غايىب بولغاندەكلا ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر نېمە ئىشلار بولۇپ ئۆتكىنىنى بىلمەي تۇر-غاندى، بىر تەرەپتىن شاھناز پەرى ۋە گۈلناز پەرىلەرنىڭ سۈرىتى زاھىر بولدى، ئاي ۋە قۇياش مىسالى نۇرلاندى.

شاھزادە ئەنۋەر خۇرسەن بولۇپ سورىدى:

— ئەي پەرىلەر، قەلئەيىڭلار قېنى؟ سۈرەتلەردىن سادا كەلدى:

— بىز تەرەپكە كەلگىن، قەلئەگە ئېلىپ بارايلى، قەلئەنى مۇندىن يۆتكەپ كېتەلمەيمىز.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇلار تەرەپكە يۈردى ئەمما يولىنى تۇمان قاپلىغانىدى، ئۇ نەچچە قەدەم يۈرۈپلا بوشلۇققا دەسسەپ قالـ دى، تۆۋەنگە موللاق ئاتتى. كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇرلۇقتىكى بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنى ھېس قىلدى - دە، چۆچۈپ ئەندىـ كىپ تۋۋلىدى: «يا دوستۇم سۇمۇرغ قايداسەن» دەپ.

ھايالسىز بۇلۇت - تۇمانلار ھەر تەرەپكە تارىلىپ، ئۈستىـ دىن سۇمۇرغ شۇڭغۇپ چۈشتى - دە، شاھزادە ئەنۋەرنى چاڭگىـ لىغا ئېلىپ ئۈستىگە ئۆرلىدى، تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى. سورىدىكى:

— ئەي ئەزىزىم، نى سەۋەبتىن ھاڭغا چۈشۈپ كەتتىڭ؟

شاھزادە ئەنۋەر سۈرەتكە ئالدىنىپ بۇ پالاكەتكە يولۇققىنىنى بايان قىلدى، سۇمۇرغ دېدى:

— ئول سۈرەتلەر غايىب بوپتۇ، ئۇلار بەلكى بىر ئېزىتـ قۇ، ساڭا قويۇلغان بىر تۇزاق، ئەمدى ئالدىراپ كۆرگەنلا نەرسىگە ئىشىنىپ كېتىۋەرمە، ئېھتىيات قىلغىن.

شۇ سۆزدىن كېيىن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى، شاھزادە ئەنۋەر ئەمدى قايان بارارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى، شۇ چاغ بىر شامال كەلدى. شامال بىلەن بىر كېپىنەك ئۇچۇپ كەلدى، ھەرقانتى بىر قولياغلىقتەك بار ئىدى، پۇتلىرىدا بىر پارچە مەكتۇپنى كۆتۈرۈپ كېلىپتۇ.

شاھزادە ئەنۋەر خەتنى ئېلىپ كۆردى: «ئەي شاھزادە ئەنـ ۋەر، قاچانكى قاف تېغىغا قەدىمىڭ يەتسە شاپائەت قولۇڭنى بىز تەرەپكىمۇ سوزغىن، ئازاب دەستىدىن، بەندىلىكتىن ئازاد قىلـ غىن، نىجاتلىق گۈلشەنىگە يەتكۈزگىن، بار ئۇمىدىمىز بىر سەندىلا، يولۇڭغا ئىنتىزارمىز. كېپىنەك ئاندا سېنى كۈتىدۇ، سېنى بىز بەند قىلىنغان جايغا يەتكۈزىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

شاھزادە ئەنۋەر بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي تۇرۇپ قال-دى، ئاخىر يەنە تەۋەككۇل قىلىپ، كىيىنەككە ئەگەشتى، ئۈچ كېچە - كۈندۈز يۈردى، بىر مۇنارغا دۇچ كەلدى، مۇنارغا شاھناز پەرى، گۈلناز پەرىلەر چېچىدىن ئېسىلغانىدى، شاھزادە ئەنۋەرنى كۆرۈپلا نالە قىلدى:

— ئەي قەھرىمان دەۋران، مەرد - باھادىر، تېزرەك بىزنى قۇتقۇزۇۋالغىنا، — دەپ. شاھزادە ئەنۋەر سورىدى:

— نېمە سەۋەبلىك بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟

گۈلناز پەرى دېدى:

— سەن كېتىپ بىز يارىشىپ قالدۇق، قەلئەنى بىللە ماكان قىلدۇق ئەمما شەبىستان دىۋىلىرى بىزنى ئەسىر قىلدى، ئاچامنىڭ چېچى كېسىلىپ سېھرىي جادۇگەرلىك خىسلىتى يو-قالغاچقا بىز بۇ ھالغا قالدۇق، مەندە ئۇلارغا تاقابىل كەلگۈدەك قۇربەت يوق ئىدى. قەلئەيىمىزنى سېھرىي- ئەپسۇن كۈچى بىلەن باشقا جايغا يۆتكىدى، بىزنى ئۇشبۇ مۇنارغا بەند قىلدى، نېمە سەۋەبلىك شۇنداق قىلغىنىنى بىلمىدۇق. شاھزادە ئەنۋەر سورىدى:

— شەبىستان قەيەردىدۇر؟ سىلەرنى قانداق تەدبىر بىلەن ئازاد قىلدۇرىمەن؟ شاھناز پەرى دېدى:

— شەبىستان سول تەرەپتە، قارا تاش ئاستىدىكى. . .

ئۇنىڭ سۆزى تامام بولماستىنلا بىر قارا بۇلۇت كېلىپ ئورىۋالدى پەرىلەر تاشقا ئايلاندى، شاھزادە دەرھال بۇلۇتقا قىلىچ ئۇردى، دەھشەتلىك چىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قاپقارا قانلار چېچىلىپ، قاق بېلىدىن ئىككى پارە بولغان بىر دىۋە يەرگە چۈشتى.

سەپسېلىپ كۆردىكى دىۋىنىڭ ۋۇجۇدى كۆمۈردىن ئويۇلغان ھەيكەلگىلا ئوخشار ئىدى. پېشانىسىدە بىرلا كۆزى، كۆزى ئۈستىدە بىر شاخ مۈڭگۈزى بار ئىدى.

شاھزادە ئەنۋەر پەرىلەرنىڭ ھالىغا ئىچىندى ئەمما ئامال-
تەدبىرى بولمىغاچقا شەبىستاننى ئىزدەپ راۋان بولدى، شەبىس-
تان دىۋىلىرىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورىماق بولدى.

شۇنداق يۈرۈپ بىر قورام تاشقا دۇچ كەلدى، ئويلىدىكى
شەبىستان يولىنى توسۇپ تۇرغان قارا تاش شۇ بولسا كې-
رەك، — دەپ.

تاشقا زەردە بىلەن قىلىچ ئۇردى، ئالەمنى زىلزىلىگە سالغۇ-
دەك گۇلدۇر - قاراسلىغان سادالار ئىچىدە قارا تاش يېرىلىپ،
ئىككى تەرەپكە غۇلاپ چۈشتى، ئارىسىدىن بىر قۇدۇق ئاغزى
زاھىر بولدى، قۇدۇقتىن سوغ شامال ھۇۋۇلداپ چىقىشقا
باشلىدى.

شاھزادە ئەنۋەر يېقىنلاپ قارىدى، قۇدۇق ئاستىغا كۆزى
يەتمىدى، ئاخىر: «يا تەۋەككۇل» دەپ سەكرىدى، چىقىۋاتقان
سوغ شامال ئۇنى لەيلىتىپ، لەيلىتىپ ئاخىرى قۇدۇق ئاستىغا
يەتكۈزدى، قۇدۇق ئاستى بىر قاراڭغۇ زۇلمەتلىك ماكان بو-
لۇپ، قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە بىلىنمەس ئىدى.

بىر ۋاقىتلار ھەرتەرەپتىن يۇلتۇزدەك - يۇلتۇزدەك قىپقى-
زىل نېمىلەر ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى، شاھزادە ئەنۋەر دەرھال
قىلىچىنى يالىڭاچلىدى، قىلىچىنىڭ بىسى قۇياشتەك نۇرلى-
نىپ، قۇدۇق ئاستىنى مۇنەۋۋەر قىلدى.

شاھزادە ئەنۋەر قىزىل يۇلتۇزدەك كۆرۈنگەن نېمىلەرنىڭ
ئەسلى كېلىۋاتقان قارا دىۋىلەرنىڭ كۆزى ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلدى، يىراقتىن يۇلتۇزدەك كۆرۈنگەن بۇ قىزىل كۆزلەر يې-
قىنلىغانسېرى يوغىناپ ئاخىر پانۇستەك ھالغا كەلدى، ئۇل
كۆزلەرنىڭ ئىگىلىرى بولسا بېشى گۈمبەزدەك، بۇرۇن تۆشۈك-
لىرى موردىدەك، ئاغزى يالاقتەك، بەستى كىچىك تاغدەك مەخ-
لۇقاتلار ئىدى ئەمما ھەممىسى بىر كۆزلۈك بولۇپ، كۆزىدىن
چاقنىغان نۇر شولىسىدا ھەرىكەت قىلار ئىدى، كۆزلىرى ئۇس-

تىدىن بولسا يەك شاخ مۈڭگۈز قوزۇقتەك تېشىپ چىققانىدى.

شاھزادە ئەنۋەر يىقىنلاشقانلا دىۋىگە قىلىچ ئۇردى، زەربە يېگەن دىۋىلەر تاغ يىقىلغاندەك يىقىلىشقا باشلىدى، دىۋىلەرنىڭ گۈرزە - ئومۇتلىرى بولسا قىلىچقا دۇچ كەلگەن ھامان مايدەك توغرىلىپ كېتىپ كېرەككە كەلمىدى، ئامان قالغان دىۋىلەر ئاخىر سېھرىي - ئەپسۇنگەرلىككە ئۆتتى، گاھ ئوت پەيدا قىلسا، گاھ سۇ پەيدا قىلدى، گاھ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرسا، گاھ تاش- تۇپراق ياغدۇردى . . . ئەمما، قىلغان ئەمەللىرى بىكار بولدى، شاھزادە ئەنۋەرگە سېھرىي - ئەپسۇن كار قىلماس ئىدى.

بىر ۋاقىتلار بىر تەرەپتىن ئاجايىپ زور ئەجدىھاغا مىنىپ بىر دىۋە كەلدى، ئەجدىھا تاغنى دەم تارتسىمۇ يۇتكىلىپ ئاغزىغا كىرىپ كەتكۈدەك بىر ئەلپازدا ئىدى. ئۇستىدىكى دىۋە بولسا مۈڭگۈزى باشقا دىۋىلەردىن ئۇزۇنراق ۋە تۇرقى - سىياقى ھەي- ۋەتلىكرەك بىر دىۋە ئىدى.

— ئەي ئادەمزات، — توۋلىدى دىۋە گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز بىلەن، — ئەجەب باھادىر ئىكەنسەن، تا بۇ كەمگۈچە ئۆز تائىپىلىرىمدىن باشقا ھېچ كىشى بۇ ماكانىمغا قەدەم باسالمىغان- دى. ساڭا قايىلمەن، كەل، مېھمىنىم بول، سۇلھى قىلايلى.

— ئەي بەتبەخت، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر يىرگىنىش بىلەن، — سۇلھىگە رايىم يوق، ئامان قالاي دېسەڭ پەرىزات خۇرشىدى جاھانىنىڭ مۇبارەك تېنىنى تاپشۇرغىن، تاشقا ئايلان- غان پەرىزاتلارنى ئەسلىگە كەلتۈرگىن. دىۋە مەلئۇن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ دېدىكى:

— ئەي ئادەمزات، كەم ئەقىللىقىڭدىن دامىمغا چۈشۈپ بۇ يەرگە كەلدىڭ، شۇ ھالدا ئۆز بېشىڭنىڭ غېمىنى قىلماي ماڭا تەھدىت قىلارمۇسەن، سەن ئۇچۇن تەييارلاپ قويغان ئېزىت- قۇ كار قىلمىغان بىلەن ئاستىمدىكى ئەجدىھاغا تاقابىل كېلەل-

مەسسەن، پەرىزات خۇرشىدى جاھاننىڭ ھۆرمىتى، ساڭا ئامان-
لىق بېرەي، قاف تېغىنىڭ ئارقىدا نى ئىشلارنى قىلغان ۋە
كۆرگىنىڭنى بايان قىلغىن.

— ئەي لەنىتى، — دېدى شاھزادە ئەنۋەر غەزەپ-
لىنىپ، — بايان قىلسامۇ ساڭا ئاندا بېرىشقا يول يوق،
تەلپىمنى ئورۇندا، يا ئۆلۈمگە ھازىرلان، ئول ئەجدىھادىن
يۈزى بولسىمۇ بىر قىلىچىم بىلەن ھەممىسىنى يوقلۇق ئالىمىگە
ئۇزىتارمەن.

دىۋە مەلئۇننىڭ قەھر - غەزىپى تېشىپ، ئەجدىھاغا ئىشا-
رەت قىلدى، ئەجدىھا غاردەك ئاغزىنى ئېچىپ دەم تارتتى،
شۇنداق قاتتىق دەم تارتتىكى يەر تەۋرەپ كەتتى. توغرا كېلىپ
قالغان دىۋىلەر ۋە دىۋىلەرنىڭ جەسەتلىرىمۇ بىرى قالماي ئاغزىغا
كىرىپ كەتتى، ھەر يوغان قورام تاشلارمۇ ئورنىدىن قوزغى-
لىپ، قۇم - شېغىل مىسالى ئۇچۇپ بېرىپ ئەجدىھانىڭ قارنىغا
كىرىپ كەتتى. ئەمما، شاھزادە ئەنۋەر مىت قىلماستىن ئورنىدا
مەزمۇت تۇرىۋەردى بەلكى ئەجدىھاغا قىلىچ ئۇردى. ئەجدىھانىڭ
بېشى ئىككى پارە بولدى، شاھ دىۋە مەلئۇن ئۆزىنى دەرھال
چەتكە ئېلىۋالغاچ ئامان قالدى، شاھزادە ئەنۋەرگە سېھرىي -
ئەپسۇن كار قىلماسلىقىنى بىلىپ زور تاشلارنى ئېلىپ ئېتىشقا
باشلىدى. شاھزادە ئەنۋەرنى يانجىپ تاشلاش ئۇمىدىدە ئىدى.

شۇ چاغ شاھزادە ئەنۋەرنىڭ قويىنىدىن بىر تۇتەك چىقىپ،
قاياققىدۇر غايىب بولۇپ كەتتى، دىۋىمۇ، شاھزادە ئەنۋەرمۇ
بىر- بىرىنى ھالاك قىلماق كويىدا قالغاچ، ئۇنىڭغا دىققەت
قىلمىدى.

دىۋە ئاتقان تاشلار شاھزادە ئەنۋەرنىڭ قىلىچىغا دۇچ كەل-
گەن ھامان تېرىقتەك چېچىلىپ كېتەر ئىدى. شاھزادە ئەنۋەر
قىلىچ ئۇرسا دىۋە مەلئۇنمۇ چاقماق تېزلىكىدە ئۆزىنى چەتكە
ئېلىپ ئامان قالار ئىدى. ئۇلار شۇنداق بىر - بىرىنى يېڭەلمەي

ئاۋارە بولۇپ تۇرغىنىدا دىۋە مەلئۇنىنىڭ كەينىدىن بىر تۇتەك كېلىپ دىۋىنى ئورىۋالدى، دىۋە غايەت زور بىر تاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالدى. تۇتەك ئىچىدە بولسا پەرىزات خۇرشىدى جاھان. نىڭ بېشى پەيدا بولدى، جامالى شولىسىدىن شەبىستان ئاپتاپقا چۆمگەن يورۇق ئالەمگە ئۆزگەردى، شاھزادە ئەنۋەر ئەقىل - ھوش گۆھىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا تاسلا قالدى.

پەرىزات خۇرشىدى جاھان شاھزادە ئەنۋەرنىڭ ھالىنى كۆ. رۈپ خۇرشىدى جامالىغا بىر چۈمبەلنى توسۇق قىلدى ئەمما قېلىن چۈمبەل ئاستىدىمۇ نۇر ۋە شولا جىلۋە قىلار ئىدى. ئاندىن دېدىكى:

— ئەي ئەزىزىم، بىر قاپاق سۇ بىلەن تاۋۇتقا بەند قىلىن. غان تېنىمنى ھازىر قىلىمەن، بېشىمنى تېنىمغا تۇتاشتۇرماق كارىنى سىز قىلىڭ، قاپاقتىكى ئابىھايات سۈيىنى چاچسىڭىزلا كۇپايە.

ئاندىن ئۇ غايىب بولۇپ كېتىپ ھايالسىزلا بىر گۇللۇك قاپاق بىرلە خرۇستال تاۋۇتنى ئۇچۇرۇپ كەلدى، قاپاقنىڭ ئاغزى مۆھۈرلۈك پېچەت بىلەن ئېتىلگەن، تاۋۇتقا بولسا ئاجا. يىپ خۇش قامەت بىر باشسىز تەن ئۇنچە - مارجانلاردىن، ئالماس ۋە زۇمرەتتىن لەئەل ۋە مەرۋايىتلاردىن گۈل - نەقىشلەر قويۇلغان يىپەك كىيىملىرى بىلەنلا سېلىنغان. ھېچ يېرىدىن شامالمۇ كىرەلمىگۇدەك دەرىجىدە ھىملىنىپ، زەر خەتلىك، مۆھۈرلۈك باغاقچە بىلەن ئۇمۇ پېچەتلەنگەنىكەن. پەرىزات خۇر. شىدى جاھان دېدى:

— پېچەتلەرنى بۇزۇپ تاۋۇتنى ئېچىش ۋە ئابىھاياتتىن پايدىلىنىش بىر سىزگىلا خاس قىلىنغان، بۇلار دەرۋىشنىڭ سىز ئۈچۈن قالدۇرغان مىراسلىرىدىندۇر، خالىسىڭىز ئابىھايات بىلەن مەڭگۈلۈك ھاياتقا مۇشەررەپ بولۇرسىز، قاپاقتا تامچىسى. نى قالدۇرماي سۈمۈرسىڭىزلا كۇپايە، خالىسىڭىز مېنى ئەسلى.

گە كەلتۈرۈڭ. شاھزادە ئەنۋەر دىدى:

— مەڭگۈلۈك ياشىغاندىن بىر سائەتچە بولسىمۇ سىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولغىنىم ئەۋزەل، سىزسىز ماڭا بۇ ھاياتتا نى لەززەت بولغاي.

ئاندىن ئۇ پىچەتنى تاۋۇتتىن سويۇپ ئالدى، مىسلى بىر تاغنى يۆتكىگەندەك بولدى، تاۋۇتنى ئىچىپ پەرىزات خۇرشىدى جاھاننىڭ بىشىنى گەۋدىسىگە توغرىلىدى. ئاندىن قاپاقتىن پىچەتنى سويدى، ئاجايىپ زور كۈچ ـ غەيرەت ۋە قۇۋۋىتى سەرپ بولدى، ھالسىزلىنىپ يىقىلار ھالغا يەتتى، شۇ ھالدىمۇ قاپاقتىكى سۇنى پەرىزات خۇرشىدى جاھاننىڭ بىشى بىلەن گەۋدىسى تۇتاشقان جايغا سەپتى، قاپاقتىن بىر ئوتلامچە سۇپسۈزۈك ۋە ئاجايىپ خۇشبۇي سۇ چىقتى، پەرىزات خۇرشىدى جاھان بىشى بىلەن گەۋدىسى قىلچە ئازار يەتمىگەندەك بىر ھالدا تۇتىشىپ، ئەسلىدىكى ھالىتىدىنمۇ ئۇززاق ۋە نۇر ـ گۈزەللىكتىنلا يوغۇرۇلغاندەك بىر ھالدا ئورنىدىن تۇردى، شاھزادە ئەنۋەرنىڭ بىر ئىشقى مىڭ بولدى، ئەقلى لال ۋە تىلى گال بولدى.

ئاخىر تىلىغا زور بىلەن رىغبەت بىرىپ شۇنداق دىدى:

— ئەي پەرىزات خۇرشىدى جاھانىم، قانداقسىگە بۇ دىيارىدا پەيدا بولۇپ قالدىڭىز؟ پەرىزات دىدى:

— تۇتەك بولۇپ قويىنىڭىزغا كىرىۋالغانىدىم ھەم ئۇشبۇ ماكانغا كەلگۈچە سىزگە يار ـ ھەمدەم بولۇپ ئايرىلمىدىم، دىۋە مەلئۇن بىلەن جەڭگە مەشغۇل بولدىڭىز، شۇ پۇرسەتتە ئۇنىڭ قەسرىگە كىرىپ تاۋۇتنى ۋە ئابىھايات قاپىقىنى تاپتىم، ئاندىن چىقىپ ئۇنى بىخۇد ھالىتىدە ئورىۋىلىپ تاشقا ئايلاندۇردۇم. ئۇنىڭ ھەيكىلى ئەمدى مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ بۇ جايدا قالىدۇ، بىز ھەممە كۈلپەتلەردىن پارىغ بولدۇق.

شاھزادە ئەنۋەر بىيار خۇشنۇد بولدى، پەرىزات ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ئىلىپ ماڭدى، بىر جايغا يەتكەندە ئۇستىگە ئۆرلەپ

قۇدۇقتىن چىقتى، قول تۇتۇشۇپ يۈرۈپ مۇنار قېشىغا يەتتى، ئىككى پەرى يەنىلا تاش ھالىتىدە تۇرۇپتۇ.

شاھزادە ئەنۋەر پەرىزات خۇرشىدى جاھانغا ئىلتىماس قىلـ-دى، ئۇل بىچارىلەرگە بىر تەدبىر قىلساڭ، ئەسلىگە كەلسە.

پەرىزات خۇرشىدى جاھان بىر سىقىم تۇپراققا ئەپسۇن ئوقۇپ مۇنارغا چاچتى. تاش ھالەتتىكى پەرىلەر ئەسلىگە كەلدى، تۆۋەنگە چۈشۈپ تەشەككۈر ئىزھار قىلدى. شاھزادە ئەنۋەر ئۇلار بىلەن خۇرشىدى جاھاننى سېلىشتۇردى، مەھبۇبىنىڭ ئۇل پەرد-لەردىن ئون باراۋەر ئۈزراق ۋە نازاكەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ۋۇجۇد بوتىسى شادلىق سۈيىگە تولۇپ تاشتى. ئاندىن شاھزادە ئەنۋەر سورىدى:

— ئەمدى قايسى يول بىرلە ماڭارمىز؟

پەرىزات خۇرشىدى جاھان دېدى:

· — ئىختىيار تىزگىنىم قولىڭىزدا بولغاي ئەمدى قايسى تەرەپكە يېتەكلىسىڭىز شۇ ياققا ماڭارمىز. شاھزادە ئەنۋەر خۇر-سەن بولۇپ دېدى:

— ئانداق بولسا ئادەمزات ئېلىگە، تىلسىم قەلئەگە باراي-لى. شاھناز پەرى، گۈلناز پەرىلەر ئىلتىماس قىلدى:

— بىزگە رۇخسەت بەرسىڭىزلەر، ئەمدى دىۋىلەر يۆتكەپ كەتكەن قەلئەمىزنى تېپىپ ئورنىغا كەلتۈرۈۋېلىشنىڭ كويىدا بولساق.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇلارغا رۇخسەت بەردى، ئاندىن سۇمۇرغنى چاقىرىپ خىتاب قىلدى:

— يا دوستۇم سۇمۇرغ قايداسەن؟ — دەپ.

ھايالىسىزلا سۇمۇرغ ھازىر بولدى، شاھزادە ئەنۋەرنىڭ تى-لىكى بىلەن ئۇنى ۋە پەرىزات خۇرشىدى جاھاننى ئۈستىگە ئېلىپ كۆككە پەرۋاز قىلدى، بارغانسېرى تېز ۋە ئېگىز ئۇچتى. بىيار مەنزىللەرنى ئارقىغا تاشلاپ ئاخىر تىلسىم قەلئە ئۈستىگە يەت-

كۇزدى ئەمما قەلئە يەر ئاستىغا چۆككەندى. شاھزادە ئەنۋەر يىلان تەنلىك پەرىزات بەرگەن ئاق ئەتىرگۈلنى قوينىدىن ئېلىپ شۇ يەرگە تاشلىدى، ئەتىرگۈلدىن تارام - تارام نۇر چەمبىرىكى تارىلىپ يەر يېرىلدى، قەلئە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، ئىچىدىن قۇ-ياشتەك نۇرلىنىپ پەرىزات چىقىپ كەلدى، سۇرەتتىكى پەرىنىڭ ئۆزى ئىدى.

سۇمۇرغ خوشلىشىپ كۆككە پەرۋاز قىلدى، پەرىزات گۈل-نىگار شاھزادە ئەنۋەردىن مىننەتدار بولۇپ شۇنداق دېدى:

— ئەي نىجاتكارىم، مېنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرگىنىڭىزگە بارلىقىمنى تەسەددۇق قىلساممۇ تەشەككۈرۈم تۈگىمەس، خىز-مىتىڭىزگە تەييارمەن. شاھزادە ئەنۋەر دېدى:

— سىزگە مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلماق بىھاجەت، سىزنى بەندىلىكتىن قۇتقۇزۇش يولىدا مەن ھەم بەختىمنى تاپتىم، ئەم-دى ھايالسىز شاھزادە پەرۇخنىڭ ئالدىغا بارسىڭىز، ئول بىچارە دىلخەستىنى ۋەسلى گۈلشەنىڭىز بىلەن شاد قىلسىڭىز.

ئاندىن شاھزادە ئەنۋەر قىزىل چۇغلۇقنى ئېلىپ پەرىزاتقا تۇتتى. پەرىزات بىرلا پۈرىدى، ئون بەش ياشلاردىكى ھالىتىگە ياندى. ئاندىن خەيرلىشىپ ئاق كەپتەر بولۇپ كۆككە پەرۋاز قىلدى ۋە:

— شاھزادە پەرۇخ قايداسەن؟ — دەپ كېتىپ قالدى. پات ئارىدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

شاھزادە ئەنۋەر ئەمدى پەرىزات خۇرشىدى جاھان بىلەن مەسلىھەت قىلدى:

— ئەي خۇرشىدى جاھانىم، بىر خاسىيەتلىك چۇش تۈپەي-لى ئاجايىپ سەرەگۈزشتىلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرى ۋەس-لى دىدارىڭغا مۇيەسسەر بولدۇم، بىلدىمكى مۇرەمگە قونغان قۇياشىمسەن، ئەمدى ھالىمدىن بىخەۋەر قالغان شاھ ئاتام ھۇزۇ-رىغا بارساق، ئۆمۈر سەپىرىمىزنى ئاندا تىنچ - خاتىرجەم داۋام

قىلساق.

پەرىزات خۇرشىدى جاھان رازىلىق بىلدۈردى. ئەمما، ئۇل ۋاقىت بىر تەرەپتىن سادا كەلدى:

— ئەي ۋاپاسىز، مېنى ئۇنتۇدىڭمۇ؟

شاھزادە ئەنۋەرنىڭ ۋۇجۇدىغا بىر زىلزىلە چۈشتى، بىھوش بولدى، بىر چاغ ھوشىغا كەلگىنىدە ئۆزىنى پەرىزات خۇرشىدى جاھاننىڭ قۇچاقىدا كۆردى، كۆز چەشمەسىدىن تارام - تارام ياش قۇيۇلدى. پەرىزات خۇرشىدى جاھان سورىدى:

— ئەي شاھزادە ئەنۋەر، مەندىن ئۆزگىمۇ نىگارىڭ بارمىدى؟

شاھزادە ئەنۋەر خىجىللىق ئىلكىدە كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلدى، ئاندىن پەرىزات ماھىجاھانغا يولۇقۇش ۋەقەسىنى ئايان قىلدى. پەرىزات خۇرشىدى جاھان دېدى:

— ئول چۈشتىن ئايانكى ئۆمۈر سەپىرىڭگە بىر جۈپ گۈلى رەنانى ھەمراھ قىلىشىڭ بەرھەق، تەقدىرى قىسمىتىڭگە پۈتۈلمىشتۇر، ئەمدى ئۇنىڭ قېشىغا بارايلى، ئۇنىمۇ ئېلىپ شەھىرىڭگە بارايلى.

شاھزادە ئەنۋەر خۇش بولۇپ يولغا چىقماق بولدى، پەرىزات خۇرشىدى جاھان ئۇنى قولدىن تۇتۇپ: «كۆزۈڭنى يۇم» دېدى، شاھزادە ئەنۋەر كۆزىنى يۇمدى، پۇتى يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، قۇلاق تۈۋىدە بىر شامال غۇيۇلدىغىنىنى سەزدى، بىر چاغلار پۇتى يەرگە تېگىپ كۆزىنى ئاچتى، ئۆزىنى بىر چەشمە بويىدا كۆردى، شۇ ھامان چەشمە قايناپ - تاشقىنلاپ بىر ئەجدىھا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، ئۇلارنى دەم تارتتى ئەمما يىلان تەنلىك پەرىزات بەرگەن خاسىيەتلىك ئۈزۈك سەۋەبلىك ئۇلار ئورنىدا قول تۇتۇشۇپ تۇرغانچە مىت قىلمىدى، ئەجدىھانىڭ ئۆزى بولسا قارنى كۆپۈپ، بىر يېرىلغانچە سەكپارە بولدى، بىر چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى، ئالەم - جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، ئاخىر چاڭ - توزان بىر

تەرەپ بولۇپ، ئالەم ـ جاھان مۇنەۋۋەر بولغاندا ئۇلار كۆردىكى چەشمە ئورنىدا بىر جەزىرە، ئاندا كۆزلىرى نەملىك ۋە دىلى غەملىك بىر ھالدا پەرىزات ماھىجاھان يىگانە تۇرغان.

شاھزادە ئەنۋەر تەقەززالىق بىلەن ئالدىغا بېرىپ دېدى:

ــ ئەي ماھىجاھانىم، ئەپۇ قىلغىنكى ئۆز ۋاقتىدا ئالدىڭدا ھازىر بولالمىدىم. كۆپ خىجىلمەن. پەرىزات ماھىجاھان سوردى:

ــ نەچچە ۋاقتتىن بېرى قايدا يۈرگەن ۋە نى ئىشلارنى قىلغانىدىڭ؟ نى سەۋەبلىك ئۇشبۇ تىلسىم ئارامگاھىم ۋەيران بولدى؟

پەرىزات خۇرشىدى جاھان شاھزادە ئەنۋەردىن بۇرۇن سۆز ئېلىپ دېدىكى، ــ ئەي پەرىلەر مەلىكىسى، تەقدىر ـ قىسمىتىمىز شۇنداق بولسا كېرەك، مەن ھەم شۇنچە يىراق مەنزىلدىن بىر ئۇنىڭغا نېسىپ بولۇپ مۇندا كەلدىم، تىلسىم ئارامگاھىڭنىڭ بەربات بولمىقى، ھەم شۇنداق سەۋەبتىندۇر، رىزا بولساڭ بىللە كېتەيلى، ئۇ ئاتا ـ ئانا ۋەسلى دىدارىغا يېتىشكە تەقەززادۇر، بولغان ۋەقەلەر ئاجايىپ ۋە كۆپتۇر، ساڭا بايان قىلماققا ۋاقىت كۆپ كېتەر، ئەمدىكى تىنچ ـ ئارامبەخش مەنزىلگە يەتكەندە ئەلۋەتتە سېنى تولۇق خەۋەردار قىلۇر، ئۇشبۇ ۋاقىت يولغا ئاتلىنار ۋاقتتۇر.

پەرىزات ماھىجاھان رازىلىق بىلدۈردى، ئاندىن قاقاقلاپ بىر كۈلگەنىدى، جەزىرە قوينى گۈلگە پۈركەندى، يەر كۆكسىدىن چەشمىلەر قايناپ، بۇلدۇقلاپ سۈپسۈزۈك سۇلار ئېتىلدى، تارام ـ تارام كىچىك ئېقىنلار ھاسىل بولدى.

ــ بۇ يەر ماڭا پاناھگاھ ۋە شاھزادە ئەنۋەر بىلەن يۈز كۆرۈشمەككە مۇشەررەپ بولغان جاي ئىدى، چۆل ھالىتىدە قېلىشىنى خالىماسمەن، ئاۋاتلىق بۇ يەرگە مەڭگۈ يار بولغاي دېدى ـ دە، يولغا ئاتلىنىشقا ھازىرلاندى.

پەرىزات خۇرشىدى جاھان بىر پارچە قولياغلىقنى چىقار-دى، قولياغلىق كېڭىيىپ، كېڭىيىپ ئۇچار گىلەمگە ئايلاندى، ئۇچەيلەن ئۇستىگە ئولتۇرۇپ، كۆككە پەرۋاز قىلدى،

ئۇچتى، ئۇچتى، بىر چاغلار بىر دەريائى ئەزىم ئۇستىگە يەتتى. كۆردىكى بىر جۈپ ئاق ئەجدىھا دەريا ئىچىدە قۇياشتەك نۇرلۇق ۋە يوغان بىر مەرۋايىتنى تالىشىپ، ئويىنىشىپ يۈر-گەن.

شاھزادە ئەنۋەر ھەيران بولدى ۋە دوستى ئاق بېلىق ئېسىگە كەلدى، ئۇچار گىلەمنى دەريا قېشىغا قوندۇردى، ئەجدىھالار ئۇلارنى كۆردى - دە، بىرلا پىرقىرىدى، بىر جۈپ ھۆر - غۇلمانغا ئايلاندى، بىرى سەرۋى قامەت، ئافتابى تەلئەتلىك بەرنا يىگىت ۋە يەنە بىرى گۈزەللىك بېغىنىڭ نازۇك نىھالى، جامالى سەھەر قۇياشىدەك رەڭلىنىپ، نۇرلىنىپ تۇرغان رەنايى جاھان ئىدى. شاھزادە ئەنۋەر ئول نازىنىن پەرىنى كۈمۈش ئەجدىھا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قاف تېغىغا قايتىش يولىدا كۆرگەن چۈشىدىكى پەرىزاتدەك ھېس قىلدى.

ئۇلار كېلىپ سالاملاشتى، شاھزادە ئەنۋەر سالامنى ئىلىك ئېلىپ سورىدى:

— كىم بولۇرسىزلەر؟

— دوستۇڭ ئاق بېلىقمەن:

— دېدى يىگىت كۈلۈمسىرەپ. شاھزادە ئەنۋەر ئەجەبلىنىپ سورىدى:

— ئىلگىرى نېمىشقا ئاق بېلىق سۈرىتىدە يۈرگەنىدىڭ؟ ئول دىلرەبا نازىنىن كىمدۇر؟ يىگىت دېدى:

— ئەي بۇرادەر ئەزىز، ئەسلى سۇ پەرىلىرىدىنمىز، بىرىمىز كۈمۈش ئەجدىھا دەرياسىنى ماكان قىلغان پەرىلەر شاھزادىسى، بىرىمىز دېۋىلەر ئىقلىمىدىكى بىر دېڭىزنى ماكان قىلغان پەرىلەر مەلىكىسى، ھەر ئىككىمىز بىر كۈنلەر سەيلە - تاماشىغا

چىقىپ بىر گۈلىستاندا ئۇچرىشىپ قالدۇق، ۋە جان ـ دىلىمىز
بىرلە بىر ـ بىرىمىزگە ئاشىقى بىقارار بولدۇق ئەمما ئاتا ـ
ئانىلىرىمىز بىر ـ بىرىمىزگە جۈپ بولماقنى چەكلىدى، سەۋەب-
كى بۇرۇندىن قالغان ئۆچ ـ ئاداۋەتلىرى بار ئىكەن، ئاخىرى
ئۇشبۇ دەرياغا قېچىپ كەلدۇق ئەمما ئول مەھبۇبىنىڭ ئاتىسى
بىر قارا دىۋە مەلئۇننى ئەۋەتتى، كۈچ ئىلىشالماي زەئىپ بول-
دۇم، كارامەت تەگداشسىز يامان دىۋە ئىدى، مېنى سېھرىي ـ
ئەپسۇن بىلەن بېلىق سۇرىتىگە كىرگۈزدى، ئول نىگارىم بولسا
دەردۇ ـ ھالىمغا ئېچىنىپ قەسەم قىلدىكى: «بىر ئۇنىڭدىن
باشقىغا كۆڭۈل بەرمەسمەن، جان گۆھىرىم ۋۇجۇد ساندۇقۇمدا
بولسىلا ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرمەككە ھەرىكەت قىلارمەن» دەپ.
شۇ قەسەمى تۇپەيلى ئۇ دائىم قارا دىۋىنى يوقاتماق كويىدىلا
يۈردى چۈنكى قارا دىۋە ھالاك بولسىلا ئەسلىمگە كېلەر ئىدىم
ئەمما ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان يوق ئىدى، ئاخىر كۈمۈش
ئەجدىھا دەرياسى بويىدا سەن ئول مەلئۇننى جەھەننەمگە ئۇزات-
تىڭ، مەھبۇبىمۇ ۋە مەنمۇ ئول دەردى ـ بالادىن خالاس
بولدۇق، ئادەمزاتتىن خالىي ئۇشبۇ دەريائى ئەزىمنى ماكان
قىلدۇق، نام ـ ئەمەلىمىزنى سورىساڭ مېنى شاھزادە شىرئە-
لى، ئول دىلبەرىمنى بولسا مەلىكە دىلخۇمار دەرلەر، گاھ ئادەم
سۇرىتىدە، گاھى ئەجدىھا سۇرىتىدە ئايان بولۇرمىز.
شاھزادە ئەنۋەر بۇ بىر جۈپلەرنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەملىككە
ئېرىشكىنى ۋە ۋەسلى دىدارلىرىغا يېتىشكىنىنى مۇبارەكلەپ،
ئاندىن خەيرلەشتى، تېزرەك ۋەتەن تۇپرىقىنى بۆسە قىلىپ،
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ، ئۇلارنىڭ قايغۇلۇق دىللىرى-
غا شادلىق بېغىشلىماق زۇرۇرلۇكىنى ئىزھار قىلىپ، ئۇلارنىڭ
بەزمە ـ زىياپەت بېرىش تەكلىپىنى قايتۇردى.
پەرىزات مەھبۇبىلىرى بىلەن تۆچار گىلەمگە ئولتۇردى،
شاھزادە شىرئەلى، مەلىكە دىلخۇمارنىڭ ئاق يول تىلەشلىرى

ئېچىدە كۆككە پەرۋاز قىلدى، شۇنداق يۇرۇپ، شاھزادە پەرۇخ-
نىڭ چاھار بېغى ئاسمىنىغا يەتتى، تۆۋەنگە نەزەر سېلىپ كۆر-
دىكى شاھزادە پەرۇخ بىلەن پەرىزات گۇلىنىگار پاچاقلاپ تاشلاپ-
غان زەر قەپەس يېنىدا ۋىسال بەزمىسى قۇرۇپتۇ، تەمبۇرنى
شوخ پەدىگە چاڭ كەلتۇرۇپ سايرىتىپ، ياقۇت قەدەھلىرىدە گۇل
رەڭلىك شارابلارنى بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ چەكسىز شادلىق ۋە
مېھرىبانلىق تۇيغۇلىرى ئىچىگە چۆمۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

شاھزادە ئەنۋەر ئۇلارنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خاتىرجەم
بولدى، خۇرسەنلىكى دىلىغا سىغمىغان ھالدا يولىنى داۋام قىل-
دى.

# شاھزادە ئابدۇلئەزىز ھەققىدە قىسسە

رىۋايەت خەزىنىلىرىنىڭ تىلسىم دەرۋازىلىرىنى ئاچقۇچى رىۋايەت تىلىدىن شۇنداق دۇردانىلەر چېچىلۇركى، قەدىمكى شەمئى جاھان قەلئەسىدە مال ــ مۈلكى ھەددى ــ ھېسابسىز، كۈچ ۋە ھەيۋىتى تەڭداشسىز پادىشاھ نادىرى دەۋرانى باھادىر شاھ سەلتەنەت تەختىگە زىننەت بولۇپ، ئادالەت قۇياشىنى نۇرلاندۇ-رۇپ تۇرار ئىدى، ئۇ بۇ دۇنيا غېمىدىن خالىي بولغانچۇن ئۇ دۇنيالىقى غېمىدە ئاخىرقى ئۆمرىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر قىس-مىنى ئىبادەتكە بىر قىسمىنى سەلتەنەت، مەئىشەت ئىشلىرىغا سەرپ ئېتىپ يۈرگەن بىر مويسىپىت ئىدى.

ئەمما، شۇنداق تىنچ كۈنلەرنىڭ راۋاجى چىقماي تۇرۇپلا بىر كۈنلىرى ئۇنىڭ بېشىغا غەم بۇلۇتى سايە تاشلاپ، دەردى-پىراق چاقمىقى چۈشۈپ، كۆڭۈل خامىنىغا ئوت تۇتىشىپ، خاتىرجەملىك چەشلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى، ئاش ــ تائام-دىن رايىنى ياندۇرۇپ، سەلتەنەت ئىشىنى ھەم تاشلاتقۇزۇپ، كۈن ۋە تۈن ۋۇجۇد كېمىسىنى قۇرتتەك غاجاپ تېشىپ ئەجەل دېڭىزىغا غەرق قىلماق قەستى پەيدا قىلدى.

بۇنداق ھادىسىلەر يۈز بېرىشكە سەۋەب شۇ ئىدىكى، بىر كۈ-نى تاڭغا يېقىن باھادىر شاھ بىر چۈش كۆرگەن، چۈشىدە مۇنداق بىر ئىش كۆرگەنىكەن: ئۇ كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمگەن پاياز-سىز كەڭ بىر دېڭىز قىرغىقىدا پۇتلىرىنى يالاپ كېتىۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىغىمۇ پىسەنت قىلماي يىراق ــ يىراقلارغا قاراپ قادىلىپ تۇرغۇدەك، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا قۇياش مەغرىب ئۇپۇق-لىرىدا غايىب بولۇپ ئالەم ــ جاھاننى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى

بېسىپ كەتكۈدەك، دېڭىز دەھشەتلىك گۈرۈلدەپ، دولقۇنلىرى
ئاسمان - پەلەك داۋالغۇپ، ئوخچۇپ، قىرغاق تەرەپكە يامراپ
كېلىپ باھادىر شاھنى يالماپ كېتىش قەستىدە بولغۇدەك، شىد-
دەتلىك قارا بوران ھەم قاتتىق گۈركىرەپ كېلىپ يولۇققان
دەل- دەرەخلەرنى قاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ، باھادىر شاھنىمۇ
غازاڭدەك ئۇچۇرۇپ كەتكۈدەك ئەلپازىدا قۇتراۋاتقۇدەك، باھادىر
شاھ ۋۇجۇدىنى ئەجەل ۋەھىمىسى چاڭگىلىغا ئېلىپ تېنەپ -
تىترەپ تۇرغان شۇ خەتەرلىك مىنۇتلار تۇيۇقسىز قۇياش پاتقان
مەغرىب ئۇپۇقلىرىدا قۇياش قايتا كۆتۈرۈلگەن مىسالى بىر ھا-
لەت زاھىر بولۇپ دەھشەتلىك دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز تىنچلى-
نىپ، قۇتراۋاتقان بوران چىپپىدە توختاپتۇدەك، ئارقىدىنلا
دېڭىز يۈزىدىن قىپقىزىل سەھەر قۇياشىدەك نۇرلىنىپ جۇلالاپ
تۇرغان لېگەندەك چوڭلۇقتا پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تال ئەتىر-
گۈل ئاستا- ئاستا كۆتۈرۈلۈپ چىققۇدەك، ئۇنىڭ خۇشبۇي
ھىدى ھەر تەرەپكە تارىلىپ، تا باھادىر شاھنىڭ دىماغلىرىغىچە
يېتىپ كېلىپ ۋۇجۇد ئالتۇنىنى سىمابتەك ئېرىتىپ ئەس -
ھوشىدىن جۇدا قىلغۇدەك، مەستلىك كەيپىگە ئەسىر بولغان
باھادىر شاھ: ئاھ! نىجاتلىق گۈلى دەپ خىتاب قىلغىنىچە
ئالدىغا ئۇمتىلىپ گۈلگە قول سۇنغۇدەك ئەمما شۇ مىنۇت سول
يۈزىگە بىر شاپىلاق تېگىپ كەينىگە ئۇچۇپ كەتكۈدەك. مەشرىق
تەرەپتىن يىلاندەك سوزۇلۇپ، كەلگەن بىر قارا قول يىراق -
يىراقلاردىكى دېڭىز يۈزىدە سەھەر قۇياشىدەك پارلاپ تۇرغان
ئەتىرگۈلنى ئۈزۈپ كەتكۈدەك، باھادىر شاھ شاپىلاق زەربىدىنمۇ
ياكى ھەسرەت - نادامەت تۇيەيلىدىنمۇ ئەيتاۋۇر قاتتىق ئاھۇ -
نادامەت چەككۈدەك، شۇ ھامان ئاغزىدىن قىزىل قان ئوقتەك
ئېتىلىپ چىققۇدەك ... باھادىر شاھ شۇ ھامان قارا تەرگە
چۆمگەن قورقۇنچ ۋە ئەندىشىگە تۇتقۇن بولغان ھالەتتە
ئۇيقۇدىن بىدار بوپتۇ.

باھادىر شاھنىڭ ھالى خارابلىقىدىن ئىزتىراپقا چۈشكەن ئوردا ئەھلى ئاخىر يىغىلىپ مەسلىھەت بىلەن شاھ ئالدىغا كى-رىشتى:

— ئەي شانۇشەۋكەتتە تەڭداشسىز پادىشاھى دەۋ-ران — دېدى ئارىدىن بىر ۋەزىر، — مەملىكەت ئىگىسىز قالسا دۈشمەنلەر كۈلۈشۈپ، دوستلار يىغلىشار، ئەل پاراكەندە بولۇپ پىتنە - پاسات قۇرتلىرى سەلتەنەت تۈۋرۈكلىرىنى غا-جاشقا چۈشەر. نىزاھلار ئەۋج ئېلىپ ئاپەت ئۇلغىيار، ئاقىۋەت پۇرسەتنى غەنىيمەت كۆرۈپ دۈشمەنلىرىمىز دۆلەتنى مۇنقەرز قىلغاي. ئالىيلىرىدىن ئۈمىدىمىز ئالەمچە. قايغۇ - نادامەت بولسىمۇ چىدام - تاقەت تاشلىرىدا باسۇرۇپ قويۇپ، دۆلەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بەرگەيلا، ئەلنى تىنچلاندۇرۇپ دوستلارغا شادلىق ۋە دۈشمەنلەرگە بەرھەم يەتكۈزگەيلا. باھادىر شاھ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— ئەي سادىق دوستلىرىم، — دېدى ۋەزىرلىرىگە، — نەسىھەت دۇردانىلىرى بىباھادۇر، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماق زۆرۈ-رىيەتتۇر. ئەمما، دەرد - پىراق ئازابى ئەقىل - ھوشۇمدىن ئايرىدى. چىدام غەيرەتتىن جۇدا قىلدى. كۈن - تۈن پىكرىم چۈشۈمدە كۆرگەن گۈلگە بەندتۇر. جان تۇتىسى ۋۇجۇد قەپىسىمدە ئول گۈل شەيدالىقىدا پۇچىلىنىپ ياتماقتىدۇر، قاي-تىڭلار، ئۆز ئىشىڭلارنى بەجانىدىل قىلىڭلار، تېنىمدە دەرمانىم بولغان ھامان مەن ھەم بۇرچۇمنى ئادا قىلدۇرىمەن.

دۆلەت ئەربابلىرى قايتىپتۇ لېكىن شاھ باھادىرخان ئاب ئاشتىن قېلىپ ئاجىزلاپ كەتكىنى ئۈچۈن تەختتە ئولتۇرغۇدەك ماجالى بولمىدى.

شاھ باھادىرخانىنىڭ ھۆسن - جامالى قۇياشتەك نۇرلۇق ۋە قەددى - قامىتى ئاجايىپ كاملاشقان، يېشى ئەمدىلا ئون سەك-كىزگە ئۇلاشقان بىر ئوغلى بار ئىدى. قىيىن ئىشلارغىمۇ بىيار

ھەممەتلىك ۋە كىشىگە ئاجايىپ سىخىي، ھەممەتلىك بىر يىگىت ئىدى. ئاتىنىڭ ھالىغا قاراپ كۆڭلى غەمگە تولۇپ ئاخىر تاقەت قاچىسى سۇنغان بىر چاغ ئاتىسى ئالدىغا كىرىپ دېدى:

— ئەي غەمگۇزارىم ئاتا جاھانغا ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى ئاتىلىق مېھرىڭىز ۋە مەرھەمەتلىرىڭىز ئىلكىدە تومشۇقلۇقا چوقۇتماي، قاناتلىققا قېقىتماي راھەت - پاراغەتتە ئۆسۈپ يېتىلىپ يىگىتلىك مەقامىغا يېتىپ تۇرىمەن ئەمما جاۋابەن زەررىچە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ۋە ياكى ئازغىنا بولسىمۇ خىزمىتىڭىزنى ئورۇنداپ تەشەككۇرۇمنى بايان قىلماپتۇرمەن. ئىلتىماس قىلىمەنكى مېنى سەپەرگە ئاتلاندۇرغايسىز، چۈشىڭىزدە كۆرگەن ئەتىرگۈل قەيەردە بولسا شۇ يەردىن تېپىپ كېلىپ، مۇبارەك قولىڭىزغا تاپشۇرغايمەن، دەپ فىراقىڭىزغا خالاسكار بولغايمەن.

— ئەي يۇرىكىمنىڭ پارىسى، — دېدى شاھ باھادىرخان، — جۇدالىق دەردىڭ ئول ئەتىرگۈل ئىشتىياقىدىن چەندان ئارتۇقتۇر، مېنى ئەمدى يېڭى غەم - ئەندىشىلەرگە دۇچار قىلماي دېسەڭ، بۇ ئىلتىماسىڭدىن يانغىن، زىنھار قوبۇل قىلماسمەن.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۆز سۆزىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى. ئارىدا كۆپ تالاشلار بولدى، ئوردا ئەھلى كېلىپ ھەم شاھزادە ئابدۇلئەزىزگە نەسىھەت قىلدى، كار قىلمىدى. ئاقىۋەت تۇن يېرىمىدا شاھزادە ئابدۇلئەزىز تۇلپارىغا مىنىپ ھېچكىمگە سەزدۇرمەي ئوردىدىن چىقتى. شەھەر دەرۋازىسىغا يەتتى. دەرۋازىۋەنلەر سەۋەب - سۈرۈشتە قىلىشقا پېتىنالماي دەرھال دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز دەرۋازىدىن چىقىپلا يادىن ئېتىلغان ئوقتەك قاراڭغۇلۇققا شۇڭغۇپ كەتتى.

تاڭلا شەھەر دەرۋازىۋەنلەر باھادىرشاھنى بۇ ئىشتىن خە-

ۋەردار قىلدى. باھادىر شاھ بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك چۆچۈپ ـ ئەندىكىپ دەرھال ياساۋۇللارغا شاھزا-دىنى قوغلاپ يېتىپ قايتۇرۇپ كېلىشكە پەرمان قىلدى. لېكىن ئۇلار نەچچە كۈنلەر ئىزدەپ يۈرۈپ تاپالماي نەتىجىسىز قايتىپ كېلىشتى، باھادىر شاھ بىيار ئىزتىراپقا چۈشتى. شۇ ھالدا باش ۋەزىرى:

— ئەي كەرەملىك شاھ ئالىيلىرى، — دېدى ئېغىز ئېچىپ، — شاھزادە مىنگەن تۇلپار باشقا ئاتلارنىڭ بىر ئايلىق يولىنى بىر كۈندە باسار، قاناتلىقلار قوغلاپ يەتمىسە ئاتلىقلار قوغلاپ يېتەلمەس، سەۋر قىلغايلا، ھەقتائالا ئۆز پاناھىدا ساق-لىغاي. ئەي ۋەزىرىم:

— دېدى باھادىر شاھ، — چۈشۈمدە كۆرگەن گۈل فىراقىدا نىمجان بولۇپ قالغان يەردە يۈرەك پارەم، يېگانە پەر-زەنتىمدىن ئايرىلسام جۇدالىق دەردىدە نەھالغا چۈشۈپ قالارىمنى تەسەۋۋۇر قىلمىدىڭمۇ، پايدىلىق مەسلىھەت بولسا ئېيتقىن، بولمىسا پەرمانىمغا مۇخالىپ سۆز قىلماي جىم تۇر. باش ۋەزىر خىجالەت بولۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئارقىدىن ئوردا ۋەزد-رى سۆز ئېچىپ:

— ئەي شاھى جاھان، — دېدى تەۋەززۇ بىلەن، — باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ ئېيتقىنى بەرھەق، شاھزادىمىزنى قايتۇرۇپ كەلمەكلىك ھەقىقەتەن ئىمكانسىزدۇر. ئەمما، ئىز ـ دېرىكىنى ئالماي تۇرۇپ ھەربىرىمىزگە ئاراملىق بولماس. پالچى ـ قۇر-ئەندازلارنى جەم قىلايلى، شاھزادىمىز ھەققىدە بېشارەت بەر-سۇن. خەيرلىك بولسا سەۋر قىلايلى. ئەگەر بولسا بار ئامال ئىمكانىمىزچە ئىزدەپ ـ سوراقلاپ تېپىشقا ھەرىكەت قىلايلى.

باھادىر شاھ بۇ مەسلىھەتنى مەقبۇل كۆرۈپ، دەرھال پال-چى، قۇرئەندازلار ھەم ئۆلىمالارنى پەرمان بىرلە يىغدى، مۇد-دىئاسىنى بايان قىلدى. يىغىلغانلار ھەر قىسما ئۇسۇل ـ تەدبىر-

لەر بىلەن ئىزدىنىپ ئاخىر مۇنداق بېشارەت بېرىشتى:
— شاھزادە ئالىيلىرى ئاجايىپ خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ، ئەمما نۇرغۇن مۇشكۇلات قۇلۇپلىرىنى ئېچىپ نامى تىللاردا داستان بولۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەر دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولغۇدەك، ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرى بىلەن شۆھرەت تاپاركەن...
بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ باھادىر شاھنىڭ داۋالغۇپ تۇرغان دېڭىزدەك پاراكەندە كۆڭلى بىر ئاز تىنچلىنىپ، قۇرئەنداز، پالچى، دانىشمەن، ئۆلىمالارغا تاۋاق - تاۋاقتا تىللا، گۆھەر- ياقۇتلار ئىنئام قىلىپ دىللىرىنى خۇشخۇي قىلىپ قايتۇردى. ئاندىن خەزىنە ئىشىكىنى كەڭرى ئېچىپ، قىرىق كۇنگىچە مەملىكەت تەۋەسىدىكى يېتىم - يېتىمە، ئاجىز - ئاجىزە، پېقىر- مىسكىنلەرگە زەر ۋە گۆھەرلەر سەدىقە بېرىپ، دۇنيادىن بىھاجەت قىلىپ، شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ ئامانلىقى ۋە ئىشلىرىدا زەپەر قۇچۇشى ئۈچۈن ئايىماي خەير - ئېھساق قىلىشنى ئەمر قىلدى. ئۆزى بولسا ئوردىنىڭ ئەڭ ئېگىز راۋاقلىرىدىن بىرىگە شاھانە كۇرسى قويدۇرۇپ پەرمان ئىجراسىنى نازارەت قىلىپ ئولتۇردى. بۇ ئىشلار تامام بولغاندىن كېيىن يەنە دۆلەت ئىشلىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئىلگىرىكى رىتىمىغا چۈشۇردى.
ئەمدى سۆزنى شاھزادە ئابدۇلئەزىزدىن ئاڭلىغايسىز:

شاھزادە ئابدۇلئەزىز شەھەردىن چىقىپ، قۇيۇندەك تېز چاپقىنىچە تاڭ سەھەر مەزگىلى ئۆزىنى بىر جەزىرە قوينىدا كۆردى، تۇلپارى نەچچە ئون كۇنلۇك مۇساپىنى بىراقلا باسقاندى. تۈن قاراڭغۇلۇقىدا قىسمەت شامىلىنىڭ ئۆزىنى ئۇ يەرگە ئۇچۇرۇپ كەلگىنىدىن ھەيرانلىققا پېتىپ، ھەر تەرەپكە چاپتى ئەمما تۇلپارى ئاچ ۋە ئۇسسۇز بولغاچ يۈرۈشى ئاستىلاپ، چۆل

ياقىسىغا يېتىش ئىمكانى بولمىدى، شۇ ھالەتتە يۈرۈپ بىر چاغلاردا چۆل شامىلى قۇلاقلىرىغا بىر كىشىنىڭ نالە - پەريادى-نى ئېلىپ كەلدى:

قالدى ئارمان، كەتتى دەرمان، كەلدى دەھشەت باشىمە،
بولدى بوستان، دەشت چۆلىستان، تامدى قانلىق ياشىمە.
مىڭ ئەجەل بار، جان يېتىمدۇر، قايدا تاپسۇن، ئۇ نجات،
مەيلى دەردىم، يوقتى ئەپسۇس، بولسا ئول يارقاشىمە.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئىنس - جىندىن خالىي جەزىرىدە ئاڭلانغان بۇ نالە - پىغاندىن ھەيرانلىق چىشلىرىدا لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە قالدى، ئاخىر سادا كەلگەن تەرەپكە بېرىپ، نالە قىلغۇچىنىڭ دەردىگە دەرمان بولماسلىقنى ئۆزىگە نامۇناسىپ كۆردى - دە، شۇ تەرەپكە راۋان بولدى.
بىر ۋاقىتلار ئالدىغا بىر بەرنا يىگىت يولۇقتى، ئاپتاپ مىسەللىك جامالىغا ئەجەل سايىسى چۈشۈپتۇ، جان گۆھىرىدىن جۇدا بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئول بىچارىنىڭ ئەزىز تېنىنى خارلىق تۇپرىقىدىن ئېلىپ تۇلپارىغا ئارتىپ يولىغا راۋان بولدى، ئۆزى-مۇ ھەم ئول بىچارە يىگىت ھالىغا چۈشۈپ قالاي دېگەندە بىر توغراقزارلىققا يەتتى. ئاندىن جان بەخش ئەتكۈچى يېقىملىق كۆيدەك سۇنىڭ شىلدىرلىغان ساداسى كېلەر ئىدى.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز توغراقلىققا كىرىپ نجاتلىق چەشمى-سىنى كۆردى، ئۆزىنى چەشمە بويىغا تاشلاپ، سۇيىدىن ئوچۇم-لاپ ئىچتى. كۈچ - قۇۋۋىتى ئەسلىگە كېلىپ ھوشسىز يىگىتنى چەشمە بويىغا چۈشۈردى، يۈزىگە سۇ سېپىپ لەۋلىرىگە تامغۇ-زۇپ ھوش كەپتىرىنى تەن قەپىسىگە قايتۇردى. يىگىت ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن سورىدى:

— ئەي نىجاتكارىم پەرىمۇ سەن ياكى پەرىشتە؟ مېنى هالاكەت چۆلىدىن هاياتلىق بوستانىغا كەلتۈردۈڭ، بىلمىدىمكى سەۋەبى نېمىدۇر؟

— ئەي دوستۇم، نە پەرى، نە پەرىشتە ئەمەسمەن، — دېدى شاهزادە ئابدۇلئەزىز، — بەلكى ئادەم ئەۋلادىمەن، چۆلدە سېنى هوشسىز كۆردۈم، تاشلاپ كەتمەككە كۆڭلۈم قويمىدى، سېنى تۇلپارىمغا ئارتىپ تېڭىپ ماڭدىم، شۇ ياخشى ئىشىم سەۋەبىمىكىن هەقتائالا مېنى بۇ چەشمە بويىغا يەتكۈزدى، ئەجەل ۋەهىمىدىن خالاسمۇ بولدۇق، ئەمدى ئەسلى- ۋەسلىڭنى بايان قىلغىن، چۆلدە هوشسىز ياتمىقىڭنىڭ باهانىسىنى ئايان قىل- غىن. بار ئىمكانىمچە دەردىڭگە دەرمان بولۇرمەن. يىگىت دېدى- كى:

— ئاتام نەقشى جاهان مەملىكىتىنىڭ پادىشاهى شىرئەل- خاندۇر، شۇنىڭ يېگانە پەرزەنتى شاهزادە ئەكپەردۇرمەن، ۋا- قىتكى يېشىم ئون يەتتىگە قەدەم قويىدى، كۈنلىرىم ئويۇن - تاماشىلاردا مەنىسىز ئۆتمەكتە ئىدى، شۇ كۈنلەردە قوشنا ئەلدىن بىر كارۋان كەلدى، بازاردا ماللىرىنى يايما قىلدى. بىر رومال كۆردۈم، جامالى تولۇن ئايدىنمۇ نۇرلۇق بىر خۇش سۈرەت نەقىشلەنگەن. كۆردىمۇ دىلىمدا ئاشىقلىق ئوتلىرى يالقۇنجىدى، دىلئارامىمنى يوق قىلدى، شەيدالىق زەنجىرىگە بەند قىلدى، دەرهال رومالنى دېگەن نەرقىدە ئالدىم، سۈرەت ئىگىسىنى سو- راقلاپ بىلدىم، ئول دىلرەبا جاهانگىر مەملىكىتىنىڭ زالىم خاقانى تۆمۈر شاهنىڭ مەلىكىسى نادىرە بانۇ ئىكەن. ئاتامغا رومالنى كۆرسەتتىم، ئەلچى ئەۋەتمەكنى ئىلتىجا قىلدىم ئەمما رەت قىلدى. سەۋەبى تۆمۈر شاهنىڭ كۈچلۈكلۈكتە تەڭدىشى يوق، هاكاۋۇرلۇقتا جۈپتى يوق ئىكەن، كۈرمىڭ ئەلچىلەرنى قۇرۇق قايتۇرغان، تېخى سوۋغا - سالىمى كېمىپ قالسا ئۆلۈم- گە هۆكۈم قىلغانىكەن. ئامالسىز بىر كۈنى ئاتامدىن يوشۇرۇنچە

قىممەت باھا جاۋاھىراتلار بىلەن تولدۇرۇلغان خۇرجۇننى ئاتقا ئارتىپ جاھانگىر مەملىكىتىگە راۋان بولدۇم ۋە تۆمۈر شاھ ئالدىغا ھازىر بولدۇم. تۆمۈر شاھ سوۋغا قىلغان جاۋاھىراتلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ئەمما تەلەپ ئىلتىماسىمنى ئاڭ- لىغاندا بولسا قاش - قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، ئورنىدىن قوغلاش- دى قىلدى. ئۈمىد رىشتىمنى ئۈزەلمەي قايتا كىرگىنىمدە ئۆ- لۈمگە بۇيرۇدى. شۇ ۋاقىت بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مەلىكە نادىرەبانۇ بېشىمغا كەلگەن ئەجەل سايىنى ئاپتاپ مىسالى نۇرلۇق جامالى بىلەن قوغلاپ ھازىر بولدى ۋە دېدىكى: «ئەي ھۆرمەت- لىك شاھ ئاتا، بۇ يىگىتكە رەھىم قىلغىن، ئۇنىڭسىزمۇ قىلد- چىڭ قانسىراپ قالماس، زالىملىقتا شۆھرىتىڭگە نۇقسان يەت- مەس، ئەگەر قارارىڭدىن يانمىساڭ مېنى ھەم قوشۇپ ئۆلتۈر- گىن، گۇناھسىزلارنىڭ قېنى تۆكۈلۈۋەرمىكىگە سەۋەبكار بولد- ۋەرمەي.»

تۆمۈرشاھ مەلىكىنىڭ سۆزىدىن غەزەپلەندى، بىراق ئۇنىڭ قەتئىيلىكىدىن خاتىرجەملىكى بۇزۇلۇپ، مېنى ئۆلۈمدىن خا- لاس قىلدى ۋە دېدىكى: «ئەي شاھزادە، قىزىمغا چىن ئاشىق بولساڭ شەرتىم بار، ئورۇنداپ كەلسەڭ مۇرادىڭغا يەتكۈزەي، ئورۇنداپ كېلەلمىسەڭ ئۆلۈمىڭگە ھېچ كىشى ئارا تۇرالماس، ھۇزۇرۇمغا قەدەم باسقۇچى بولما.»

— ئەي تۆمۈر شاھ، — دېدىم مەردانىلىك بىلەن، — ھەرنە شەرتىڭ بولسا ئورۇنداشقا ھازىرمەن. تۆمۈر شاھ دېدى:

— بۇگۈنچە قايتىپ تۇر، تاڭلا سەھەر باغاقچە چىقىرد- مەن، شەرتىم ئۇنىڭدا يېزىلغان.

ئۈمىد ۋە ئەندىشىلەر ئىچىدە ئوردىدىن ياندىم، مەلىكە نادىرەبانۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگەن چاغدا سۈرىتىنى كۆرگەندە يالقۇن- جىغان ئىشقىم ئوتى مىڭ ھەسسە ئۇلغايدى، كېچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، جان ۋە دىلىم بىرلە نېمە شەرتى بولسا قوبۇل

قىلىشقا تەييار تۇردۇم، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بىر كىشى باغاقچە ئېلىپ كەلدى، كۆردۈمكى ئۈشبۇ نەزمە يېزىلغان:

قايدا باردۇر «غەزنەئى جاۋاھىرات»،
قايدا باردۇر «تەختى شاھىنشاھ زامان»،
ئىزدەپ تاپقىن، بارچىنىڭ سىرىنى بىل،
قايدا باردۇر «قەسرى رەنايى جاھان».

نەزمىدە ئېيتىلغان جايى مەنزىلنى ئىزدەپ يۈرۈپ، بۇ چۆلگە كىرىپ قالدىم ئەمما كۆزلىگەن مەنزىل قارىسىنى كۆرمەي تۇرۇپ جاندىن جۇدا بولۇشقا تاسلا قالدىم. قالغىنى ئۆزۈڭگە ئاياندۇر.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۇچۇن مۇراد دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرمەكنى لازىم تاپتى ـ دە، ھىممەت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ:

— ئەي دوستۇم دېدى، — شاھزادە ئەكپەرگە، — مەنمۇ بىر چوڭ ئەلنىڭ تەخت ۋارىسى شاھزادىمەن، ساڭا ياخشىلىق قىلغاندىن كېيىن ئاخىرىغا يەتكۈزەي، تېنىڭ ئاجىزلاپتۇ، يەنە سەپەر قىلغۇدەك ھالىڭ يوق، ئۆز مەملىكىتىڭگە قايتىپ مېنى كۈتكىن، ئىشىڭنى پۈتتۈرمەي تۇرۇپ ئۆز ئىشىمغا قەدەم قويماسمەن، ئاللا مەدەت قىلسا مۇرادىڭنى ھاسىل قىلغايمەن.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ شاھزادە ئەكپەرنى تۇلپارىغا مىنگۈزۈپ ئادەمزات بار جايغا يەتكۈزۈپ قويدى ـ دە، خوشلىشىپ ئۆز يولىغا راۋان بولدى. نەچچە ئايلار ئىزدەپ، سوراقلاپ يۈردى، مەنزىلدىن نىشان بولمىدى. بىر ۋاقىتلار ئاجايىپ خۇش ھاۋالىق ۋە خۇش مەنزىرىلىك بىر ۋادىغا يەتتى، توپ ـ توپ تۇرلۇك ياۋايى ھايۋاناتلار يايلاپ يۈرگەن ئەمما بىرەر ئادەمزاتنىڭ

نە جىسمىدىن، نە ئىزىدىن ئەسەر يوق.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئالماس قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئالغا قاراپ كېتىۋەردى. بىراق، ھېچبىر جاندار ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر خىلۋەتتە دەرۋىش-زاھىتلارنىڭ خاس ئىبادەتگاھى بولغان يېگانە گۇمبەزگە يولۇقتى، گۇمبەزدە چاچ ـ ساقىلى ئۇچتەك ئاقارغان بىر زاھىت چىن ئىخلاسى بىلەن تائەت ـ ئىبادەتكە مەشغۇل ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز كۈتۈپ تۇرۇپ زاھىت ئىبادەتتىن پارىغ بولغاندا ئەدەپ ـ ئىكرامى بىلەن سالام بەردى. زاھىت ئۇنى گۇمبەز ئالدىدىكى بىر ئاقتاشتا ئولتۇرۇشنى تەكلىپ قىلىپ، قاياقتىندۇر بىر تاش شىرە ئېلىپ كەلدى. ئۈستىگە تۇرلۇك ـ تۇرلۇك لەززەتلىك شېرىن مېۋىلەرنى ھازىر قىلدى ۋە دېدىكى: «ئەي مېھمان يىگىت، بۇ يەردە مېۋىدىن باشقا نېمەت يوق، ئالدىڭدا بىيار خىجىلمەن، قېنى ئاۋۋال ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن خالاس بول، ئاندىن مۇندا قەدىمىڭ يەتمەكتىن مۇددىئايىڭنى بايان قىل.» زاھىتتىن توغرا يولغا سېلىشنى ئىلتىماس قىلىشقا ئالدىراپ تۇرغان شاھزادە ئابدۇلئەزىز، ئامالسىز ئۆز نەپسىنى تىزگىنىدىن ئازاد قىلدى، مېۋىلەردىن تويغۇچە بەھرە ئالدى، داستىخاندىن قولىنى تارتقىنىدا ھېس قىلدىكى ۋۇجۇد گۆھىرى رىيازەت چاڭلىرىدىن پاكلىنىپ، كۈچ- قۇۋۋىتى ئاۋۋالقىدىن ئون ھەسسە ئاشقاندۇر.

داستىخان يىغىلىپ دۇئادىن كېيىن شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئەۋلىيا سۈپەت زاھىتقا يۈزلىنىپ، شاھزادە ئەكپەرنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلدى ۋە ئۇنى مۇراد گۆھىرىگە ئېرىشتۈرمەك يولىدا سەپەر قىلغىنىنى ئايان قىلدى.

— ئەي مەرد ئوغلان، — دېدى زاھىت ئويلىنىپ كۆرۈپ، — تۆمۈر شاھ شاھزادە ئەكپەرنى ھالاكەت يولىغا ئەۋەتكەن، يوقلۇق ئالىمىگە ئۇزاتماقنى ئۈمىد قىلغان. ئاللاغا يۈز-

مىڭ قەترىلەپ شۇكۇركى ئۇنىڭ ئۇچۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ ھې-
لىغىچە مەنزىلگە يەتمەپسەن. بۇ سېنىڭ مەرد - مەردانە سېخىي-
ھىممەتلىكىڭدىندۇر ھەم بەخت - تەلىيىڭدۇر، ئەمدى سېنى
توغرا يولغا سالۇرمەن، ئاللا مەدەت قىلسا مەنزىلىڭگە ئامان-
ئېسەن يەتكەيسەن ۋە ئاندا ئېزىتقۇ، تىلسىماتلارنى بەربات ئېتىپ
ئازغۇنلارغا ئاتالغان ئول ھالاكەت گۆرلىرىنى يوق قىلغايسەن.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىيار خۇش بولۇپ، كۆڭۈل خەزىنى-
سىنىڭ دەرۋازىسى بولغان قۇلاقلىرىنى زاھىتنىڭ سۆز دۇرداند-
لىرىگە توغرىلىدى، ئۇنىڭ تەقەززالىق ئوتىغا شىپالىق يامغۇر
تۆكۈپ زاھىت دېدىكى: «ئول شەرتلەردە ئېيتىلغىنى بارسا
كەلمەس چۆلدۇر، ئول دەشت - باياۋان دىۋە - پەرىلەر ئىقلىمى-
غا يېقىن جەزىرىدۇر، سېھرىي - جادۇگەر دىۋە - پەرىلەر
ئىنسان ئەۋلادىنىڭ ئۆز ماكانلىرىغا قەدىمى يېتىپ قالماسلىقى
ئۇچۇن ئاندا ئۈچ تىلسىمات بەرپا قىلغاندۇر. بىرى ‹لەزىنەئى
جاۋاھىرات›، يەنە بىرى ‹تەختى شاھىنشاھ زامان› ۋە يەنە بىرى
«قەسرى رەنايى جاھان» دۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى كىشىنى
ئەقلىدىن جۇدا ئەيلەپ جان تۇتىسىنى ئوۋ قىلغۇچى تۇزاقتۇر،
شۇ سەۋەبتىن ئاندا بارغانلاردىن نە تىرىكى، نە ئۆلۈكى بولسۇن
قايتقىنى يوقتۇر. تۆمۇر شاھ بۇيرۇغان مەنزىل ئاشۇدۇر.
قەستكى شاھزادە ئەكپەرنىڭ جان گۆھىرىنى ئول تىلسىماتقا بەند
قىلماق ۋە ياكى سەرسانلىق جاپا بازغانلىرى ئاستىدا سەكپارە
قىلماق. شاھزادە ئابدۇلئەزىز سورىدى:
— ئەي ئەۋلىيا ئاتا، ئول تىلسىم بالالىرىنى قانداق دەپئى
قىلماق لازىمدۇر؟
زاھىت ئۇنىڭ دىلىغا ئۇمىد چىرىغى يېقىپ ئېيتتى: «ئەي
مەرد ئوغلان، ھەر كىشىنىڭ نەپسى ئاتلىق بىر شەيتانى بار،
ئول شەيتان كىشىنى ھەر كويغا سالار، ئۇنىڭغا يوگەن سالماق
زۆرۈردۇر. ئەپسۇس ئول شەيتانغا يوگەن سالماق ۋە ئۇنىڭ

ۋەسۋەسىلىرىدىن ساقلانماق مۇشكۇلدۇر. شۇ سەۋەبتىن كىشى كۆرمىڭ بالاغا مۇپتىلادۇر. نەسىھىتىم، ھەر ئىشقا ئاۋۋال ئەقىل تۇلپارىڭنى يۈگۈرتكىن، نەپسى تەقەززالىقلىرىڭغا ئېھتىيات تاغلىرىنى يۆك قىلغىن، يامان ئاقىۋەتلەردىن خالىي بولارسەن.»

— ئەي ئەۋلىيا ئاتا، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئەزىز دىلى يورۇپ، — پەندى جاۋاھىرلىرىڭىز كۆڭۈل قاپچۇقۇمدا ساقلىنار، ئەقلىمگە قۇۋۋەت ۋە ھەر ئىشىمغا نۇسرەت بەخشەندە قىلغۇسى.

ئەۋلىيا زاھىت ھىممەت داستىخىنىنى يەنىمۇ كەڭ يېيىپ:

— ئەي مەرد ئوغلان، — دېدى كۈلۈمسىرەپ، — ئېيتقانلىرىم ئول تىلسىملارنى بەربات ئېتىپ خەتەر - مۇشكۇلات قاينامىلىرىدىن مۇراد گۆھىرىڭنى سۈزۈپ قايتىشقا كۇپايە قىلماس، يەنە ئۈچ تال گۈل تەقدىم قىلارمەن، ئۆز ئورنىغا ئىشلىتەرسەن. ئاندىن زاھىت قولىنى ئۇزارتىپلا قاياقتىندۇر ئۈچ تال ئاق ئەتىرگۈل كامالچىسىنى ئالدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىزگە بەردى، ۋە يەنە دېدىكى، — بۇ خىسلەتلىك ئەتىرگۈللەرنىڭ ھەربىرى بىر تىلسىم ئاچقۇچىدۇر، تا تىلسىملارغا يەتمىگۈچە كىشىگە ئايان قىلما، كۈن چىقىش تامان يۈرىۋەرگىن، ئاخىر مەنزىلگە يېتەرسەن، ئاللا مەدەتكار بولغاي.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز يەنە ئىلتىجا قىلدى:

— بارسا كەلمەس يولىنىڭ ئالامەتلىرىنى بايان قىلسىڭىز.

— ئاق تۇلپارىڭ بوۋادىنىڭ ئوت - خەسلىرى بىلەن ئوزۇقلانسۇن، خىسلەتلىك چەشمە سۈيىگە قانسۇن. قىرىق كۈنلۈك يول باسقۇچە توختىماس. قىرىق يىللىق مۇساپىنى باسقۇچە توختىماس، ئاندىن مەنزىل ئايان بولار.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئەۋلىيا زاھىتقا تەشەككۇر دۇردانىلى-

ـرى ياغدۇرۇپ، خەيرلەشكەندىن كېيىن ئاق تۇلپارنى تويغۇچە ئوتلاتتى، قانغۇچە سۇغاردى، ئاندىن مەشرىق تامان يول ئالدى. ئاق تۇلپار مىسالى قاناتلانغان ئۇ يولنىڭ ئېگىز - پەس، ئوي - دۆڭگە قارىماي تۇۋاقلىرى زېمىن يۈزىگە تېگە - تەگمەي ئىلگىرىلىگەنلىكتىن ئون نەچچە ھەسسە تېز سۈرئەت بىلەن شۇنداق چاپتىكى ئاقار يۇلتۇزدەك يۈرۈپ كەتتى.

ئەلقىسسە، شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئاق تۇلپار بىرلە قىرىق يىللىق يولنى بىر بېسىپ ئاقىۋەت ئىنسان ئايىغى تەگكەن - تەگمىگىنىدىن ئىزنە يوق، جانلىق مەۋجۇداتلاردىن خالىي بىر چوك جەزىرىگە يەتتى.

چەت ياقىسى ئاسمان گۇمبىزى بىلەن تۇتاش كەلگەن ئول جەزىرىگە ھەيرانلىق كۆزلىرى بىلەن قاراپ شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئەمدى قايان مېڭىشىنى بىلمەي تۇرغىنىدا غۇرۇلداپ چىققان ئىسسىق چۆل شامىلى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا قاياقتىنىدۇر بىرىنىڭ نالە - زارىنى ئېلىپ كەلدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۆز - ئۆزىگە دېدىكى: «ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن بۇ جەزىرىدە مەندىن ئۆزگە بىرىنىڭ نالە - زارى ئاڭلانغىنى ئاجايىپ بىر ئىشتۇر. ئەمدى ئول نالە - زار قىلغۇچى قېشىغا بارماق ۋە بىلمەك كېرەككى ئۇ كىمدۇر؟ قايسى بىر مەقسەت شامىلىدا ۋۇجۇدى خازان مىسالى ئۇچۇپ كەلگەندۇر.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز شامالغا يۈزلىنىپ يۈرۈپ كەتتى. ماڭغانسېرى ئول نالە - زار تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى، بىلدىكى بىرى مۇنداق نالە چېكىدۇر.

كىشى تاپقايمۇ يار ۋەسلىنى تېنەپ دەشتى باياۋاندا،
ياتار بەلكى خىرامان يار بىغەم زەر قەسرى ئايۋاندا.
ئۆتۈپتۇ قىرىق خازان پەسلى، يۈرەكتە ئىشق گۈلى سول-

ـماي،

كېتەرمۇ گۈلى توزۇپ ئەمدى كۆيۈپ گۈلخانى ئارماندا.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئاخىر سادا كەلگەن جايغا يەتتى ۋە كۆردىكى، چاچلىرى گەدىنىگە، ساقال - بۇرۇتى كۆكسىگە چۈشكەن، كىيىملىرى جۇل - جۇل، ۋۇجۇد نىھالى قۇرۇغان قۇرايدەك بولۇپ قالغان بىر كىشى كۆز ياشلىرىدا ئەتراپ زېمىننى ئېلىپ، باغرىنى تۇپراققا يېقىپ نالە - زار قىلىپ ياتقان، تىلىدا ھېلىقى تۆت مىسرا نەزمە جارى بولۇپ تۇرغان.

شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى ئەجەبلىنىش تۇيغۇسى چىرمىدى ۋە سوئال قويدى:

— ئەي بىچارە، نى مەقسەت شامىلى بىرلە مۇندا كېلىپ قالغانسەن؟ نى سەۋەبتىن شۇ بىر نەزمىنى تەكرار ئېيتىپ ۋە زارلاپ، ئۆلۈم شامىلى قۇتراپ يۇرىدىغان بۇ جەزىرە تۇپرىقىغا باغرىڭنى يېقىپ ياتارسەن؟ ئول دەردمەن كىشى دېدى:

— ئەي بەرنا يىگىت، سوراپ نى قىلارسەن؟ جاۋاب بەرمەككە رايىم يوقتۇر، جاۋاب بەرسەممۇ ساڭا قىلچە پايدىسى يوقتۇر، بۇ يەرگە كەلمەگىنىڭ سەۋەبىگە ھەم قىزىقماسمەن، مېنى تولا سۆز قىلدۇرۇپ زەئىپ ھالىمغا ئازار قىلما. ياخشىلىق ئىستەر بولساڭ ھايالسىز جان كەپتىرىم تەن قەپىسىدىن جۇدا بولغاي، ئول ۋاقىت ۋۇجۇد نىھالىمنى يەر باغرىغا دەپنە قىلغىن، ھەقتائالا ئەجرىڭ ئۈچۈن مۇراد مەنزىلىڭنى يېقىن قىلغاي. شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— ئەي دىلخەستە، بىچارە، جان تېنىڭدە ئىكەن، مۇراد گۈلۈڭنىڭ خۇشبۇيىدىن نەپەس ئالماقتا ئۈمىدۋار بول. ئۈمىد گۆھىرى بىرلە ھاياتلىق كۆچىتىڭگە ئوزۇق بەرگىن، ۋاقىتسىز قۇرۇپ كەتمەس. سوئالىمغا جاۋاب بەرگىنىڭكى دەردىڭگە دەرمان بولۇشقا تىرىشقايمەن، تا مۇراد گۈلىنى چېكەڭگە قىسمىغۇچە

ئۆزگە ئىشقا قەدەم قويماسمەن. ئول بىچارە دېدى:

— ئەي مەردانە يىگىت، لەۋلىرىڭدىن سۆز ئورنىغا مىسالى ئابىھايات تۆكۈلدى، ئەمما، ئۈمىد يوقكى دەردىمگە داۋا تېپىلماس، جان ھەلقۇمغا كېلىپتۇر بەلكى ئەمدى ئارقىسىغا ياناس، خەير شۇ ھالدىمۇ ياخشى سۆزلىرىڭ ھۆرمىتى ئەھۋالىمدىن خەۋەردار قىلسام ھېچقىسى بولماس.

ئاندىن ئۇ ئۆز ھالىنى بايان قىلدى. دېدىكى، — ئەي بالا دەشتىگە قەدەم قويغۇچى ئازغۇن يىگىت، رەڭگى رۇخسارىڭغا قارىسام ئاللانىڭ لوتفى كىرىمى بىلەن قىرىق يىللىق مۇساپىنى قىرىق كۈندە بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەندەك قارارمەن، پېقىر بىچارىۋار بولسا قىرىق كۈندەك يولۇڭنى قىرىق يىلدا باستى، كۈرمىڭ جاپا - مۇشەققەتلەرگە مۇپتىلا بولۇپ، ھاياتلىق شامى كۆيۈپ تۈگەي دېگەندە بۇ يەرگە يەتتى. سەۋەبكى، گۈلشەنى ئاباد شاھىنىڭ پەرزەنتى دىلبەرى شاھزادە شىرئەلى نامىم ئەلگە مەشھۇر ئىدى، شىكار سەۋەبى دىلىمدا ئاتەش ئىدى. ھەپتىنىڭ بىر كۈنى ئوردىدا بولسام ئالتە كۈنى تاغ - داللاردا ئىدىم. شۇنداق كۈنلەردە بەڭۋاشلىق شاملى ۋۇجۇد نىھالىمنى بىر دەشت - باياۋانغا يەتكۈزدى ئەمما ئازغۇنلۇق قايتارغا ئىمكان بەرمىدى، ئول باياۋاندىن چىقىپ كەتمەك ئۈمىدى بىلەن يۈرۈپ، بىيار ھارغىنلىق تۈپەيلى تۈلپارىم ھالەك بولدى، باغرىم كاۋاپ بولدى، شۇ ھالدىمۇ ئاياغلىرىمغا رىغبەت بېرىپ چۆلدىن چىقىپ كەتمەككە ئىنتىلەر ئىدىم ئەمما ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق مادارىمنى تامام قىلدى. بىھوش بولۇپ يىقىلدىم، نى ۋاقىتلار ئۆتتىكىن بىر چاغلاردا دىماغلىرىمغا ئاجايىپ ھۇزۇر بەخش خۇش ھىد تولۇپ، گويا ئۆلگەن جىسمىمغا قايتىدىن جان كىردى. كۆزلىرىمنى ئاچسام بېشىمدا ھۆسن - جامالىنى چۈمبەل ئىچىگە پىنھان قىلغان قىرىق بىر تەن نازىنىن دىلرەبا قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ قۇتلۇق قەدەملىرىدىن چۆل قوينى مىسالى بىر گۈل-

شەن بولۇپتۇ، ھەيرانلىق ئىلكىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ نەزەر سالدىم، كۆردۈمكى ئول گۈلبەدەنلەر ئارا بارچىدىن پۈزۈر كىيىملىك ۋە بارچىدىن ئىپسىل زىبۇ زىننەتلىك، جامالى چۇمـ بەل ئىچىدە تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ تالى مەجنۇندەك ئەۋرىشىم ۋە خۇش پىچىم قامىتى كۆرگەنلەر دىل رىشتىنى ئۆزىگە باغلىـ ماققا تەييار تۇراردۇر. زوق ـ ھەۋىسىم ئۇرغۇپ ۋە ھەممىنى ئۇنتۇپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدۇم:

كىم ئۇ گۈلرەفتارى بىرلە چۆلنى بوستان ئەيلىگەن،
خەنجىرى ھەيرانلىقى ئەقلىمنى ۋەيران ئەيلىگەن.
مىسلى رەيھانزار ئارا ئول بىر يېگانە لالەدۇر،
ماھى رۇخسار ئىشتىياقىن جىسمىمغا دەرمان ئەيلىگەن.

نەزمىنى ئاڭلىغان ئول ھۆر ـ پەرى چۆلگە زىلزىلە سېلىپ خەندان ئۇرۇپ كۈلۈپ كېتىشتى، كۈلكىسى يېڭىلا جان كىرـ گەن جىسمىمنى ئەقىل تىزگىنىدىن جۇدا قىلدى. قىرىق تەن ھۆرـ پەرى ئارىسىدا كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزمىسىدە نۇرلىنىپ تۇرغان ئايدەك ئول يېگانە دىلنەۋاز پەرىنىڭ ھۆسن ـ جامالىنى بىر كۆرمەك ئىشتىياقى بىلەن ۋۇجۇد نىھالىمنى ئوت چىرمىـ دى، شۇ ھالەتتە ئول پەرىۋەش ئالدىغا پەرۋانىدەك ئېتىلىپ بېرىپ: «ئەي گۈزەللىك مەملىكىتىنىڭ شاھبانۇسى، نە بولۇرـ كى خۇرشىد جامالىڭنى بىر مەرتىۋە ئاشكارا ئەيلەپ، كۆڭۈل ئاسمىنىمنى مۇنەۋۋەر قىلساڭ، ئول ئايۋانىگە زىبا سۇرەتلىك نەقىشى بىرلە زىننەت بەرسەم، مېنىڭ جېنىم بولسا ھەممىنى سەن بىر لۇتفى كەرىمىڭ يولىدا پىدا قىلسام،» دېگىنىمچە تەنتەكلىك قىلىپ چۈمبىلىگە قول ئۇزاتتىم، ئۇنىڭ جامالىنى كۆرمەك ھەۋىسىدىن باشقا ھېچ ئىش ئەقىل ـ ھوشىنى قولدىن بېرىپ بولغان كاللامغا كەلمىگەنىدى، ئول سەنەم غەزەپناك بولۇپ،

«ئەي بىئەدەپ ئىنسانغا ياخشىلىق قىلغۇچى شۇنداق بىۋاپالىق جاۋابىغا ئېرىشەرمۇ» دەپ كايىغىنىچە بىر كاچات ئۇردىكى، ئۇل كاچات يۇزۇمگە ئەمەس مىسالى جېنىمغا ئۇرۇلغانچە ھېس قىلىپ، قايتىدىن ئۆلۈك ۋە تىرىك ئارىلىقىدا ھوشسىزلىنىپ يىقىلدىم، نى ۋاقىتتىكى كۆزۈم ئېچىلغاندا چۆل باغرىنى گۈلىستان ئەيلىگەنلەردىن بىرىمۇ يوق، ھەر تەرەپكە يۈگۈردۈم. بىراق ئۆزى تۈگۈل دەسسىگەن قەدەم ئىزىمۇ كۆرۈنمىدى، پەملىدىمكى يا ئاسمانغا چىقىپ كەتتى يا يەرگە، نائىلاج بۇ نەزمىنى زىكرى قىلغۇنچە ئۇلارنى ئىزدەپ ـ سوراقلاپ تاپماق ئۇمىدىدە يولغا راۋان بولدۇم:

سەنەمجان ۋەسلىنى ئىزدەش غېرىبلەر قەلبى غوۋغاسى،
ۋىسال شەربىتىن ئىچمەك ئۇمىدى، باشى سەۋداسى.

ئەمما، نەچچە يىللار ئەل كېزىپمۇ ئۇل پەرىلەر ھەققىدە جۇملە خەۋەرگە مۇيەسسەر بولمىدىم، بەلكى كىشىلەرنىڭ تاپا ـ تەنە، پىتنە ـ پاساتلىرىغا دەستەك ۋە مەسخىرە ئوقلىرىغا نىشان بولۇپ، ئۇل ماھىروي ئىشتىياقىدا كۆيۈپ چوغلانغان يۈرەك ـ باغرىم يەنىمۇ شىكەستىلىنىپ، ئاقىۋەت جان تۇتىسىنى ئەجەل بۇركۇتىگە يەم قىلىپ، ئىشق بالاسىدىن بارىخ بولماقنى ئىستىدىم. شۇ ۋاقىت بىر دانىشمەن يولۇقتى ۋە ئاڭلىغان ـ بىلگەنلىرىنى بايان قىلىپ دېدىكى: «تاسادىپىي يولۇققان ۋە ئىز قالدۇرماي غايىب بولغانغا قارىغاندا ئۇل قىرىق بىر تەن نازىنىن پەرىلەر نەسلىدىن بولسا كېرەك.

ئاندىن پەرىلەر يۇرتىغا بارماقنىڭ يولىدىن بېشارەت بەردى. ئۇل رەھنىما كۆرسەتكەن يول بىلەن مانا قىرىق يىل يۇرۇپتىمەن، قاچانكى بۇ يەرگە يەتتىم، ماغارغا ماجالىم قالمىدى، جان تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالدى. ئۇل سەنەمنىڭ خۇرشىد جامالىنى

بىر مەرتىۋە كۆرمەكنى ئارزۇلار ئىدىم ئەمما مۇرادىم ھاسىل بولماي تۇرۇپ جاندىن جۇدا بولۇر ھالەتكە يەتتىم. ئۈمىد رىشـ-تىم ئۈزۈلدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇل نەزمىنى زىكرى قىلغىنىمچە جان ئالغۇچى پەرىشتىنى ساقلاپ ياتار ئىدىم. سەن كېلىپ قالدىڭ، ئەھۋالىم شۇدۇر.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىيار ئىچ ئاغرىتىپ ئېيتتى:

— ئەي ناتىۋان ئاشىق، ئۈمىدسىزلىك شەيتانىنىڭ رەسمىـ-دۇر، ئاللا رەھمەت قىلسا ئۇل سەنەمجان ۋەسلىگە تىرىكلىكىـ-ڭىزدە مۇشەررەپ بولغايسىز، تۇلپارىمغا مىنىڭ، ئەل ئارىسىغا ئېلىپ بارسۇن، ۋىسال پەسلىنى كۈتۈپ تۇرۇڭ، جۇدالىق كۈنـ-لىرى ھامان تامام بولغۇسى.

ئۇل ناتىۋان ئاشىقنىڭ ئەمدى سۆزلەرگە ھالى يوق ئىدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز كۆتۈرۈپ تۇلپار ئۈستىگە ئالدى، ئولتۇر-غۇدەك مادارى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، يىقىلىپ چۈشۈپ كەتـ-مەسلىكى ئۈچـۈن بەلـۋاغ بىلەن چىگىۋەتتى، ئاق تۇلپارنىـڭ باش - كۆزىگە سۆيۈپ تۇرۇپ شىۋىرلىدى: «ئەي جان - جىگەر دوستۇم، ئەمدى ئايرىلار بولدۇق، ئۇل كىشىنى ئەل ئارىسىغا ئېلىپ بارغىن، رەھىمدىل كىشىلەرگە دۇچ كەلسە ھالىغا يەتـ-كۈسى، ئەھۋالى ياخشىلانسا ئەجەب ئەمەس.»

ئاق تۇلپار شاھزادە ئابدۇلئەزىزگە قىيمىغاندەك قاراپ - قاراپ قويدى، ئاخىر چېپىپ كەتتى، ئاقار يۇلتۇزدەك تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز يولىنى پىيادە داۋام قىلدى. قانچىلىك ماڭغىنى نامەلۇم بىر چاغلاردا ئاجايىپ ئېـ-سىل ۋە چوڭ بىر گۇمبەزگە دۇچ كەلدى. گۇمبەزنىڭ ياقۇتتىن ياسالغان قۇببىسى بۇلۇتلارغا تاقاشقان ۋە چوڭ يۇلتۇزدەك چاقـ-ناپ تۇرغان، بىر خىشى كۈمۈشتىن بولسا، بىر خىشى ئالتۇنـ-دىن ياسالغان، لەئەل - جاۋاھىراتلاردىن تۈرلۈك نەقىشلەر قىلىنغانىدى. تەرىپىگە تىل ئاجىزدۇر.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز يېقىن بېرىپ تاماشا قىلدى، كۆزلە-
رى قاماشتى. دېدىكى: «ئەجەب ئېسىل شاھانە گۈمبەز ئىكەن،
قايسى ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ ياكى قايسى ئەۋلىيايى - ماشايىخنىڭ
گۈمبىزىدۇر؟»
كۆڭلى گۈمبەز ئىچىگە كىرمەكنى تەقەززا قىلدى ۋە لېكىن
كىرىشكە ئىمكانى بولمىدى، چۈنكى گۈمبەزنىڭ ئالتۇندىن قۇ-
يۇلغان ۋە زۇمرەتتىن نەقىشلەر قىلىنغان ئىشىكى مەھكەم تاقال-
غانىدى، نەھايەت بىرروجەككە يولۇقتى، ئالتۇندىن يۇكسەك
ماھارەت بىلەن ھۆسنخەت شەكلىدە قۇرئان ئايەتلىرى زاھىر
قىلىنغان ۋە ئاق ياقۇتتىن تاختا بىرلە توسۇقلانغانىدى.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز روجەكتىن گۈمبەز ئىچىگە نەزەر تاش-
لىدى، كۆردىكى ئىچى تېشىدىنمۇ ياسىداق ۋە ھەشەمەتلىك،
قىزىل ئالتۇندىن ياساپ، ئاجايىپ ئېسىل گۆھەرلەر بىلەن بې-
زەلگەن بىر تەخت قويۇلغان. تەخت ئۈستىدە نە بىر شاھىنشاھ
جەسىتى ياكى بىر خىزىر سۈپەت ئاپئاق ساقاللىق مويسىپىت
ئەۋلىيا - ماشايىخنىڭ مۇبارەك جىسمى قويۇلغان ئەمەس بەلكى
بىر مۇشەققەتلىك سەپەر ئۈستىدە توغرا كېلىپ قالغان، ئول
گۈمبەز ئىچىدە زەر تەخت ئۈستىدە ئارامبەخش ئۇيقۇغا كەتكەن-
دەك كىيىملىرى جۇلدۇر، چارساقاللىق بىر كىشى ياتقان.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۇنىڭدىن شاھانە گۈمبەز ۋە زەر تەخت-
كە مۇناسىپ ھېچبىر ئۇلۇغلۇق نىشانىسى كۆرمىدى، ئاخىر
ھەيرانلىق توپىسى ئەقىل - گۆھىرىنى كۆمۈپ تاشلاپ دې -
دىكى، — ياتقان جايى شۇنچە ئېسىل بولغان ئول بەندە
ھاياتلىقىدا نېمە ياخشى ئىشلارنى قىلغان ۋە قايسى دەرىجىدە
ئۇلۇغلانغان بولغىيدى، ئەقلىم يەتمىدىكى چېھرىدىن نە بىر
ئېسىل نەسەبلىك ۋەياكى نە بىر زاتى ئۇلۇغلۇق نىشانى كۆرۈن-
مەس.
شۇ ھامان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا زەئىپلىك يۈزلىنىپ، نەچچە

ۋاقىتتىن بېرى سەزمىگەن سەپەر ھارغىنلىقى بىراقلا يەتتى، خامۇش ھالدا ئۆزىنى بىر يانغا تاشلىدى، ئوي ـ پىكىر دەرياسىغا غەرق بولدى. ئول دەريائى ئەزىم ئىچىدە ئۇنىڭ ئىرادە مەرۋايىتلىرىنى ئۇمىدسىزلىك سەدەپلىرى ئۆز باغرىغا بىر ـ بىرلەپ يوشۇرماقتا ئىدى. پاك نىيەت ئارزۇ كېمىسىگە قۇرت چۇشۇپ غاجاپ تەشمەكتە ۋە ئازغۇن خىياللار كېمە رولىنى بۇراپ ھالاكەت قايناملىرىغا باشلىماقتا ئىدى.

شۇ ۋاقىت ئول گۈمبىزى نادىرى دەۋران پەلەك چەرخىدەك چۆرگىلەپ ـ چۆرگىلەپ يەر قوينىغا چۆكۈپ غايىب بولدى ۋە ھايال قىلماي ئورنىغا بىر ئاددىي توپا قەبرە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى.

ئۇيقۇ بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدا ياتقان شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئالدىدا زاھىر بولدىكى ئەڭ نامرات ۋە خار ـ زارلارنىڭ قەبرىسىدەك ئول ئاددىيغىنا توپا قەبرە يۈزىدە:

ياخشى ئىشنى قىلغىن ئادەت ھەر زامان،
ئول ئىشىڭغا بىل ياخشى ھەق بار ھامان.

دېگەن مىسرالار يۇلتۇزلار تىزمىسىدەك چاقناپ نۇرلىنىپ تۇرار ئىدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز بۇ مىسرالارنى ئوقۇپ تۇرار ئىدى، قەبرە يېرىلىپ ئارىسىدىن گۈمبىزى نادىرى جاھان ئىچرە زەر تەخت ئۈستىدە ياتقان كىشى چىقىپ كەلدى ۋە — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەي ياخشى يىگىت، — دېدى سالام بېرىپ.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز سالامغا جاۋاب بېرىپ دېدىكى، — ئەي مۆھتەرەم زات ئاجايىپ كارامەتلەرنى كۆرۈۋاتىمەنكى، سىر ـ ئەسرارنى بىلمەككە تەقەززامەن. قەبرىدىن چىققان كىشى دېدىكى:

— ئۇنداقتا ھېكايەمگە قۇلاق سالغايسىز.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز كۆڭۈل خەزىنىسىگە ئۇنىڭ سۆز ئۇن-

چىلىرىنى قاچىلاش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ تۇردى. ئول كىشى ھەم يېنىدا تۇرۇپ ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ئەي يىگىت، ھايات ۋاقتىمدا توغرا يولدىن چەتنەپ قاراقچىلىقنى كەسىپ قىلغانىدىم. قىرىق تەن شىردەك باتۇر بۇرادىرىم بار ئىدى. مەخسۇس ماللارنى ۋە كارۋانلارنى تالان-تاراج قىلار ئىدۇق. مېلىنى دەرھال تاپشۇرسا جېنى ئۆزىگە قالار ئىدى، ئەكسى جېنىمۇ ھەم مېلىمۇ قولدىن كېتەر ئىدى. شۇ ھالدا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى نامەلۇم، خىلۋەتگاھىمىز-دىكى بىر چوڭ ئۆڭكۈر ھەددى - ھېسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش ئەسۋاب، تىللا، يامبۇ، گۆھەر، ياقۇت، ئېسىل رەخت - زەر-بابلارغا ۋە زىبۇ زىننەتلەرگە ۋە باشقا تۈرلۈك پۇللۇق بۇيۇملارغا تولدى ئەمما شۇنچە بايلىق توپلىغىنىمىز بىلەن زەررىچە بەھرە ئالماققا ئىمكانىمىز يوق ئىدى. سەۋەبكى يامان ئاتىقىمىز ئەل ئاغزىدا پۇر بولغان. ئەل ئارىسىغا بېرىشقا ئىمكان يوق ئىدى. قىلمىشلىرىمىزنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، جان قايغۇسىدا ھەر ۋاقىت تاغ - دەشتلەردە تېنەپ - ئەندىكىپ يۈرەر ئىدۇق. ئاقىۋەت بىزنى يوقاتماق ئۈستىدە كارۋان سۈپەت كەلگەن شاھ لەشكەرلىرىگە دۇچ كەلدۇق. ئۇلارنىڭ تاغار - سۈكەنلىرى لەشكەر ئىكەن، ئالدىنىپ بۇلاشقا باردۇقۇ ئەمما قىرىق بىر بۇرادەر ئىچىدىن بىر ماڭىلا ئامان قايتىش نېسىپ بولدى، قالغانلار جەڭدە كۆپ دۈشمەنگە تەڭداش بولالماي جان گۆھىرى-دىن جۇدا بولدى، تەنلىرى ئاندا قېلىپ قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولدى.

شۇندىن كېيىن يېگانە قالدىم. بارىنى يەپ - ئىچىپ ھېچ ياققا بارمىدىم. بىر كۈنلەر ئىككى كىشىنىڭ قەدىمى ئاندا يېتىپ قالدى. بىرى ئەر، بىرى ئايال. قولىدا بىر - ئىككى ياشلاردا چېھرى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي مىسالى نۇرلىنىپ تۇرغان ئاجايىپ خۇش سۈرەت بىر ئوغۇل بالا ياتار ئىدى. بالىنىڭ كۆز

چەشمەلىرىدىن ياش ئۆنچىلىرى پادىشاھزادىگە مۇناسىپ ئېسىل لىباسلارغا تۆكۈلۈپ تۇرار ئىدى. بالىنىڭ ئەھۋالى بىرلە قالغان ئىككىيلەننىڭ ئەھۋالى ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىق ئىدى.

بالىنى بىر كۆردىمۇ ۋۇجۇدۇم ئالتۇنى مېھرى ئاتەشىدە سىمابتەك ئېرىپ، كۆڭۈل كەپتىرىم تەقەززالىقتا تىپىرلاپ قالدى. پەرۋانىدەك ئېتىلىپ ئالدىغا بارديۇ يەنە ئەقىل تىزگىنىمدە ئۆزۈمنى توختاتتىم، ئۇل يېگانىلەر مېنى كۆرۈپلا شەك ـ شۇبھە ئىچىدە بالىنى نېرى قىلـدى، تـاقەتسىزلىنىپ سورىدىم، — ئەي ياخشىلار ئۇل چىرايلىق پەرزەنتنى نە سەۋەبتىن مۇشەققەتلىك سەپىرىگە ھەمراھ قىلدىڭىزلەر، ئۇل ھاياتلىق بېغىنىڭ نازۇك نىھالى جەننەت ئەھلى گۈلىستان ئىچىدە، ئالتۇن بۆشۈكتە پەرۋىش تاپمىقى لازىم ئىدىغۇ؟ ئۇلاردىن بىرى دېدى:

— ئەي يوچۇن كىشى، بۇ بالا چىرايلىق بولغىنى ھەم شاھانە كىيىندۇرگىنى بىلەن ئەسلى قۇل بالىدۇر. بالىنى بەگزادىلەرگە سېتىش ئۇچۇن ئېلىپ ماڭغانمىز، تولا سۆز يورغىلىتىپ بىزنى يولدىن قويما.

پەملىدىمكى سۆزلىرى يالغاندى. ئەمما، بىيار شادلىنىپ ئېيتتىم، — ئېسىلزادىلەرنى ئىزدەپ ئاۋارە بولغۇچە ئۇنى ماڭا سېتىڭلار.

ئۇلار باش ـ ئايىغىمغىچە قارىتۇېتىپ دېدى، — بىر گاداي مىسالى ھالىڭ بىلەن قايسى مۇلكۇڭگە ئۇل جان گۆھىرىنى سېتىپ ئالماقچىسەن؟

— مال بىساتىمنى كۆرمەي تۇرۇپ ھال ـ ئەھۋالىمغا باھا بەرمەڭلار، — دېدىم ئۇلارغا، — كاتتا پادىشاھلار خەزىنىسىدىنمۇ مولىراق بىر جاي باردۇر، مال ـ دۇنيا ھېسابسىزدۇر. ئاندا بېرىپ كۆرۈڭلار. ئاندىن رازى بولساڭلار ئۇل جان گۆھىرىنى ماڭا قالدۇرۇپ بارچە مۇلۇككە ئىگە بولۇڭلار.

ئۇلار بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇشتى. ئاخىر يېگانىلىكتىن كۆڭۈل تىندۇرۇپ كەينىمدىن ماڭدى، تۇرار جايىمغا يەتتۇق، ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كىردىم، بارچە مال ـ مۈلۈكلەرنى كۆرۇپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ قالدى. سورىدىمكى:

— بۇنىڭغا رازىمۇ سىلەر؟

— بىزدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلماي بالىنى ئېلىپ كەتسىڭىزلا بىز رازى، — دېدى ئۇلار. خۇشاللىق بىلەن بالىنى قۇلۇمغا ئالدىم، ئۇلارمۇ قىلچە تارتىنمايلا بەردى، ئۆز بالىسى بولسا ئۇنداق قىلماس ئىدى.

شۇ ھامان ئول ھاياتلىق گۇلشەنىنىڭ نازۇك نىھالىنى ئۆز ماكانىغا يەتكۈزۈپ باغۋەنلەرنىڭ پەرۋىشىگە تاپشۇرماق ۋە ئاندىن تا ئۆلگۈچە خىزمىتىنى قىلماقنى خىيال قىلدىم ـ دە، دەرھال يولغا چىقتىم، مەقسەت ـ مۇددىئايىمنى سەزگەندەكلا ئول يۇرەك پارەمنىڭ كۆز چەشمەسىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئۇنچىلەر توختىدى، يۇمران قوللىرى شۇ چاغقىچە كۇرمىڭ گۇناھلار يۇكلەنگەن بوينۇمغا گىرە سالدى. ئۆزۈمنى ئاجايىپ خۇشال ۋە يەڭگىل ھېس قىلدىم، قەدەملىرىم ئىتتىكلەپ ئىلگىرىكى ئىككى قەدەملىك مۇساپىنى بىر چامداپ ھېلىقى ئەر ـ ئايال يېگانىلەر كەلگەن تەرەپكە يۇرۇپ كەتتىم، تېزلا ئول جامائەت ئارىسىغا بېرىپ قالدىم. «تونۇيدىغانلار چىقىپ قېلىپ مېنى پادىشاھقا تۇتۇپ بېرەرمۇ» دېگەن ئەندىشىدە يۇرىكىم سوقتى ئەمما بالىغا ئاش ـ تائام تېپىپ بەرمەك ئۈچۈن ئاندا بارمايمۇ بولماس ئىدى. ئاخىر ئەندىشە بوخچىسىنى يۇدۇپ تەۋەككۈل قىلىپ بېرىۋەردىم، بەخت ـ تەلىيىمگە مېنى تونۇيدىغانلار چىقمىدى. ياخشى سۆزلەر بىلەن ئاش- ئوزۇق تىلىدىم. بەردى. بالىغا يېگۈزدۇم، ئاشقاندىلىرىنى يەنە ئۇنىڭ ئۈچۈن ساقلىدىم، ئاندىن بالىنىڭ ئاتا- ئانىسىنى سۈرۈشتە قىلدىم. كۆپ كىشىنىڭ ئۇنى پەرزەنت قىلىۋالغۇسى كەلدى ئەمما يالغانغا تىلى بارمىدى، بالىنىڭ ئاتا

- ئانىسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى، خوشلىشىپ يولنى داۋام قىلدىم. شۇ ھالەتتە نەچچە ئون كۈنگىچە تاپقىنىمنى ئاۋ-ۋال بالىغا يېگۈزۈپ ۋە ئۇنى بار ئىمكانىمچە ئىسسىق ساقلاپ كېيىندۈرۈپ، گاھ قولۇمدا، گاھ بوينۇمدا كۆتۈرۈپ ئاتا - ئانىسىنى ئىزدەپ - سوراپ بىر شەھەرگە يەتتىم. ئاجايىپ ئاۋات شەھەر ئىكەن. شەھەرگە كىرىپ ئارىلاپ يۈرەر ئىدىم، كىشىلەر ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قاپتىمەن، ئالدىمدىن بىر ھەيۋەتلىك قوشۇن چىقىپ كەلدى، قوشۇن ئوتتۇ-رىسىدا شاھانە تاج كىيگەن زەرباب تونغا پۈركىنىپ، بىر كىشى ئالتۇندىن ئېگەر - جابدۇقلۇق ئارغىماقتا كېلىۋېتىپتۇ. شەھەر پادىشاھى ئىكەن، ۋاقتىدا ئۆزۈمنى دالدىغا ئالمىغاچ ياساۋۇللار تۇتۇپ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ بالىغا كۆزى چۈشتى - دە، سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ پەرزەنتىدۇ؟

— بىلمەيمەن؟ — دېدىم سۇر بېسىپ، — قۇل بالىسى دەپ ساتارمەن بولغانلاردىن ئالغانىدىم، ئاتا - ئانىسىنى تاپسام، قولىغا تاپشۇرسام دەپ ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپتىمەن. شاھ بەدگۇمانلىق بىلەن توۋلىدى:

— ئەي نابىكار، سۆزلىرىڭ يالغاندۇر، بەلكىم بالىنى ئوغرىلاپ قاچقاندۇرسەن، بولمىسا شۇنداق پادىشاھزادە سۈپەت-لىك بالىنى ئاتا - ئانىسى ئوڭايلا يىتتۈرۈپ قويارمۇ؟ كىشىنىڭ ئۇنى قۇل بالىسى ئورنىدا كۆرۈپ ئەيمەنمەستىن ساتىمەن دېيىش-كە تىلى بارارمۇ؟

مەن سۆزۈمنىڭ راستلىقىغا ياراتقۇچى ئىگەمنى شىپى كەل-تۈرۈپ شاھنى ئىشەندۈرمەك بولدۇم ئەمما قۇلاق سالماي ئول جان گۆھىرىمنى تارتىۋالدى ۋە بېشىمغا دەستەك بىلەن ئۇردى، بېشىم يېرىلىپ قانلىرىم ئاقتى ئەمما كۆزلىرىم بالىدا ئىدى. ئول گۆدەك يۇمران قوللىرىنى سوزۇپ يىغلاپ ماڭا تەلپۈنەر

ئىدى.

ياساۋۇللار دەرھال مېنى باغلىدى. شاھ دارغا ئېسىشنى ھۆكۈم قىلدى. دار ئالدىغا ئېلىپ بېرىلدىم، يەنىلا بالىغا تەلمۈرەر ئىدىم. پەقەت ھەقتائالادىن ئۇنى ئامان - ئېسەن ئۆز ئاتا-ئانىسى قولىغا يەتكۈزۈشنى تىلەر ئىدىم.

ياساۋۇللار خەلق ئالدىدا مېنى دارغا ئېسىشتى. بوينۇمغا سېلىنغان سىرتماق شۇنداق چوڭ ۋە مەزمۇتلۇقىغا قارىماي تار-تىپ بولغۇچە ئۈزۈلۈپ بولدى. ئۈچ مەرتىۋە شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئەل ئارىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلدى، «بۇ كىشى گۇناھسىز ئىكەن» دەپ، شاھ ئامالسىز يېڭى پەرمان چۈشۈرۈپ زىندانغا ھۆكۈم قىلدى، قاراڭغۇ زىنداندا ئۇل ماھى تەلئەت گۆدەك ئوغۇلنى ئەسلەپ، تىنچ - ئامانلىقىنى تىلەپ ئولتۇرۇپ ئۈچ ئايغىچە ۋاقىت ئۆتتى، شۇ كۈنلەرنىڭ بىرى شەھەردە ناغرا - سۇناي ساداسى ياڭراپ داقا - دۇمباقلار ئالەمنى لەرزىگە سالدى. بىرمۇنچە ياساۋۇللار زىندان بېشىغا كېلىپ مېنى، باشقا مەھ-بۇسلارنى تارتىۋالدى ۋە دېدىكى، — ئىلگىرىكى پادىشاھ ئاتە-تىن يىقىلىپ قازا قىلدى، ۋارىسى بولمىغاچ ئەل رايىغا مۇنا-سىپ يېڭى پادىشاھ تەختكە ئولتۇردى. ئەل خۇشاللىق خاسىيە-تىدىن ئومۇمىي كەچۈرۈم جاكارلاندى. بارچە گۇناھكارلار ئازاد بولدۇڭلار. بارچە مەھبۇسلار يېڭى پادىشاھقا بەخت تىلەپ يو-لۇڭلارغا مېڭىڭلار. زىنداندا ئۆتكەن كۈنۈڭلارنى ئەسلەپ يېڭى گۇناھ سادىر قىلىشتىن ساقلىنىڭلار.

ھەممىمىز شادلىققا چۆمدۇق، كاللامغا شۇ كەلدىكى، — ئۇل گۆدەكنىڭ ھالى نېچۇكدۇر؟

بىيار يالۋۇرۇپ سورىغاندىن كېيىن بىر ياساۋۇل ئېيتتى:

— ئىلگىرىكى پادىشاھ بالىسىز ئىدى. ئۇل گۆدەكنى ئۆز پەرزەنتى قىلىپ تەربىيىلىمەك ئۈمىدىدە خاس ھەرەمگە ئېلىپ كەلگەن، ھازىر نە ھالدا ئىكەن، بىزگە نامەلۇم. شۇ ھامان

ئوردا ئالدىغا يۈگۈردۈم. ئوردا ئالدىدا نۇرغۇن كىشى ناغرا ـ سۇناي، داقا ـ دۇمباق چېلىپ شادىيانە ساماغا چۈشۈپتۇ، ئارىسىدىن ئۆتۈپ ئوردا ئىچىگە ماڭدىم، كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلار كۆپ بولغاچقا ياساۋۇللار توسالمىدى ئەمما شاھ قەسرى ئالدىدا توسۇلۇپ قالدىم، ئامالسىز بار ئاۋازىمچە پەرياد قىلدىم، — داد پادىشاھى ئالەم، ھالىمغا يەتكەيلا، — دەپ. قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك ناغرا ـ سۇناي، دۇمباق سادالىرى ۋە قىقاس ـ چۇقانلار ئىچىدە ئاۋازىمنىڭ قانداقسىگە ئەتراپىتىكى شاھانە قەسىرنىڭ زەر تەختىدە ئولتۇرۇپ ۋەزىر ـ ۋۇزرا، بەگ ـ سەردارلار ۋە ئېسىلزادىلەرنىڭ تەبرىك مەدھىيىلىرى قاينىمىغا چۆمگەن يېڭى پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يەتكىنىنى بىلمەسمەن، ھايال ئۆتمەي ئۇ ئۆزى ئالدىمدا ھازىر بولدى ۋە سورىدى:

— پەرياد قىلغۇچى سەنمۇ؟

— شۇنداق ئادالەتپەرۋەر ئۇلۇغ شاھىم، — دېدىم تەۋەززۇ بىلەن.

— بايا پەريادىڭنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەلدى. نېمە ئەرزىڭ بولسا بايان قىلغىن. مەقسىتىڭگە يەتكۇزمىگۈچە باشقا ئىشقا قەدەم باسماسمەن، تەختكە ئولتۇرماسمەن، — دېدى ھىممەت كەمىرىنى چىڭ باغلاپ.

— ئەي ئادالەتنىڭ قۇياشى، ھەقىقەتنى نۇرلاندۇرغۇچى، ئەرزىم شۇكى، ئىككى ـ ئۈچ ياشلاردىكى بىر گۆدەكنى ساتارمەنلەردىن بىر ئۆمۈر قاراقچىلىق قىلىپ يىغقان خەزىنىلىرىدىكىدىنمۇ ئارتۇق مال ـ دۇنياغا ئالماشتۇرغانىدىم، مەقسىتىم ئول گۆدەكنى مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى قولىغا يەتكۈزمەك، ئۆمرۈمنى خىزمىتىدە تامام قىلماق ۋە شۇ ياخشىلىق خاسىيىتى بىلەن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى گەدىنىمدىن ساقىت قىلماق ئىدى. كۈرمىڭ مۇشەققەتلەر ئىچىدە نۇرغۇن يول يۈرۈپ مۇبارەك شەھەرلىرىگە كەلگەنىدىم، ئىلگىرىكى شاھ يولۇقۇپ بالىنى

تارتىۋالدى، مېنى زۇلۇم كالتىكىگە بېسىپ، زىندانغا بەند قىلـ
ـدى. ئۈچ ئاي يېتىپ ئۇشبۇ كۈنى ھەممەتلىرىدە ئازاد بولۇپتىمـ
ـەن، تىلىكىم ئول گۆدەكنى قولۇمغا ئالسام، ئاتا ـ ئانىسىنى
ئىزدەپ ـ سوراپ تاپسام، مۇرادىم ھاسىل ئىدى. شاھ دېدىكى:
— ئەي مۇساپىر، جىنايەت كىرلىرىنى ياخشىلىق سۈيىدە
يۇياي دەپسەن، نىيىتىڭ دۇرۇس، ئىززەت ـ ھۆرمەتكە مۇناـ
ـسىپ كىشى ئىكەنسەن. بىلىشىمچە ئول گۆدەك مەرھۇم شاھـ
ـنىڭ خاس قەسرىدە تەربىيەت قىلىنماقتا، ھازىرلا ئەكەلدۇرۇپ
قولۇڭغا تاپشۇرغايمەن.
شاھ بىرمەھرەمنى بۇيرۇدى، تېزلا ئول كۆڭلۇم قاياشىنى
ئېلىپ كەلدى، ھېلىھەم ئۇنتۇماپتۇ، بوينۇمغا ئېسىلدى، شۇ
چاغدىكى خۇرسەنمەنلىكىمنى تىل بىلەن ئىزاھلاشقا ئاجىزمەن،
مېھرىم بىلەن باغرىمغا باستىم، كۆرگەنلەر ھەممىسى تەسىرلەنـ
ـدى.
شاھ يەنە دېدى:
— ئەي ياخشى كىشى، بۇ پەرزەنت ئېسىلزادە بولسا
كېرەك، مەملىكىتىم تەۋەسىدىن ھازىرغىچە پەرزەنت يىتكەنلىك
خەۋىرى تارالمىغان. سەن ئۆزگە مەملىكەتلەرگە بېرىپ ئىزدەپ
باق.
شاھقا تەشەككۇر ئېيتىپ خوشلاشتىم. شاھ بىر تاۋاق تىللا
ئىنئام قىلىپ دېدىكى:
— ئەي ياخشى كىشى، سەپىرىڭ ئۇزۇن، خىراجىتىڭ
يوقتۇر، بۇ بىر تاۋاق تىللانى ئالغىن، قىيىنچىلىقتا قالماسـ
ـسەن، قاچانكى ئول پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا يولۇقساڭ
مەندىن سالام ئېيتقىن، ئاندىن ئىمكان بولسا كېلىپ ئول خۇـ
ـشاللىقتىن مېنى ھەم بەھرىمەن قىلغىن، تا سەندىن خۇش خەۋەر
ئاڭلىغۇچە ماڭا ھەم دىل ئارامى بولماس.
شاھنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىپ، تىللانى بەلۋېغىمغا تۈگۈپ

يۈرۈپ كەتتىم. شاھ قىلغان ئادالەتلىك ياخشى ئىشى بىلەن ئەل ئاغزىدا شۆھرەتلىنىپ قالدى.

شۇ يۈرگەنچە بىر ئاي بولغاندا بىر تاغ باغرىغا يەتتىم، ئاندا قىرىق قاراقچى ماكان تۇتۇپتۇ. ئۇ يەردىن ئۆتكەندە ئۇلار ئالدىم-دا ھازىر بولدى، جېنىمغا قەست قىلىپ بار - يوقۇمنى تارتى-ۋالماق بولدى، ئۇلارغا يالۋۇردۇم:

— ئەي بۇرادەر ئەزىمەت، جان قەستىدە بولماڭلار، بار بىساتىم بىر تاۋاق تىللادۇر، تىللانى ئېلىپ مېنى ئامان قويۇڭ-لار، ئول گۆدەكنى ئاتا - ئانىسىغا يەتكۈزمىسەم بولماس. ئەمما ئول ۋەھشىيلەر تىللانى ئېلىپ بولدى قىلماي يەنە جان قەستىگە چۈشتى، بىيار غەزەپناك بولدۇم. بالىنى بىر دالدىغا قويۇپ «ئۆلسەم ئېلىشىپ ئۆلەي دەپ قولۇمغا پىچاق ئالدىم، شۇ ھامان بىر كارامەت يۈز بەردى، قوغۇن تىلىشقىلا يارايدىغان بۇ پىچاق بىردىنلا ئۇزىراپ رەقىبلەرگە ئەجەل ۋەھىمىسى سالىدىغان ئال-ماس قىلىچقا ئۆزگەردى. قاراقچىلار چۆچۈپ ھەر تەرەپكە قې-چىشتى، ئۇلار كۆزدىن يوقالغاندىن كېيىن قولۇمغا قارىسام يەنە شۇ بۇرۇنقى پىچاق تۇرۇپتۇ، غىلاپقا سالدىم. بىر بالادىن ئامان قالغىنىمغا شۈكۈر - سانا ئېيتىپ بالىنى بوينۇمغا مىندۈرگى-نىمچە يولۇمنى داۋام قىلدىم. بىر غارغا دۇچ كەلدىم، پەملى-دىمكى قاراقچىلار تۇرار گاھىدۇر، بەلكىم بۇلاپ - تالانغان ماللار يىغىلغاندۇر ئەمما ھازىر ئىگىسىز قالغان.

يولۇمغا كېتىۋەردىم، بىر چەت ياقا مەھەللىگە دۇچ كەل-دىم، ئەھلى - مەھەللە نامراتلىقتىن ئەتىگىنىگە بار، كەچلىكى-گە يوق، قورسىقىغا بار، ئۇچىسىغا يوق پېقىر كىشىلەر ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ھەممىسى ھىممەتلىك كىشىلەر ئىكەن، تاپقان - تەرگىنىدىن ياخشىلىرىنى ئالدىمغا قويدى. ئاۋۋال بالىنى، ئاند-دىن ئۆز نەپسىمنى تويغۇزدۇم. ئاندىن دېدىمكى، — ئەي جامائەت، يولدا قاراقچىلارنىڭ تۇرار گاھىغا كۆزۈم چۈشتى،

بەلكىم ئۇ يەردە ھېسابسىز بايلىق بىكار تۇرغاندۇر. خالىغانلار بېرىڭلار، ھاجىتىڭلارغا سەرپ قىلىڭلار، ئول خەزىنە ھازىر پاناھسىز، پۇرسەت غەنيمەت.

شۇ ھامان ياش يىگىتلەر ھەممىسى يىغىلدى، بارار بولدى، ئېھتىيات ئۇچۇن ياراغ بولغۇدەك كالتەك، پالتا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭدۇق، غارغىمۇ يەتتۇق، قاراقچىلار تېخى قايتماپتۇ، ھەمراھلىرىم دەرھال غاردىكى بار مۇلۈكنى قويماي ئېلىپ ماڭدى. كۆتۈرگەنلىرى ئېغىرلىق قىلىپ مىڭ مۇشەققەتتە تۈن يېرىمى بىلەن مەھەللىسىگە يەتتى، تاڭلا سەھەر يولغا چىقتىم. بارچە ئەھلى — مەھەللە رەھمەت تەشەككۈرلەر بىلەن ئۇزىتىپ چىقتى، تۇتقان يوللۇقلىرىنى رەت قىلىپ يولۇمنى داۋام قىلدىم. بىر چوڭ شەھەرگە يەتتىم. شەھەر خەلقى ھالى پەرىشان يۇرىدۇ، سەۋەبىنى سورىسام دېدىكى، — مۇندىن بىر يىلچە ئىلگىرى شاھنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق گۆدەك شاھزادىسىنى باققۇچى كېنىزەك بىرلە ئۇنىڭ ئاشنىسى ئوغرىلاپ قېچىپتۇ. بالا دەردىدە شاھ بىلەن خانىش يېگەن - ئىچكىنى زەھەر، زوققۇم بولۇپ، زار - زار يىغلاپ كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ يېتىپتۇ، ئەل ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغاچ شۇ سەۋەبلىك ھەممە كىشى غەمكىن پەرىشان يۈرەر.

بىلدىمكى، ئول گۆدەك پادىشاھنىڭ ئوغرىلانغان كۆز قاردچۇقىسى، يۈرەك پارىسى ئىكەن. دېدىمكى:

— ئەي بەختلىك ئىنسان، مېنى ئوردىغا باشلا، بۇ گۆدەك، شاھنىڭ يىتكەن شاھزادىسىدۇر، شاھنىڭ قولىغا تاپشۇرايلى، سۆيۈنچىسى ساڭا بولسۇن.

ئول كىشى خۇشاللىق بىلەن ئوردىغا باشلىدى. ئوردا ئالدىدىكى ياساۋۇللارغا مەقسەتنى بايان قىلدىم، ئۇلار ھەم خۇشاللىقتىن تەنتەنە قىلىشىپ بالا بىلەن قوشۇپ مېنى بېشىدا كۆتۈرۇشۇپ شاھ قەسرىگە ئېلىپ كىردى.

شاھ زەر تەختتە كۆزلىرى نەملىك، دىلى غەملىك بىر ھالەتتە ھالسىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. چېھرى پىراق ئوتىدا غازاڭدەك سارغىيىپتۇ، كۆزى بالىغا چۈشكەن ھامان، — ئاھ، بالام! — دەپ تۇۋلىغىنىچە تەختتىن ئۆزىنى تاشلىدى، بالىنى باغرىغا باستى، ئول گۆدەك ھەم ئاتىسىنى تونۇپ بويىنىغا گىرە سالدى . . . بولغان ئىشلارنى تەسۋىرلەشكە تىل زەئىپتۇر. تۇرغانلار باراۋەر شادلىق ياشلىرىنى تۆكۈشتۇق، شاھ ئاندا ھازىر بولغان ھەممە كىشىگە تاۋاق - تاۋاقتا ئالتۇن - كۈمۈش، تىللا - يامبۇلار ئېلىپ چىقىپ چاچقۇ قىلدى. ئاندىن بالىنى كۆتۈرۈپ خاس ھەرەمگە ماڭدى. ئاندا نە ئىشلار بولغىنىدىن خەۋەرسىزمەن. ئاندا تۇرغان ۋەزىر - بەگلەر ھەممىسى دېگۈدەك يېنىدا باركى قىممەت باھالىق بىساتى - زەرباپ تون، زەر كەمەر، گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈك ۋە ھەميانلاردا تىللالارنى ئىختىيارىچە ئىنئام قىلدى، بۇ ماللارنى كۆتۈرمەككە مادارىم يەتمەدى. بىر چاغلاردا شاھ چېھرى شادلىقتىن قۇياشتەك نۇرلىنىپ تەبەسسۇم جىلۋە قىلغان ھالەتتە قايتىپ چىقتى، مېنى قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆز تەختىدە بىللە ئولتۇرۇپ دېدى:

— ئەي ئوغلۇمنىڭ نىجاتكارى، مېھرىبان دوستۇم، نى سەۋەبلەردىن ئول پەرزەنت يۈرەك پارەم ساخاۋەتلىك قوللىرىڭغا ئۆتۈپ قالدى.

مەن بارچە كەچمىشلىرىمنى بايان ئەيلىدىم. شاھ بىيار خۇرسەن بولدى ۋە دېدىكى:

— ئەل غېمىدىن خالاس قىلۇرمەن، قىلغان خىزمىتىڭگە ئىنئام دېيىشكە تىلىم بارماس، خالىغانىنى سورىغىن، مەيلى شاھلىق تاجىمنى سورا، مەيلى خەزىنەمدە باركى مۈلۈكنى سورا ئىختىيارىڭچە بولسۇن، خالىغان نەرسەڭنى ھەدىيە قىلۇرمەن.

— ھەي ھىممەتلىك ئۇلۇغ شاھ ئالىيلىرى، — دېدىممەن جاۋابەن، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرىمنى ساۋابلىق سۈيى

بىلەن پاكلىنىش ئۈمىدىدە ۋە ئۇل پەرزەنت دىل ـ رىشتىمىزنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى تۈپەيلى خىزمەتلىرىگە مۇيەسسەر بولغان. مەن، ئىلگىرى قىلمىشلىرىمنى سۈرۈشتە قىلماستىن كۆرسەت. كەن ئىلتىپات ئىززەت ـ ئېتىبارلىرى ماڭا يېتەرلىك كاتتا مۇكاپاتتۇر، ساداقەتمەن دۆلەت ئەربابلىرى سىلى ئۆزلىرى ئۇ. چۇن بار ـ يوقىنى ئايىماي ئىنئاملار بېرىپ مېنى مال ـ دۇنيادىن بىھاجەت قىلدى، ئەمدى يەنە باشقا تىلىكىم يوقتۇر، بولسا بىر مەزگىل ئىجازەت قىلسىلا، ھەق ـ ئادالەتنى جارى قىلىپ مېنى زىنداندىن ئازاد قىلغان ۋە ئىززەت ـ ئېتىبار بىلەن يولغا سېلىپ قويغان، ئۆزلىرىگە سالام يوللىغان، شاھ ئالدىغا بارسام، ۋەدەمنى ئادا قىلسام ئاندىن قايتىپ كېلىپ بىر ئۆمۈر شاھزادىمىزنىڭ چاكىرى بولۇپ خىزمىتىنى قىلسام زادىلا ئار. مىنىم قالماس ئىدى. شاھ دېدى:

— ۋاپادار دوستۇم، ھەممە خاھىشىڭچە بولسۇن ئەمما كەلگەن ھالىتىڭدە قايتۇرالماسمەن، خەزىنىگە كىر، ئىككى ساندۇقتا تەك ئېسىل جاۋاھىراتلارنى تولدۇر، ئاندىن خېچىرلار. غا يۈكلەپ ئېلىپ ماڭغىن، ساڭا يولۇقۇم بولسۇن، ئادا. لەتپەرۋەر شاھقا ھەم ھەدىيەرىم بار، ئالغاچ بارغىن.

شاھنىڭ سۆزىنى يىراماي خەزىنىگە باردىم، تاللاشقا قو. لۇم بارمىدى، ئورنۇمدا شاھ بىلەن ئەۋەتكەن خەزىنىچى تاللى. دى، ئەڭ ئېسىل قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار بىلەن ساندۇق. لارنى تولدۇردى، ئالتۇن قولۇپلاردا قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچلارنى قولۇمغا بەردى، بىر كۈن شاھ ئوردىسىدا ئېسىل چۇشەكلەردە راھەتلىنىپ ئارام ئالدىم، تاڭ يورۇغان ھامان شاھ ئالىيلىرى. دىن سەپەرگە ئىجازەت سورىدىم. ساندۇقلارنى تەكشۈرۈپ چى. قىپ ئاز كۆردى، شۇنداقتىمۇ قايتىپ كەلگەندە يەنىمۇ كۆپ ئىنئاملارغا مۇيەسسەر قىلماق بولۇپ ئىجازەت بەردى، ھەممىنى خېچىرلارغا يۈكلەپ سەپەرگە ئاتلاندىم.

يولغا چىقىپ كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي بىرنەچچە ياساۋۇل قوغ-
لاپ كەلدى ۋە دېدىكى:

— شاھ ئالىيلىرىنىڭ دەيدىغان گېپى بار ئىكەن. دەرھال قايتسىلا.

شەھەرگە ياندىم، ئوردىغا كىردىم، شاھ خىجالەتمەنلىك بىلەن ئېيتتى:

— ئەي دوستۇم، بىباھا گۆھەر بىلەن سەپەرگە چىقتىڭ، ئەندىشە تىلى: بىرەر خەتەرگە دۇچ كېلەرمۇ دەپ يولدا مالدىنىمۇ، جانىدىنمۇ جۇدا بولۇپ قالىدىغان ئىشلاردىن خالىي بولماق ئۈچۈن ئىككى ساندۇق جاۋاھىراتلىرىڭنى ماڭا ئامانەت قويغىن، قايتقىنىڭدا قولۇڭغا تاپشۇراي.

دەرھال ساندۇقلارنى تاپشۇردۇم، ئاچقۇچلارنى قولىغا بەر-
دىم ۋە دېدىمكى:

— ئەي كەرەملىك شاھىم، سۆزلىرى بىيار ئورۇنلۇق، ئول جاۋاھىراتلار ئەسلىدىنلا ماڭا بىھاجەت، بولسا ئەلنىڭ ئاسا-
يىشلىقى ئۈچۈن سەرپ قىلغايلا، مەنمۇ شۇنداق ئىشلارغا بېغىش-
لار ئىدىم، ماڭا شاھزادىمىزنىڭ چاكىرى بولماق، خىزمىتىنى قىلماقلا كۇپايە. ئۇنىڭ سايىسىدە بېشىمغا غەم ئاپتى چۈشمەي-
دىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

شاھ چېھرى ئاپتاپ مىسالى ئېچىلىپ دېدىكى:

— ئەي سېخىيلەرنىڭ سەردارى، ئەي مەرد - ۋاپادارىم، ئەپۇ قىلغىكى ئەقلى كالتە سول قول ۋەزىرىنىڭ سۆزى بىلەن سېنى سىناپ باقتىم. بىلدىمكى ھىممەت گۆھىرىڭ ناپاكلىق داغلىرى-
دىن خالىي ساپ ئىكەن. ئەمدى يەنە خەزىنەمدىن ئىلگىرى ئالغانغا باراۋەر، بولسا ئاشۇرۇپ جاۋاھىراتلار ئېلىپ چىق، ھەممىنى ئۆزۈڭ خالىغان ئىشقا سەرپ قىل، ئىشەنچىم كامىل-
كى، قولۇڭغا چۈشكەن ھەربىر تال جاۋاھىرات ۋە بەلكى زەررىچە ئالتۇنمۇ ئۆز جايىغا ئىشلىتىلەر

شاھنىڭ يېڭى ئىنئامىنى ھەم قوبۇل قىلدىم، يەنە ئىككى ساندۇق جاۋاھىرات ئېلىپ چىقتىم، شاھ ئاق يول تىلەپ ئۇزات-تى، ھىممىتىم بارغانسېرى جۇش ئۇرماقتا ئىدى، شەھەردىن چىققۇچە نامراتلار مەھەللىسىگە دۇچ كەلدىم - دە، ئۇچرىغانلا كىشىگە بىر تالدىن قىممەت باھالىق جاۋاھىرات بېرىپ ماڭدىم، ئىككى ساندۇق بوشىدى، شەھەردىن چىققاندا ئالدىمغا بىر جاما-ئەت پەيدا بولدى، ئاپەتكە يولۇققۇپ يۇرت - ماكانىدىن ئايرىلىپ كېلىپ قالغانلار ئىكەن، يەنە ئىككى ساندىقتىكى جاۋاھىراتلارنى چاچتىم، ھەربىرىگە بىر تالدىن تەگدى. يا ئېشىپ، يا كېمىيىپ قالمىدى. بۇلار ھەممىسى تىرىكچىلىك غېمىدىن خالاس بولدى. ئەمما ئۆز يېنىمدا شاھنىڭ قوشنا ئەل شاھىغا يوللىغان مەدھە-يىلىرىدىن باشقا تىيىنىنىڭ سۇنۇقىمۇ قالمىدى. قىلغان ئىشلى-رىمنىڭ خۇرسەنلىكىدە خۇشال يۇرىۋەردىم. بىر چاغلاردا كەي-نىمدىن ئاتنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى كەلدى، قارىسام شاھنىڭ سول قول ۋەزىرى خاس غۇلاملىرى بىلەن قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

شاھ ماڭا دەسلەپ ئىككى ساندۇق جاۋاھىرات ئىنئام قىل-غاندا كۆزلىرى پارقىراپ قالغانىدى. مەن يولغا ئاتلانغاندىن كېيىن شاھقا مەسلىھەت بېرىپ، — خەزىنە مۈلكىنىڭ يېرىم باراۋىرىدىكى جاۋاھىراتنى ئۇل گادايغا ئىنئام قىلدۇق، غەنى بولدى، قىلغان خىزمىتى ئۇچۇنغۇ ھەرنە ياخشىلىق قىلساق ئەرزىيدۇ ئەمما شاھزادىنى ئوغرىلاپ قاچقان نا بىكارلارنىڭ شېرىكى بولۇپ، يالغان - ياۋىداق بىلەن مال - دۇنيا تەمەسىنى ئىشقا ئاشۇرماق بولغان بىر بەدنىيەت بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئانداق بولسا ئۇنى مۇكاپاتلاش ئەمەس، بەلكى جازالاش كېرەكتۇ. ئۇنى بىر سىناپ كۆرسەك نە بولغاي دېگەنىكەن.

شاھ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە غەزەپلىنىپ، ئۇنى جازالىماق بوپتۇ لېكىن يەنە ئەقىل تىزگىنى بىلەن ئاچچىقىدىن يېنىپ، ۋەزىر-نىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئۇچۇن مېنى سىنىماق بوپتۇ، سوراپتۇ-

كى:

— قېنى تەدبىرىڭنى ئېيتقىن؟ ۋەزىر دەپتۇ:

— ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ جاۋاھىراتلارنى ئامانەتكە ئې-لىپ قالايلى، خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆرسە تەمەسىزلىكى، پاك - نىيەتلىكىنىڭ ئالامىتى، ئىككىلەنسە ياكى ماقۇل كۆرمە-سە ئەسلى بىر تەمەخور، مال - دۇنيا قەستىدە سىلىگە خىزمەت يەتكۈزگەن قىياپەتكە كىرىۋالغان ئالدامچى، بەلكى شاھزادىمىز-نى ئوغرىلىغان شۇم خەۋەر ئوغرىنىڭ ئۆزى بولۇشى مۇقەررەر، ئەپت - بەشىرىسى ئايان بولغاندا، قىستاققا ئالساق شېرىكلىرى-نى ھەم پاش قىلار، ھەممىنىڭ ھەق جازاسىنى بېرەرمىز، خەزىنە مۈلكى ئورنىغا كېلەر.

شۇ مەسلىھەت بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ ئەمما بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋەزىرنىڭ ئويلىغىنىچە بولماي، پاك دىل، ساپ نىيەت بولغانلىقىدىن ئۇ لەت بولدى، چىرايى غازاڭدەك سارغىيىپ، كۆزلىرى چەكچەيدى، ھەسەت ئوتىدا تېخىمۇ پۇچىلىنىپ قال-دى.

مەن كېتىۋېتىپ قۇرۇق ساندۇقلارغا قاراپ ماڭدىم، — ماڭا مۇشۇ ياغاچ ساندۇقلارمۇ يېتەرلىك.

شۇ ۋاقىت يەنە بىر كارامەت يۈز بەردى، ساندۇقلار ساپ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالدى. ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ يولۇمنى داۋام قىلدىم. بىر چاغدا يەنە كەينىمدە ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى، قارىسام يەنە شۇ بەدنىيەت ۋەزىر خاس غۇلاملىرى بىلەن قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

توختاپ تۇردۇم، ئالدىمغا يېتىپ كەلگىنىدە دېدىكى:

— ئەي كاززاپ، ئۆزۈڭچە شاھقا خىزمەت قىلغان بولۇپ، خەزىنىمىزنى جاۋاھىراتلاردىن جۇدا قىلدىڭ، سەندىكى ئىبلىس ديانەت قايان كەتكەندۇر، دەرھال ساندۇقلارنى ماڭا تاپشۇرۇپ يولۇڭغا ماڭغىن، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنمە، ناۋادا يەنە

كۆرۈپلا قالسام هاياتلىق شامىڭنى قىلىچىم شامىلىدا ئۈچۈرۈۋې-تەرمەن.

— ئەي ۋەزىر، — دېدىم ئۇنىڭغا، — جاۋاھىراتلارغا بىھاجەت ئىدىم، شۇنداقتىمۇ سېخىي - ھىممەتلىك شاھ ئالىيلىرى ياخشى ئىشلارغا سەرپ ئېتىشىمنى ئۈمىد قىلىپ ئىنئام قىلدى، بىر تال قالدۇرماي يېتىم - يېسىر، پېقىر- مۇساپىرلارغا خەير - ئىنئام قىلىپ، دۇنيادىن بىھاجەت قىلدىم. ماڭا ئۇشبۇ ساندۇقلار قالدى، ئاللانىڭ ھىممىتى بىلەن ياغاچ ئىدى، ئالتۇن بولدى، خالىساڭ ئېلىپ كېتىۋەر.

ۋەزىر ئەسلىدىكى ياغاچ ساندۇقلار ئورنىدا ۋالىلداپ تۇرغان ساپسېرىق ئالتۇن ساندۇقلارنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ئەمما ھايال قالماي يەنە ئالتۇن ساندۇقلارغا چاڭ سالدى بىراق ئۇل ناپاكنىڭ قولى تەگكەن هامان ساندۇقلار ئەسلىدىكى ياغاچ ھالىتىگە ئۆزگىرىپ قالدى.

ۋەزىرى نادان بۇ كارامەتنى سېھرىي - جادۇ بىلىپ:

— ئەي كاززاپ ئەسلى جادۇگەر ئىكەنسەن، سېھرىي - ئەپسۇن بىرلە جاۋاھىراتلارنى يوشۇرغانىڭ سىرتىدا ياغاچ ساندۇقنى ئالتۇن كۆرسىتىپ مېنى كولدۇرلاتتىڭ، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ قىلدىڭ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر نېمە قىلسام ھەقلىقمەن، شۇنداقتىمۇ رەھىم قىلايكى جاۋاھىراتلارنى تاپشۇر، بولمىسا جان گۆھىرىڭنى ئۇنىڭ ئورنىغا ئېلىپ كېتەرمەن.

غەزەپ تۇتۇنلىرى دىمىغىمنى ئۆرتەپ دېدىمكى:

— ئەي ۋەزىرلەرنىڭ ئەسكىسى ساخاۋەتلىك شاھ ئالىيلىرىنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرۈپ يەنە نېمە يامان ئىشلارنى قىلماق قىلۇر، جاۋاھىراتلارنى ھازىر قىلىشقا ئىمكانىم يوق. ۋەزىر دېدى:

— ئەي نادان، جان گۆھىرىڭنى ئالۇرمەن. شۇنداق دەۋېتىپ قىلىچىنى يالىڭاچلىدى، بېشىمنى ئېلىشقا تەييارلاندى.

جان گۆھىرىمدىن ئۇمىدىم ئۈزۈلدى ئەمما شۇ مىنۇت مىنگەن خىچىرىم قۇيرۇقىنى بىرلا شىلتىغانىدى، ۋەزىر ناكەسنىڭ كۆزلىرىنى سىيپاپ ئۆتتى، شۇ باھانە بولۇپ ۋەزىرنىڭ كۆزلىرى كور بولدى. ئەلەمگە چىدىماي نالە - پەرياد قىلدى، — ئەي جادۇگەر يەنە نېمە شۇملۇق قىلدىڭ؟ دېدىمكى:
— مەن قىلغان شۇملۇق ئەمەس، قىلمىشىڭغا بېرىلگەن ھەق جازادۇر. غۇلاملار بۇ كارامەتلەردىن چۆچۈپ ماڭا قول سالمىدى، ۋەزىرنى ئېلىپ ياندى، يولۇمنى داۋام قىلدىم. بىر كۈنلەردە مەنزىلگە يەتتىم، ئادالەتپەرۋەر شاھ ئالدىغا كەلدىم. بىيار خۇرسەن ئىچىدە كۈتتى، بار ئەھۋالىمنى بايان قىلىپ، ھەدىيىلەرنى ئالدىغا قويدۇم، تەشەككۇر ئېيتىپ قوبۇل قىلدى. نەچچە كۈنلەر بەزمە - سۆھبەتلەر ئۇيۇشتۇردى، ئىززەت - ئېتىبارىمنى چېكىگە يەتكۈزدى، ئاندىن قايتىشقا ئىجازەت سوردىم. ئۆز يېنىدا تۇرۇپ قېلىشقا ئۈندىدى، ئۆزرە ئېيتىپ زىنھار رازىلىق بەرمىدىم، مول ھەدىيىلەر بىلەن ئۇزاتتى. ئويلانغانىدىمكى، گۈل شاخىدا تىكەن بولغاندەك ئول مۆرۈۋۋەتلىك شاھ يېنىدىمۇ بەدنىيەتلەردىن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن ماڭا دۈشمەنلىك ئوقلىرى ئېتىلىپ تۇرغۇسى. ئەمدى قارارىمنى ئۆزگەرتىپ، دىل رىشتىمنى چېكىنۋالغان شاھزادىنىڭ شەھىرىگىمۇ بارمىغىنىم، بەلكى بىر يېزا قىشلاقنى ماكان قىلىپ، ئۆز ئەمگىكىم بىلەن ياشاپ ئۆتكىنىم ياخشىراق.
شۇ خىيالدا ھەدىيىلەرنى ئۇچرىغان پېقىر - مىسكىنلەرگە بۆلۈپ بېرىپ، خىلۋەت بىر يېزىغا كەتتىم، ئاندا تاپقان - تەرگىنىمنى ئىككىگە بۆلۈپ بىر قىسمىنى سەدىقە قىلسام بىر قىسمىنى ئېھتىياجىمغا سەرپ قىلىپ تىنچ - خاتىرجەم ياشاپ قالدىم. ۋاقىتكى بۇرنۇمغا ئەجەل شامىلى پۇرىدى، قوللىرىمنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ ھەقتائالاغا ئىلتىجا قىلدىمكى: — ئى شاپائەتلىك ئىگەم ئاللا، ئەگەر بارچە گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت ئەي-

لەپ، ۋۇجۇد گۆھىرىمنى پاك قىلغان بولساڭ جان ئالغۇچىغا پەرمان قىلغىنىكى جېنىمنى ئاسان ئالغاي، بولسا جانسىز تېنىم ھەم بىر ياخشى ئىشقا سەۋەب بولغاي.

شۇ ھامان بىر شامال كەلدى. شامالنىڭ خۇشبۇيلۇقىدىن بىھوش بولدۇم، جان گۆھىرىم ۋۇجۇدۇم ساندۇقىدىن قانداق ئېلىنغىنىنى سەزمەيلا قالدىم. جايىم ئۇشبۇ شاھانە گۈمبەز بولۇپتۇر ئەمما جانسىز تەنگە نە گۈمبىزى نادىرى دەۋران بولسۇن، نە ئاددىي توپا قەبرە بولسۇن بەرىبىر ئوخشاش ئىكەن. ساڭا نەسىھىتىم ياخشىلىقنى ئادەت قىل، ئالەمگە ياخشى نامىڭنى يادىكار قىل، ھەقىقىي ئېسىل مەقبەرە شۇدۇر، ئول مەقبەرىگە مۇيەسسەر بولساڭ ئاخىرەتتە جايىڭ جەننەتۇلرىزۋان بولۇر، شۇ سەۋەبتىن قەبرەم ئۈزرە مەن زىكرى قىلىپ يۈرگەن ئول بېيىتلار زاھىر بولغان.

قەبرى ئىگىسىنىڭ ھېكايىسى شۇ يەردە تامام بولدى، ئازدىن ئۇ ۋىدالىشىپ قەبرە ئىچىگە كىرىپ كەتتى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز يۈزىگە بىر سالقىن شامال ئۇرۇلۇپ كۆزلىرىنى ئاچتى، كۆز ئالدىدا يەنىلا گۈمبىزى نادىرى جاھان نۇرلىنىپ تۇرۇپتۇ. شاھزادە ئۆزىنى كۆزلىرى روشەنلىشىپ ۋۇجۇد جامى كۈچ - قۇۋۋەت كەۋسىرىگە تولغان ھالەتتە ھېس قىلدى، ئىرادە كەمىرىنى چىڭىتىپ يولغا راۋان بولدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز شۇ يۈرگىنىچە ئارام ئالماي نەچچە كۈنلەر يول يۈردى. بىر ۋاقىتلار بىرى تەرەپكە بىئىختىيار يۈرۈپ قالدى، نە توختاشقا، نە ئۆزگە تەرەپكە يۈرۈشكە ئىمكان بولمىدى، مىسالى سېھىرلىنىپ قالغاندەكلا ئىدى، ئاخىر بىر سىرىق تاش گۈمبەز ئالدىغا بېرىپ توختىدى، شۇ ھامان گۈمبەز ئىشىكى ئېچىلدى، كىرىپ كۆردىكى گۈمبەز ئىچىدە بىر قۇدۇق بار ئىكەن، قۇدۇق قېشىغا بېرىپ ئىچىگە قارىدى، كۆزلىرى قاماشتى، چۈنكى قۇدۇق ئاستى كەڭرى بىر ماكان بولۇپ، ئۇ

يەردە ھەر دانىسى بىر مەملىكەتنىڭ يىللىق خىراجىتىگە يارىغۇ-
دەك قىممەت باھالىق ۋە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قىممەتلىك
لەئەل ـ ياقۇت، ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇر ـ جاۋاھىر، ئالماس
ۋە زۇمرەت . . . قاتارلىق يەر يۈزىدە تېپىلماس ئېسىل گۆھەر-
لەر ۋە كۆپتەك ـ كۆپتەك ئۇيۇل ئالتۇنلار سايىنىڭ تېشىدەك
ياتقان ۋە خاك مىسالى خارلىقتا قالغان. . .

ئاندا ئول جاۋاھىرات ۋە ئالتۇنلاردىن، — مەرھابا! مەر-
ھابا ئەي بەختىيار كىشى، ئەي ئەزىز مېھمان، مۇندا چۈشۈڭ،
بىز سىزگە مەنسۇپ، بىزگە ئىگىدار بولغايسىز، يەتتە ئىقلىم
شاھلىرى بايلىقتا ئۆزلىرىنى گاداي بىلسۇن ۋە ئالدىڭىزدا باش
قويسۇن . . . دېگەندەك ئەقىلدىن جۇدا قىلغۇچى يېقىملىق سادا-
لار ياڭراشقا باشلىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز شۇ ھامان ئۆزىنى بىخۇد ۋە بىھوش
ھالەتتە ھېس قىلدىكى، بىر چاغلاردا ئۆزىنى تاملىرىنىڭ بىر
خىشى ئالتۇن ۋە بىر خىشى كۈمۈشتىن بولغان ئاجايىپ كەڭرى
ۋە ھەيۋەت، ھەشەمەتلىك ھويلا ئىچىدە كۆردى. ئاندا تۈۋرۈكلى-
رى ياقۇت ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلىرى لەئەل ـ زۇمرەتتىن ياسال-
غان، كۆندەك نۇرلۇق مەرۋايىتلاردىن گۈل ـ نەقىشلەر تىزمى-
سى ھاسىل قىلىپ، ئالماس ۋە ئېسىل جاۋاھىراتلاردىن زىننەت-
لەر قىلىنغان ئالتۇن تاملىق قەسىر ـ ئايۋانى كۆز چاقنىتىپ
تۇرغان، جەننەتنىڭ ھۆر ـ غىلمانلىرى، مىسالسىز ئاجايىپ
گۈزەل قىز ـ ئوغۇل، چۆرە ـ مۇلازىملار خىزمەت ئۈچۈن قول
باغلاپ ھازىر تۇرۇپتۇ، خۇشال بولۇپ ئول ئايۋان ـ سارايلارنى
بىر تاماشا قىلماق ئۈچۈن ئالدىغا قاراپ ماڭغانىدى. تۇنجى
قەدەمدىلا بوشلۇققا دەسسەپ قېلىپ، تۆۋەنگە موللاق ئاتتى،
قۇلىقىغا شۇ دەقىقە بىر سادا كىردى، — ئەي شاھزادە،
نەپسىڭگە ئەقلىدىن تىزگىن سالغىن، — دەپ.

شۇ ھامان شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەقىل ـ ھوشى ئورنىغا

كەلدى، كۆردىكى قۇدۇق ئاغزى بىلەن ئاستىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
لەيلەپ قاپتۇ، بىر سېھرىي كۈچ تۆۋەنگە تارتىپ تۇرار، شاھزادە
ئابدۇلئەزىز دەرھال زاھىت يادىكار قىلغان ئۈچ تال ئەتىرگۈل
كامالچىسى ئېسىگە كېلىپ قوينىغا قول سالدى، بىر تېلى
چىقتى، چىقىپ قەھ ـ قەھ ئۇرۇپ ئېچىلدى، قۇدۇق ئىچىنى
ئەقىلگە قۇۋۋەت بەرگۈچى خۇش ھىد بىلەن تولدۇردى. ھەر تال
بەرگى قىياق يۈزىدە «پاكلىق ـ دىيانەت» دېگەن سۆزلەر نامايان
بولۇپ ھەر بەرگلىرى مىسالى يۇلتۇزلار تىزمىسىدەك جىلۋە
قىلدى، شۇ ھامان شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالدىدا ھەم ئۇستا-
زى سىماسى زاھىر بولۇپ، ئەجىرسىز بايلىق تەمەسىدە بولما،
ئۇنىڭدا قىلچە بەرىكەت ۋە بەھرىدە لەززەت يوقتۇر بەلكى ئۇ
خۇددى سەييارە قۇشلارنى ئالداپ چۈشۈرمەك ئۈچۈن تۇزاق ئى-
چىگە چاچقان دان مىسالى، ساڭا ھازىرلانغان يەمچۈك بولۇشى
مۇمكىن، ھارام مالغا يېقىن يولىما، ئۇ مىسالى نىجاسەتتۇر،
ۋۇجۇد گۆھىرىڭنى پاسكىنا قىلۇر، پاك شەنىڭگە كىر قوندۇ-
رار، — دېگەن سادالار ياڭرىدى. شاھزادە ئابدۇلئە زىزنىڭ
قەلبى ئاپتاپ مىسالى يورۇدى، نەپسى ئېتى چېپىشتىن توختى-
دى، ۋۇجۇدى پەيدەك يەڭگىللەپ قۇدۇق ئاستىغا تاپىنى ئازار-
سىز تەگدى. شۇ ھامان ئاق ئەتىرگۈلدىن تارام ـ تاراملاپ نۇر
تارىلىپ قۇدۇق ئاستىدىكى زەر ۋە جاۋاھىراتلار رەڭگى ئۆچتى.
قارىسا ئۇلار ئەسلى زەھەرلىك قۇرت ـ قوڭغۇز . . . ھاشاراتلار
ئىكەن. ئۇلار ئارىسىدا ئاپئاق قاغجىراپ ياتقان ئىسكىلىتلارمۇ
تۇرۇپتۇ. «ھەربىرىدە ئۆز نەپسىنىڭ قۇربانلىقلىرى» دەپ يې-
زىلغان. شاھزادە ئابدۇلئەزىز دەرھال ئالماس قىلىچىنى يالى-
ڭاچلاپ، ئول ھاشاراتلاردىن قوغدانماققا ھازىرلاندى ئەمما قى-
لىچقا ھاجەت چۈشمىدى، ئاق ئەتىرگۈلدىن تارالغان نۇر تارام-
لىرى ئول ھاشاراتلارنى پاراكەندە قىلىپ پات ئارىدا بىرىنى
قويماي يوقلۇق ئالىمىگە يوللىدى، ئارقىدىنلا ھەشەمەتلىك گۈل-

دۇر ـ قاراسلىغان سادا ياڭراپ قۇدۇق دىۋارلىرى گۈمۈرۈلۈپ شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ باشىغا چۈشتى ئەمما قىلچە زەرەر يەت- مىدى . . . ھەممە ياقنى چاڭ ـ توزان قاپلىدى، بىر چاغلاردا چاڭ ـ توزانلار بېسىقىپ شاھزادە ئۆزىنى ناتونۇش بىر ئىقلىمدا كۆردى. ئاندا ئالەم ـ جاھان گۈل رەڭلىك بۇلۇت تۇمانلارغا پۈركەنگەن، چىڭقى چۈش مەزگىلى بىلەن زاۋال ۋاقتى پەرقىد- دۇر. شاھزادە ئابدۇلئەزىز بېشى قايغان، پۇتى تايغان بىر تەرەپكە تەۋەككۇل ئىتىنى يورغىغا سالدى، بىر چەشمە، چەشمە بويىدا گۇمبەز، گۇمبەز ئالدىدا ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان بىر زاھىت يولۇقتى، ئول زاھىتنىڭ پېشانىسىدە ئۇلۇغلۇق يۇلتۇزى پارلىنىپ تۇراتتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز سالام بەردى. زاھىت سالامنى ئىلىك ئېلىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە دېدىكى:

— مەرھابا! ئەي مۇساپىر يىگىت، قايدىن كېلۇرسەن؟ شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— «خەزىنەئى جاۋاھىرات تىلسىمى» ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنى بەربات قىلىپ ئاخىر ئۆزۈمنى مۇندا كۆردۈم، ئادەمزات دۇنياسى شەمشى جاھان قەلئەسىدىن كېلۇرمەن. زا- ھىت دېدى:

— ساڭا بارچە ئادەمزات نەسلىنىڭ تەشەككۇرى بولسۇنكى بىر زىيانداش ئاپەتنى جاھاننى يوق قىپسەن، نەچچە يىللاردىن بېرى ئول تىلسىم رىۋايىتى بىيار مال ـ دۇنيا ھەۋەسمەنلىرىنى ئۆز قوينىدا ۋە بەلكى يولىدا ھالاك قىلغانىدى.

— ئەلھەمدۇلىللا شۇكۇر، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئەزىز قىلغان ئىشىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئول جان تۇتىلىرىغا قويۇل- غان تۇزاقنى يوق قىلدىم ۋە ئامان قالدىم.

— ئەمدى قانداق ئويدادۇرسەن؟ — سورىدى زاھىت مېھ- رىبانلىق بىلەن.

— قالغان ئىككى تىلسىمنى ھەم يوق قىلغىنى يولۇمنى داۋام قىلماقچىمەن، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئەزىز.
— بۇ يەردىن تىلسىم بەربات قىلىنغان چۆلگە چىقماقلىق بەسى مۇشكۇل، — دېدى زاھىت، — قاناتلىقلار چىقسا چىقالار ئەمما ساڭا ئىمكان يوق.
— ئەي غەمگۇزار دەرۋىش ئاتا، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئەزىز تەۋەززۇ بىلەن، — ئۆزلىرى توغرا يولغا سالغايلا، مۇشكۇلنى ئاسان قىلغايلا.
زاھىت گۇمبەزدىن بىر كىتابنى نادىرى جاھاننى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى، شاھزادە شۇ كەمگۇچە ئانداق كىتابنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلىمىغانىكەن، ئول كىتابنىڭ تېشى ئالتۇن رەڭلىك، بەتلىرى بولسا سۇتتەك ئاق رەڭلىك، جاھاندىكى بارچە ئىلىم - ھېكمەت زەر سۈيى بىلەن ئاندا پۈتۈلگەن، ھەرپلىرى مىسالى زەر يۇلتۇز تىزمىسىدەك نۇرلىنىپ تۇرغان.
زاھىت دېدى:
— ئەي ئوغلۇم زاھىرەنى بايلىقتا بېرىلمەي تىلسىم بالاسىنى بەربات قىلىپسەن. ئەمدى ئول ياخشى ئىشلىك مۇكاپاتىغا ھەقىقىي بايلىققا مۇيەسسەر بولغىن، ئۇ شۇنداق بايلىقكى ئۇغرى ئالالماس ياكى يوقالماس، نە ئوتتا كۆيمەس، نە سۇدا ئاقماس، بەلكى يىراقنىڭنى يېقىن، مۇشكۇلۇڭنى ئاسان قىلغۇچى، ئېلىپ يۈرمەككە ئەپلىك ۋە ھەر زامان ئەسقاتقۇسى مەنىۋى بايلىق ئىلىم - ھېكمەتتۇر. بۇ كىتابنى ئوقۇغىن، ئىخلاسىڭ بولسا بىر ئوقۇماق بىرلە ھەرپلىرى دىلىڭغا نەقىش بولۇپ ۋە مەنە جەۋھەرلىرى سىڭىشىپ، ئەقلىڭگە قۇۋۋەت ۋە جىسمىڭغا قۇدرەت بېغىشلىغاي.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىسيار سۆيۈنۈشلەر بىلەن كىتابنى قوبۇل قىلدى، كۆز قارىچۇقىدەك ئاۋايلاپ، ئىنكاس بىلەن ئوقۇشقا چۈشتى. شۇنداق ھېرىسمەنلىك بىلەن ئوقۇدىكى ئاش - تائام

ۋە ئۇيقۇ ـ ئارامىنى ئۇنتۇدى، گويا ئول كىتابتىكى ھېكمەت دېڭىزىغا غەرق بولدى، ئول كىتابنى تۈگەتكۈچە ئەسلى توققۇز يىل رىيازەت چېكىپ، چەندان قېتىم ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلىپ ئۆگەنسە ئاندىن تامام قىلار ئىدى. ئەمما، زاھىتنىڭ دۇئاسى ۋە ئۆزىنىڭ ئىخلاس ئەقىدىسى بىلەن شاھزادە ئابدۇلئەزىز توق-قۇز كۈندە تۈگەل ئوقۇپ تاماملىدى. ئاندا ئۆزىدە گويا كۆك قەھرىدە پەرۋاز قىلغۇدەك قانات ۋە تاغنى تالقان قىلغۇدەك قۇدرەت، مۇشكۇلات قۇلۇپلىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ ھازىر بول-غاندەك بىر ھالەتنى ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن زاھىت دېدى:

— ئەي ئوغلۇم، ئەمدى مېڭىۋەرسەڭ بىر شەھەرگە يې-تەرسەن، شەھەردە كېرەكلىك ئەسۋابلارنى ھۈنەر ئىگىلىرىگە بۇيرۇپ ياسىتىپ ئۆزۈڭگە بىر كەشپىيات پەيدا قىلغىن. سېنى قۇشتەك ئۇچۇرۇپ، مەنزىلگە يەتكۈزسۇن، ئۆگەنگەن ئىلمىڭ-نىڭ تۈنجى خاسىيىتىنى كۆرۈپ چىققىن.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز كۆرسەتمە بويىچە يولغا راۋان بولدى. شەھەرگە يەتكۈچە مۇلاھىزە قىلىپ تەسەۋۋۇر بەتلىرىدىن يارال-غۇسى كەشپىياتنىڭ ئەندىزە ـ سىخېمىسىنى ھاسىل قىلىپ باردى. شۇ سەۋەبتىن يول ئۈستىدە ھېچ نەرسە دىققىتىنى تارتال-مىدى.

شەھەرگە يەتتى، كۆردىكى شەھەر مىسالى ئادەم دېڭىزى، ئەمما ئاۋاتلىقىدىن نىشانە يوق، ئىككى خىل تائىپە كىشىلىرى ئاندا بىرگە ياشايدۇ، بىرخىلى ساندا كۆپرەك، يەنە بىر خىلى ئازراق، كۆپرەكلىرىنىڭ رەڭگى سولغۇن، ئەپتاھالى ناچار. ئىش بىلەن ئالدىراشلىرى بىلەن ئويۇن ـ تاماشىغا بەند بىكارلى-رى تەڭ نىسبەتنى ئىگىلىگەن، ساندا ئازراقلىرى ئۆزى تېتىك، تۇرقى سالاپەتلىك، گىدىيىپ يۈرگەن ۋە كۆپرەكى بىر ئىشقا مەشغۇل.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىر دۇكان ئالدىغا باردى. قولىدىكى قىممەت باھالىق ئۈزۈكنى ساتماق بولدى، دۇكاندار ئول شەھەر-دىكى خېلى ھالدار كىشىدەك كۆرۈنەر ئىدى. دەرھال بەش يۈز تىللا بەردى ۋە ئۈزۈكنى دەرھال يوشۇردى. ئاندىن دېدىكى:

— ئەي ياخشى يىگىت، ئالدى - بەردىمىزنى ئۆزگە كىشى-گە تىنمىغىن، باج ئېغىر، كىشى بىلسە ئارىدىن ھەسەتخور - چېقىمچىلار چېقىپ قويار. سىزگىمۇ، ماڭىمۇ زىيان يەتكۈسى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز رازىلىق بېرىپ ياندى، يەنە بىر دۇ-كاندا قەغەز، قەلەم ئېلىپ كاللىسىدا پىشۇرۇۋالغان كەشپىيات-نىڭ ئەسۋاب - جابدۇقلىرى ئەندىزىسىنى سىزىپ تۆمۈرچى ھۈنەرۋەنلەرگە بەردى، قىسقا مۇددەتتە تەييارلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ ۋاقىت بىر توپ كىشى كېلىپ خۇش تەبەسسۇم بىرلە دېدىكى:

— ئەي ئەزىز مېھمان، چەت يۇرتتىن كېلىپسىز. مەملى-كىتىمىز قائىدىسى چەتتىن كەلگۈچىلەر ئاۋۋال ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىلغاي، ئاندىن رۇخسەت قىلغان جايلارغا يول باشلىغۇ-چىنىڭ ھەمراھلىقىدا بارغاي.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۇلار بىلەن بىللە ئوردىغا باردى، كۆردىكى تۇلۇمدەك سېمىز بىر تاجدار تەختتە ئولتۇرۇپتۇ، سانى كۆپرەك تائىپەدىن ئىكەن، قېشىدا ۋەزىر سۈپەت بىرى گىدىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. سانى ئازراق تائىپەدىن ئىكەن.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز سالام - سائەتتىن كېيىن كۆرسىتىل-گەن جايدىن ئورۇن ئالدى. شۇ ۋاقىت بىر سۇخەنچى كىرىپ ئەرز قىلدى:

— يا جانابىي ئالىيلىرى، بىرى ئىسيانكىرانە سۆزلەرنى قىلىپ يۈرەدۇر.

ئاندا تاجدارنىڭ تەبەسسۇملۇق چىرايى بوزۇرۇپ چېھرىگە

غەزەپ چۈمبىلى تارتىلدى. يېنىدىكى ۋەزىرگە ئۆز سالاپىتىگە ياراشمىغان ھالدا كۈچۈكلىنىپ سۆخەنچىلىك سۆزىنى يەتكۈزدى. بىرى ئۇنى ئۇل ۋەزىر تائىپەسىنىڭ تىلىغا ئۆرۈپ بەردى، ۋەزىر ھەم بىر نىمىلەرنى كالدىرلىدى، تىلماچ دەرھال تاجدارغا يەتكۈزدىكى: «تىلى كېسىلسۇن» دەيدۇ.

ئاندا تاجدار قەددىنى كېرىپ ھەيۋە بىلەن پەرمان قىلدى:

— ئۇل نابكارنىڭ كاللىسى كېسىلسۇن، — دەپ.

تىلماچ ئۇ پەرماننى ۋەزىرگە ئۆرۈپ بەردى، ۋەزىر خۇرسەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ قويدى. دەرھال غالجىر ئىتتەك ئۇل ياساۋۇل قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ چىقتى، ھايالسىز تاجدارنىڭ تائىپەسىدىن بىر بىچارىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كىردى ۋە تەخت ئالدىغا تاشلىدى. تاجدار يەنە پەرمان قىلدى:

— ئوردا ئالدىغا ئېسىلسۇن، — دەپ.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ھېس قىلدىكى ھەقىقىي تاجدار ۋەزىردۇر، تەخت ئۈستىدىكىسى بولسا ئۇنىڭ قول چوماق غالچىسى مۇناپىقتۇر.

خاراموش بولۇپ ئاندا تۇرغۇسى كەلمىدى، شەھەردە ئازغىنا ئىشى بارلىقىنى، پۈتكەن ھامان قايتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىجازەت سورىدى. ئۇنى زىياپەت بىلەن كۈتمەك بولدى ئەمما كۆڭلى تارتمىدى. ئۇلار ئامالسىز تۆت ياساۋۇلنى قوشتى، — ئۇل ئەزىز مېھماننىڭ ئىشىغا ھەمدەم بولۇڭلار، — دەپ.

ئۇلار بىلەن ئوردىدىن چىقتى. ھېچ كىشى ئۇلارغا يېقىن كەلمەي، بىرگە چىققان ياساۋۇللاردىن ئۈركۈپ تۇرار ئىدى. شۇ يۇرگەنچە ھۈنەرۋەنلەر قېشىغا باردى. ياساۋۇللار ئۇلارنى ئىشنى تېزرەك تاماملاپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار بىلەن يەنە بىللە بولىۋېرىشنى خالىماي خوشلىشىپ شەھەردىن چىقتى. زاھىت قېشىغا يەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن زاھىتتىن سورىدىكى،

— ئەي دانىشمەن ئاتا، ئۇل قانداق كىشىلەركى سانى كۆپ تەبىقە غەمكىن ۋە خاراموُش، هالى خاراب. سانى ئاز تائىپەسى خوُشال ۋە ئەهۋالى ياخشىدوُر. تاجدارى ۋەزىردىن سوراقسىز ئىش قىلماس. زاهىت دېدى:

— ئەي ئوُغلوُم، سانى كۆپرەكلەر يەرلىك قوۋمدوُر، ئىتتىپاقسىزلىقىدىن زەئىپلەشتى، نادانلىقىدىن موُنقەرز بولدى، موُناپىقلىرى سەۋەبلىك ئۆز يىغىدا ئۆز گۆشى قورۋُلدى، ئۆز يوُرت ـ ماكانلىرى ئۆزىگە زىندان بولدى، شوُ سەۋەبتىن خاراموُشتوُر، هالى خارابتوُر، سانى ئاز تائىپە بولسا تەدانلىقىدىن زېمىنغا شېرىك بولدى، ئاندىن زېمىن ئىگىلىرىگە هۆكوُمران بولدى، ئەسلى ماكاندىكى قوۋم ـ قېرىنداشلار ئوُلارغا يار ـ يۆلەكتوُر، تاجدار يەرلىكلەردىن بولسىموُ بىر موُناپىق غالچا. ئۆز خەلقى ئوُچوُن ياتلارنىڭ زوُلوُم قامچىسى. هوقوُق، مال ـ دوُنيا تەمەسىدە هەرنە ئەسكىلىكتىن ياناس، شوُ سەۋەبلەر توُپەيلى ئوُل شەهەردە سەن كۆرگەن ئەهۋال مەۋجوُتتوُر، ئىبرەتكار بولغىنىكى، نادانلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىق هەممىنى خاراب قىلغوُسى، موُناپىقلاردىن هەزەر ئەيلىگىنىكى، ئوُلار ئۆز قېرىنداشلىرىنىموُ دوُشمەنگە ساتقوُسى، بىرلىكسىز ئەلدە كوُچ ـ قوُۋۋەت بولماس، مەرىپەتسىز ئەلدە ئازادلىق بولماس.

شاهزادە ئابدوُلئەزىز قايىللىق بىلدوُروُپ دېدى:

— سۆزلىرىڭىز دىلىمغا نەقىشلەندى ئەلگە باش بولسام ئىشلىرىمغا توغرا يول كۆرسەتكوُسى.

شاهزادە ئابدوُلئەزىز نەچچە كوُنلەر زاهىتنىڭ قېشىدا ئىلىم تەهسىل قىلىپ ئۆتتى، بوُيرۇغانلىرى پوُتىدىغان مۆهلەت كوُنى يەنە شەهەرگە راۋان بولدى. هوُنەرۋەنلەر بوُيروُغان جابدوُقلارنى هازىر قىلغانىكەن، شاهزادە ئابدوُلئەزىز بىر يەرگە توپلاپ قوُراشتوُرغانىدى، بىر ئاجايىباتقا ئۆزگەردى، تېنى ئاتقا ئوخشار ئىدى، بىر جوُپ قانىتى بار.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۈستىگە مىنىپ بىر قولىقىنى بۇرىغا-
نىدى، كۆكتە پەرۋاز قىلدى. يەرلىك خەلق ياقىلىرىنى تۇتۇ-
شۇپ دېيىشتىكى:

— يا تۇۋا قىلدۇق. ئۇل يىگىت خۇش سۆپەت بولغىنى
بىلەن شەيتاننىڭ شاگىرتى ئىكەن، شەيتان ئېتىغا مىنىپ كۆك-
كە پەرۋاز قىلار ئىكەن، ئاخىر ئاللانىڭ غەزەپ چاقمىقى باشقا
چۈشكۈسى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز شۇ ئۇچقانچە زاھىتنىڭ خىلۋەتگاھىغا
بېرىپ قوندى، زاھىت خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئېلىپ
دېدى:

— ئۆگەنگەن ئىلىم - ھېكمەت ئىشلىتىلمىسە بىھۇدە
ئىش بولار ئىدى، قايىلمەن، ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭنى مانا ئىش-
لەتتىڭ، ئۇل ئاجايىباتنى تەھسىن قىپسەن، ئەمدى مەنزىلگە
يېتەرسەن.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز زاھىتقا تەشەككۈر ئېيتىپ دېدى:

— ئەي ھۆرمەتلىك دەرۋىش ئاتا، ئەمدى مېنى توغرا يولغا
سالغايلا.

مۇشۇ تەرەپكە ئۇچۇۋەرگىن، — دېدى زاھىت بىر تەرەپنى
ئىشارەت قىلىپ، — ئۈستىدىن نۇر چۈشۈپ تۇرغان بىر جايغا
يېتەرسەن، ئاندا تىك ئۆرلىسەڭ كۆزلىگەن جايغا يېتەرسەن.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز خوشلىشىپ ئۇچقۇر ئېتىغا سوۋارى
بولدى، كۆككە پەرۋاز قىلدى، شۇ ئۇچقانچە يۇقىرىدىن نۇر
چۈشۈپ ئاپتاپ ھاسىل قىلغان بىر جايغا يەتتى. شۇ يەردىن تىك
سىزىق بويلاپ ئۆرلىدى، بىر چاغدا ئۆزىنى قۇدۇق ئىچىدە
كۆردى، قۇدۇق ئىچى يوقىرىلىغانسېرى قارىيىپ بارار ئىدى،
ئاقىۋەت قۇدۇق ئاغزىغا يەتتى ئەمما ئۇچقۇر ئات قۇدۇقتىن
چىقالمىدى، قاناتلىرى قۇدۇق دىۋارىغا تېگىپ سۇنغانىدى، شاھ-
زادە ئابدۇلئەزىز چاققانلىق بىلەن قۇدۇق گىرۋىكىگە ئېسىلد-

ۋالدى، مىڭ تەسلىكتە ئاران چىقتى، قۇدۇق بېشىغا چىقىپ قارىدى، ئۇچقۇر ئېتى تۆۋەنگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىۋې-تىپتۇ، قىياس قىلدىكى تەكتىگە يەتسە سەكپارە بولۇپ، قىلغان ئەجرى بىكار بولغاي ئەمما ئۇنىڭغا ئامالمۇ يوق ئىدى، ئاخىر شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ يولغا راۋان بولدى، شۇ ھامان قۇدۇق ئاغزىمۇ غايىب بولدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز شۇ يۇرگەنچە يۇرۇپ، يۇرگەندىمۇ مول يۇرۇپ، ئاخىر بىر چوغدەك قىزىل تاش گۇمبەز ئالدىغا بېرىپ توختىدى. كۆردىكى گۇمبەزگە بىرلەۋھە ئېسىلىپتۇ. «قەسرى رەناھى جاھان» دەپ يېزىلغان.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز گۇمبەزگە كىرمەكنى خىيال قىلدى. شۇ ھامان ئىشىكى زاھىر بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئېچىلــدى. «مەرھابا! مەرھابا! مــەرھابا!» دېگــەن يېقىملىق ســادالار ياڭرىدى.

كىرىپ كۆردىكى گۇمبەز ئىچىدە بىر قۇدۇق بار ئىدى، ئول قۇدۇقتىن ئىپار ھىدى كېلىپ تۇرارلەر.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز قۇدۇقىقا قارىدى. كۆردىكى قۇدۇق ئىچى ئاجايىپ ئېسىل بىر قەسىر ئىدىكى ئالتۇن كارىۋاتلارغا يىپەك تۆشەك سېلىنغان، زۇمرەت شامدانلاردا مۇشكى - ئەنبەر ھىدلىق قىزىل شاملار يېقىلغان، شىرەلەردە ياقۇت قەندەللەر تۇرلۇك مېۋىلەر بىلەن تولدۇرۇپ قويۇلغان، ياقۇت رەڭلىك شارابلار خرۇستال جاملاردا جىلۋىلىنىپ تۇرغان. . .

شۇ چاغ يەنە تۆشەكلەر ئۈستىدە ھەررەڭ كۆڭلەكلىك قىز-رىق تەن نازىنىن ھۆر - پەرى ناز - كەرەشمە بىلەن زاھىر بولدى. ئۇلارنى تەرىپلەشكە تىل ۋە قەلەم ئاجىزدۇر. كۆرگەن كۆزلەر قامىشار.

ئۇلارنى كۆرمەك ھامان شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋۇجۇد ئالتۇنى سىماب مىسالى ئېرىپ، كۆڭۈل ئاتەشىدە ھەۋەس ئوتلى-

ـرى يېلىنجاپ كۆيۈشكە باشلىدى. شۇ ۋاقىت يەنە ئۇنىڭ ھەۋەس ئوتىغا ماي چېچىپ قىرىق تەن نازىنىن ئارىسىدا يەنە بىر ماھئۇزار زاھىر بولدى، يۇلتۇزلار بەزمىسىدىكى تولۇن ئاي مەسەللەك نامايان بولدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ تاقەت ئوتلىرى كۆيۈپ كۇل بولۇپ، ئەقىل گۆھىرى كۆمۈلۈپ قالدى. يۈرەك ـ كۆكسى ئول نازىنىن گۇلچەمەنلەر قولىغا قونماقنى ئىزدەپ، تەن قەپىسىگە ئۆزىنى ئۇردى.

ئاندا قۇدۇق ئاستىدىكى بالا ئوقلىرىنى بەتلەپ، جان تۇتىسىنى قەستلەپ ياتقان ئۇستا سەييارىلەردىن ئاجايىپ يېقىملىق ۋە نازلىق سادالار كېلىشكە باشلىدى:

— ئەي خۇش قامەت يىگىت، كۆڭۈل كەپتىرىمنى ئوۋلىغان شوڭقار يىگىت. مۇندا قەدەم تەشرىپ قىلىڭكى، ئەيش ـ ئىشرەت راھىتىگە چۆمۈلگەيسىز، ئاق بېلىقتەك تەنلىرىمىزنى كۆرپە قىلىپ، پاراغەت كەيپى سۈرگەيسىز. ئەي ئامەت قۇشى بېشىغا قونغان يىگىت، ئەي بەخت پەرىسى ئاشنا يىگىت، قېنى كېلىڭ، سىزگە مۇنقەرزمىز...

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئەقىل ـ ھوشىدىن جۇدا بولۇپ، ئۆزىنى ئول نازىنىن پەرىلەر قۇچىقىدا ھېس قىلدى. ئىختىيار تىزگىنى نەپسى شەيتانىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ھەققە سەۋر قىلارغا رىغبىتى يوق، ئۆزىنى ئول بالا زىندانىغا تاشلىدى. چۈشۈۋېتىپ كۆردىكى ئول نازىنىن دىلنىۋازلار قەھ .. قەھ ئۇرۇپ كۈلۈشۈپ، تۈمەن خىل جىلۋە ـ ناز بىلەن قۇچاقلىرىنى ئېچىپ، ئۇنى باغرىغا باسماققا تاقەتسىزلىك بىلەن ھازىرلىنىپتۇ.

شاھزادە ئابدۇلئەزىزگە ئارىلىق بەك ئۇزۇن بىلىنىپ، تېپىرلاپ تۇرار ئىدى. شۇ ھامان قۇلاق تۈۋىدە:

— ئەي شاھزادە، نەپسىڭگە ئەقىل تىزگىنى سالغىن، — دېگەن ئاۋاز گۈلدۈرمامىدەك ياڭرىدى. دەرھال ئۇچۇپ كەتكەن ھوش بۇلبۇلى دىل قەپىسىگە قايتىپ كېلىپ شۇنداق ناۋا قىلـ

دى: «ئەي شاھزادە، ئۇستازلىرىڭ كۆڭۈل بەتلىرىڭگە نەقىش قىلغان نەسىھەت دۇردانىلىرى قېنى؟ ئەۋلىيا زاھىت ھەدىيە قىلغان ئاق ئەتىرگۇل كامالچىسى قېنى؟...»
شاھزادە ئابدۇلئەزىز دەرھال قوينىغا قول سالدى، ئاق ئەتىرگۇل كامالچىسىدىن بىرى چىقتى. كامالچە قۇدۇق ئىچىنى نۇرلاندۇرۇپ قەھ - قەھ ئۇرۇپ ئېچىلدى، ھەر تال بەرگىدە «ئەقىل ۋە ئېھتىيات» دېگەن سۆزلەر نەقىشى زاھىر بولۇپ، مىسالى يۇلتۇزلار تىزمىسىدەك جىلۋە قىلدى، شۇ ھامان شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ دىلىدا ئۇستازلىرىنىڭ: «ئەي شاھزادە ئەزىز، ھېچ ۋاقىت نىكاھ - ئەھدىسىز ئايال زاتىغا يېقىن بارما، بالا زىندانىغا گىرىپتار بولۇرسەن، ئۇنداقلار ساڭا ۋاپا قىلماس، نەپسى تەقەززا قىلغان ياكى پايدا - مەنپەئەت كۆزلىگەنچۇن ساڭا مايىلدۇر. بەد ئەخلاق جۇملىسىدىندۇر. ساڭا چىن مېھرى بولماس، پاك نامىڭغا داغ چۈشۈرگەي، ئەل ئارىسىدا شەرمەندە قىلغاي، ئاللانىڭ غەزەپ چاقمىقىغا دۇچ كەلتۈرەر، پالاكەت يولىغا باشلاپ ماڭغاي، ھالال جۇپتى نىگارىڭغا مۇيەسسەر بول. غۇنچە يىگىتلىك گۆھىرىڭنى پاك تۇتقايسەن. ناپاكلىقتىن ساقلانغايسەن...» دېگەن پەند - نەسىھەتلىرى خۇشبۇيىنى چاچتى. بەد خىياللارنى قوغلاپ پاك قىلدى، ھەۋەس ئوتلىرى بىر سەسكىنىش بىلەن ئۆچتى. شۇ ۋاقىت شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ پۇتلىرى ئازارسىز قۇدۇق ئاستىغا يەتتى. ئاق ئەتىرگۇلدىن تارام - تارام نۇرلار تۆكۈلدى. قۇدۇق ئاستىدىكى شاھانە قەسىر مىسالى بىر خارابە زارغا نازىنىن ھۆر - پەرىلەردىن بەزىلىرى ئاق يۇزلۇك، قىزىل چاچلىق، ئاتەش كۆزلۈك خەنجەر چىشلىق ئىلمەك بۇرۇن، دورداي كالپۇك، ئاغزىدىن قان تېمىپ تۇرغان بەتبەشىرە ئالۋاستى - يالماۋۇزغا، بەزىلىرى ئېغىز - بۇرنى، كۆز- قۇلىقى ۋە باشقا جايلىرىدىن يىلان - چايانلار چىقىپ تۇرغان ئىسكىلىت جىنغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇل ئالۋاستى يالماۋۇز، ئىسكىلىت جىنلار ئەپت ـ بەشى-
رىسى ئاشكارا بولۇپ قالغانلىقىدىن غەزەپناك بولۇپ، بىگىز
تىرناقلىق ئارىدەك قوللىرىنى شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالتۇن
بويلىرىغا سوزۇشۇپ، دەھشەت ئوتلىرىنى چېچىپ ئېتىلىپ كې-
لىشتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز دەرھال ئالماس قىلىچى بىرلە
ئۇل گېزەندىلەرنى جەھەننەمگە ئۇزاتماق بولدى ئەمما ھاجەت
بولمىدى. ئاق ئەتىرگۈلدىن كۈمۈش رەڭلىك نۇرلار تۆكۈلۈپ،
ئۇل مەلئۇنلارنىڭ ئىپلاس ۋۇجۇدىغا ئەجەل ئوتلىرىنى تۇتاشتۇر-
دى، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى. ئارقىدىن قۇدۇق ھەم گۈمۈرۈل-
دى، ئالەم ـ جاھاننى چاڭ ـ توزان بېسىپ كۆز ئالدى ئىس-
تۇتەكلەر بىلەن قاپلاندى، بىر مەزگىلدىن كېيىن چاڭ ـ توزان-
لار بېسىقىپ كۆز ئالدى روشەنلەشكەندە كۆردىكى بىر تەختى
پايە ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ئۇل تەخت ئۈزرەن قات ـ قات يىپەك
كىيىملەرگە پۈركىنىپ، يۇلتۇزدەك لەئەل ـ ياقۇت زىبۇ زىن-
نەتلەرنى چاقنىتىپ بىرھۆر پەرى يېتىپتۇكى چۇمبەل ئاستىدى-
كى جامالى شولىسىدىن ئۇل قۇياشسىز ئىقلىم ئاسمىنى ئۇن
قۇياش نۇرىغا چۆمۈپتۇ، زېمىن ئۆزرە ئاپتاپ جىلۋە قىلار.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز تاقەتسىزلىك بىلەن چۇمبەلنى قايرىپ
قارىدى، كۆزلىرى قاماشتى، كۈن دېسە تال ـ تال كىرپىكلىرى
ئارىسىدا چولپان كۆزلىرى، ئاي دېسە نۇرلۇق يۈزلىرىدە ئىلىپ-
تەك بۇرنى، ئانار دانىسىدەك، ئويماقچە ئاغزى بار ئىدى ئەمما
جانسىز ھەيكەل مىسالى نە تىنىقسىز ۋە نە ھەرىكەتسىز ياتار
ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز تا شۇ كەمگىچە ھېچ يەردە ۋە ھېچ
ۋاقىتتا ئانداق نۇرانە چېھرە ساھىبجامالنى كۆرمىگەن ۋە بارلى-
قىنى ئاڭلىمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ۋۇجۇد نىھالى ئىشق ئوتىدا
ھىلىلا كۆيۈپ كۈل بولمىغاندەك ئەلپاز بىرلە يېلىنجاپ كۆيۈش-
كە باشلىدى. جان رىشتى بىرلە ئۇل گۈزەللىك چىمەننىڭ

نازۇك نىھالىغا باغلاندى. شۇ ۋاقىت بىر شامال كەلدى، ئۇل دىلنەۋاز يۇزىگە چۈمبەل يېپىلدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز قايتا ئېچىپ كۆرمەك بولغىنىدا چۈمبەل مىسالى تاغ ۋەزنىدە ئېغىرلىق قىلىپ ئېچىشقا ئىمكان بەرمىدى، ئارقىدىن ئۇل پەرىزاتى شاھسەنەم ياتقان تەخت تەۋرەپ شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى يىراقلارغا ئىرغىتىپ تاشلىدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئىختىيارلىق تىزگىنىنى قولىدىن بېرىپ قويۇپ، ئىشتىياق ئوتىنى باسالماي، بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

هايات گۈلشەنىدە ئانداق يەنە بىر گۈل ئېچىلغانمۇ؟
ۋۇجۇد لەۋھەلىرىگە ئۇل كەبى سۇرەت سىزىلغانمۇ؟
ئۇ مىسالى بىر قۇياشتۇركى قۇياشسىز بۇ ماكانغا نۇر،
بەخش ئەتسۇن ئۇچۇن، تەقدىر قولىدا خاس يارالغانمۇ؟

شۇ ۋاقىت ئۇل خۇرشىدە تابانى جاھان تەختىنىڭ بىر يېنىدا ئۈنچى - مارجانلار بىلەن نەقىشلەنگەن قۇرلار زاھىر بولدى:

— ئەي «قەسرى رەنايى جاھان» تىلسىمىنى بەربات قىلىپ مۇندا قەدەم تەشرىپ قىلغۇچى، ئۇل بالايى ئورنىنى يوق قىلغانىڭ مۇكاپاتى بۇكى تەخت ئۈزرە ياتقان رەنايى جاھان شەھىرىنىڭ تاجدارى مەلىكە شاھخۇبانبانۇدۇر، ئەگەر جۈپنى نىگارسىز بولغانىڭدا ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل رىشتىنىڭ كەمەند بولۇپ باغلانغاندا يەنە مۇشەققەت ۋە خەتەر توسۇقلىرىنى بەربات قىلىپ، رەشىك ئوتىغا گىرىپتار بولغان باغۇ ئىرەم مەلىكىسى ماھئۇزاربانۇ قاشىغە بارغىل ۋە ئاندا بىر ئامال - تەدبىر بىرلە ئۇل ھۆسن ئىقلىمىنىڭ نۇرلۇق قۇياشى شاھخۇبانبانۇنىڭ جان تۇتىسى بەند قىلىنغان زەر قەپىسىنى ئېلىپ كەلگىن، مۇرادىڭ ھاسىل بولغاي. ئەگەر جۈپتى نىگارىڭ بولسا ۋە ياكى مۇشەققەت تىكەنزارلىقى، ئەجەل بۇركۇتىنىڭ پەنجە سايىلىرىدىن ۋەھىمە قىلساڭ

ئۆز يولۇڭغا راۋان بولغىن، ئەجرىڭ ئۈچۈن «گۆھەرىل نادىرى جاھان» ئىنئامدۇرلەر.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۇل قۇرلارنى ئوقۇپ تۇرار ئىدى، بىر ياندا يەنە بىر قۇياش زاھىر بولۇپ كۆزلىرىنى قاماشتۇردى. كۆردىكى مىسلى قۇياشتەك پارلاپ تۇرغان چىنىدەك چوڭلۇقتا بىر ئاق گۆھەر ھازىر بولۇپتۇ.

ئەمما، شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ كۆڭۈل رىشتى تەخت ئۈستىگە بەند بولغان خۇرشىد جاھانغا چىگىلگەن بولغاچ «گۆھەرىل نادىرى جاھانغا پىسەنت قىلمىدى، مۇشەققەت ئەتراپىنى چىدام ـ غەيرەت ئوتىدا كۈل قىلىپ، ئەجەل بۇركۈتىنىڭ پەنجە سايىلىرىنى باھادىرلىق گۆھەرىدە نۇرلاندۇرۇپ، مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ جان تۇتىسى بەند قىلىنغان زەر قەپىسنى ئېلىپ كەلمەككە ئىرادە كەمىرىنى چىڭ باغلىدى.

— مەلىكە ماھئۇزاربانۇ قايداسەن؟ — دەپ يولىغا راۋان بولدى.

ماڭدى ـ ماڭدى، نى ۋاقىتلاردىكى قۇياشنىڭ ئوتلۇق ھاراىتى بولمىسىمۇ تۇپرىقى تونۇردەك قىزىپ كەتكەن بىر جەزىرىگە يەتتى. ئەمما پىسەنت قىلماي مېڭىۋەردى. ماڭغانسېرى تۇپراق تېخىمۇ قىزىپ تاپانلىرى كۆيۈپ كاۋاپ بولغۇدەك ھالەتكە يەتتى ئەمما يولىدىن توختىمىدى، يۈرەك باغرىدا ئاتەش مىسالى كۆيۈپ تۇرغان ئىشق ھارارىتى ئالدىدا ئۇل جەزىرىنىڭ قىزىقى ھېچنېمىگە ئەرزىمەس ۋە بەلكى بىلىنمەس ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئاخىر يېلىنجاپ تۇرغان چوغقا ئايلانغان بىر گۈمبىزى ئوتخانىگە يەتتى، ئۇل جەزىرىنىڭ قىزىقلىقى چوغلانغان گۈمبەز سەۋەبلىك ئىدى. ھەيرانلىق لەشكىرىگە ئەسىر بولۇپ توختىغانىدى، گۈمبەز ئىچىدىن سادا كەلدى:

— ئەي ئادەمزات، مۇندا كەلمەكتىن مەقسەت نېمىدۇر؟

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئېيتتى:

— مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ جان گۆھەرىنى قولغا كەل-
تۈرمەك. ئۇل مۇددىئا بىلەن باغۇ ئىرەمگە ماڭغاندۇرمەن.
ئاندا گۇمبەزدىن بىر بەتبەشىرە بەتھەيۋەت چىقىپ كەلدى-
كى، كۆز - قۇلىقى ۋە ئاغزى - بۇرنىدىن قىپقىزىل ئوت بىرلە
قاپقارا ئىس - تۈتەك چىقىپ تۇرغان. چىققان ئىس - تۈتەك
بىرلە يۈزلىرى كۆمۈردەك قارايغان. چاچ - ساقال، قاش -
كىرپىكلىرى ئوت رەڭگىدە قىزارغان، پۇتلىرى تۈۋرۈكتەك،
قوللىرى چىناردەك، بوي - بەستى زور پىلدەك بىر مەخلۇقات.
ئۇل بەتبەشىرە گۇلدۇرمامىدەك دەھشەتلىك ئاۋاز بى-
لەن ھەيۋە قىلدى:
— ئەي ئادەمزات، مەن ئاتەش جادۇ سەۋەبىدىن ھېچ كىم
سەندەك بۇ جەزىرىدىن ئوتۇشكە پېتىنغان ئەمەس، ئۇل ئىقلىم-
نىڭ شاھبانۇسى مەلىكە شاھخۇبانبانۇ مېنىڭ گۆھىرىمدۇر.
ئوت يالقۇنلىرىم نازۇك نىھالىغا زەرەر قىلمىسۇن ئۈچۈن قېشىغا
يېقىن بارغان ئەمەسمەن، يىراقتىن جامالى شولىسىنى تاماشا
قىلماق بىلەن قانائەت قىلىپ ۋە خۇش بولۇپ، ئۇنىڭدىن شۇنچە
يىراقلىقتا جاي - ماكان قىلىپ تۇرغانمەن. ئەي ئادەمزات مەنمۇ
مۇيەسسەر بولالمىغان بەختكە سەن مۇشەررەپ بولۇپسەن، ئۇنىڭ
قېشىغا بېرىپسەن، جامالىنى كۆرۈپسەن، ئەمدى سېنى ساق
قويماسمەن. تا بۇكەمگۇچە ھېچبىر ئىنسان ئەۋلادى مۇندا كې-
لىپ باقمىغان، پەقەت دىۋە - پەرى، جىنلار ئۇل قۇياش يۈزلۈ-
كىمنىڭ جامالىغا مۇشتاقلار كېلەر ئىدى، ھېچبىرى قالماي
قولۇمدا جان بەردى. تېنى كۆيۈپ كۇل بولار ئىدى، ساڭا
ئىلتىجا قىلايكى، جېنىڭ جىسمىڭدا ئامان - ئېسەن قالسۇن
ئەمما سۇرەتلىك بىر جانىۋارغا ئايلانسۇن.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز چۆچۈپ ئۇل بەتبەشىرە بىلەن جەڭ
قىلماق بولدى ئەمما پۇرسەت بولمىدى. ئاتەش جادۇ ئەپسۇن
ئوقۇشقا باشلىدى. بىر قىزىل قۇيۇن كېلىپ شاھزادە ئابدۇلئە-

زىنگە ئۆرۈلدى. شاھزادە ئاجايىپ چىرايلىق بىر ئاق بۆغا سۈرىتىگە كىردى. ئاتەش جادۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ:
— ئەي باھادىر يىگىت، — دېدى زەھەرخەندىلىك بىلەن، — ئەمدى مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ جان تۇتىسىنى ئالغىلى بارغىن.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز سۈرىتى ئۆزگەرگىنىگە كۆپ ھەسرەت چەكتى، كۆزلىرى ياشلاندى ئەمما يەنە يولىدىن قالماي چېپىپ كەتتى، ئۇل جەزىرىدىن چىقىپ بىر كۆكلەمزارغا يەتتى، بىراق تۇرۇشقا ئىمكان يوق ئىدى، ئاجايىپ - غارايىپ يىرتقۇچلار بار ئىدى. ھەممىسى ئۇنىڭغا تاشلاندى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئاياغ-لىرىغا رىغبەت بېرىپ ئانداق چاپتىكى ئۇل يىرتقۇچلارنىڭ ھېچ-بىرىگە ئۇنى ئولجالاشقا پۇرسەت بولمىدى، شۇ ھالەتتە كۆكلەم-زاردىن چىقىپ يەنە بىر جەزىرىگە يەتتى، ئىمكان قىلارىنى ۋە قايان بارارىنى بىلمەي تېنەپ تۇرۇپ قالدى.
شۇ چاغ ئۇنىڭ قېشىدا بىر جۇپ پەرىشتە سۈپەت يىگىت پەيدا بولۇپ:
— ئەي شاھزادە، — دېدى سالماقلىق بىلەن، سەپەر ئۈستىدە قوتقۇزۇۋالغان شاھزادىلەرگە بەرگەن ۋەدىلىرىڭ قې-نى؟ ئۇل ۋەدىلەرنى ئۇنتۇپ ئۆز ئىشىڭغا مەشغۇل بولغىنىڭ ئۈچۈن ۋە، ئەھدىگە ۋاپا قىلمىغىنىڭ ئۈچۈن بۇ بالاغا گىرىپتار بولدۇڭ؟
شاھزادە ئابدۇلئەزىز سۆزلەرگە ئىمكانى بولمىغاچ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كۆز ياشلىرىنى راۋان قىلدى. ئۇل ئەزىزلىرى بولسا رەھىمدىللىك بىرلە ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ قويدى، شۇ ھامان شاھزادە ئابدۇلئەزىز قايتا ئادەملىك سىياقىغا كىردى، مىننەتدارلىق بايان قىلىپ ئاندىن يەنە سورىدى:
— ئەي نىجاتكارىم كىم بولۇرسىزلەر؟
پەرىشتە سۈپەتلەر دېدى: «غەيرىي ئىنسانلاردۇرمىز. ئاتاڭ

سەندىن ئەنسىرەپ، سەن كەتكەندىن كېيىن ھېسابسىز مال ـ
مۈلۈكنى ئامانلىقىڭ ئىلكىدە سەدىقە قىلغانىدى، شۇنىڭ خاسىـ
يىتىدىن سېنى قۇتقۇزماققا ھازىر بولدۇق، ئەمدى ساڭا تىلسىـ
ماتنى تېپىش يولىنى كۆرسىتىپ قويايلى، ئاندىن بارغىن، ئول
تىلسىم بالاسىنى ھەم بەربات قىلغىن، شاھزادە ئەكپەرنى مۇراد
گۆھىرىگە مۇيەسسەر قىلغىن، ئاندىن گۇلشەنى ئابات شاھزادىـ
سىنى مەخبۇب ۋەسلىگە يەتكۈز، ئول ياخشى ئىشلىرىڭ سەۋەبـ
كار بولۇپ، سېنىڭ ھەم مۇراد ـ مەقسىتىڭ ھاسىل بولغاي،
ئاق يۇلتۇز جىلۋە قىلغان تەرەپكە ماڭغىن.»

شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئۇلار غايىب بولدى، شاھزادە ئابـ
دۇلئەزىز ھەر تەرەپكە قاراپ قالدى، ئۇلار قايتا كۆرۈنمىدى
ئەمما بىر تەرەپتىن ئاق يۇلتۇز كۆرۈندى، ئۇمىد شامىدەك
پىلىلداپ تۇرۇپتۇ.

شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ماڭغانسېرى ئول يۇلتۇز تېخىمۇ
چوڭىيىپ ۋە تېخىمۇ نۇرلىنىپ باردى، ئاخىر ئاستىغا بېرىپ
توختىدى. ئاندا بىر جانىۋار تۇرۇپتۇ. پەيلىرى قاردەك ئاق،
تۇمشۇقى ياقۇتتىن، پەنجىلىرى زەر ئالماستىن ئىدى. سىياقى
ئاققۇدەك ئىدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز بېرىپ ئۇستىگە مىندى،
ئول جانىۋار يۇقىرىغا پەرۋاز قىلدى، ئاخىر بىر قۇدۇق ئاغزىـ
چىلىك كاماردىن شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى بارسا كەلمەس چۆلگە
ئاچىقىپ قويدى ۋە كۆزدىن غايىب بولدى، قۇدۇق ئاغزىمۇ
يوقالدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز يولىنى داۋام قىلدى، ئۇنى ئاياغلىرى
ئىختىيارسىز يەنە بىر قارا تاش گۇمبەز ئالدىغا ئېلىپ باردى،
گۇمبەزنىڭ ئىشىكىگە «تەخت شاھىنشاھى زامان» دەپ يېزىلغان
بىرلەۋھە ئېسىلغان.

شۇ ۋاقىت ئىشىك ئېچىلدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئىچىگە
كىردى، كۆردىكى بۇ يەردە ھەم بىر قۇدۇق بار ئىدى، ئىچىگە

قارىغانىدى ئەقلى لال بولدى، سەۋەبكى قۇدۇق ئاستى ھەشەمەتـ
لىك كەڭ ـ كۇشادە بىر ئوردا قەسرى بولۇپ، تاملىرى ئالـ
تۇن، ئۆگزىلىرى بىللۇردىن، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ياقۇتتىن
ئىدى. ئىشىك ئالدىدا ھۆر ـ غىلمانلار ھەيكەلدەك قېتىپ
تۇرغان.

شۇ چاغ يەنە ئۇنىڭغا قەسىر ئىچى ئايان بولدى، زۇمرەت
شامدانلاردا ئىپار ـ ئەنبەر بۇيلۇق قىزىل ـ يېشىل شاملار
يېقىلىپ، ئىس ـ تۈتەكلەر بۇلۇت ـ تۇماندەك لەيلەپ تۇرغان،
ئاندا ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر تەخت بار ئىدىكى قىرىق پەلەمپەيـ
لىك ئېگىز مۇنبەر ئۈستىگە قويۇلغان ۋە زەر بىرلە ياسىلىپ،
ئالماس ھەم زۇمرەتلەر بىرلە نەقىشلەر قىلىنغان، ياسىغۇچى
ئۇستىنىڭ ھۈنەر ـ ماھارىتىگە ھەر كىم قايىل بولدىكى تەسۋىر-
لىرىگە تىل ئاجىز، قەلەم زەئىپتۇر، تەخت ئۈستىدە بىر تاج
بار ئىدىكى تۇخۇمدەك ـ تۇخۇمدەك ئاجايىپ نۇرلۇق مەرۋايىت
ۋە يۇلتۇز مىسالى ئالماس كۆزلەر قويۇلغان، باھاسىغا بارچە
مەملىكەتلەر خەزىنە مۇلكىمۇ ئاجىزلىق قىلغۇدەك ئېسىل تاج
ئىدى. تاج يېنىدا بىر سەۋلەجان بار ئىدىكى ئادەم بويىغا تەڭ
ئۇزۇنلۇقتا قىزىل ئالتۇندىن ياساپ بېشىغا قۇياشتەك بىر نۇر-
لۇق ئالماس ئورنىتىلغان ۋە باشقا جايلىرىغا ھەم ئەڭ ئېسىل
نادىر جاۋاھىراتلار بىلەن گۈل ـ نەقىشلەر ھاسىل قىلىنغان،
پەلەمپەيلەر تۆۋىنىدە ئىككى رەت ئېسىل زەر تەختلەر بار ئىدىكى
جاھاندىكى شاھ ـ سۇلتانلار قانچە بولسا ئۇلارمۇ شۇ ساندا
ئىدى.

ئاندا ئول تەخت بىرلە تاج سەۋلە جانلاردىن سادا كەلـ
دىكى:

— مەرھابا! مەرھابا! يەتتە ئىقلىم خاقانى، بارچە پادىـ
شاھلارنىڭ سەردارى، مەرھەمەت قىلىڭكى سىز بىرلە جاھان
ئىچىدە پارلاق قۇياشتەك نۇرلانغانمىز، بارچە شاھلار قول ۋە

غولاملىرىڭىز بولۇپ، ئايىغىڭىزدا خىزمەتتە بولغاي ۋە بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزلىرىنى شەرەپلىك ھېس قىلغاي.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئول جاھان شاھىنشاھلىق سەلتەنەت تەختىگە قاراپ ئەقىل ـ ھوشىدىن جۇدا بولدى، ۋۇجۇد، نىھالىنى ئول تەخت ئۆزرە قىلىپ، تاج بىرلە زىنىنەت، سەۋلەجان بىرلە سەلتەنەت قازانماق ئىشتىياقىدا ئوت بولۇپ ياندى.

شۇ ۋاقىت تاج ـ تەخت ۋە سەۋلاجانلارغا قوشۇلۇپ ئوردا ئىچىدىكى بارچە مەۋجۇداتتىن سادا كەلدىكى: «ئەي ئامەت تۇلپارىغا مىنىپ كەلگەن شاھزادە دەۋران، ئەي بەخت قەسىرلىك ساھىبى، سىزگە مۇنتەزىرمىز، مۇبارەك ئاياغلىرىڭىزدىكى چاڭ ـ توزانلارنى كۆزلىرىمىز كىرپىكى بىرلە سۇرتۇش تەقەززالىقىدىمىز. تېزرەك مۇندا چۇشۇڭ، خاقانى جاھانلىق تەختىدە ئولتۇرۇڭ، بارچە ئالەم پەرمانىڭىزدا بولغاي...»

شۇ ھامان شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۆزىنى بىخۇد ۋە بىھوش ھالەتتە سەزدى. ۋە ئۆزىنى ئول تەخت خاقانى جاھان ئۇستىدە ھېس قىلدى، قارىسا يەتتە ئىقلىمدىكى بارچە شاھ ـ سۇلتانۇ دۆلەت ئىگىلىرى ئىككى رەت بولۇپ تىزىلىپ تەزىم ۋە تەۋەززۇ بىلەن تۇرۇپتۇ، ئېغىزلىرىدا بولسا «ياشىسۇن بۈيۈك خاقانى جاھان ئالىيلىرى، ياشىسۇن بۈيۈك خوجىمىز،» دەپ تەنتەنە قىلىشۋېتىپتۇ، شاھزادە ئابدۇلئەزىز بولسا ئۇلارغا ئۆز ئورنىغا قايتىپ ئولتۇرماققا ئىشارەت قىپتۇدەك. سەلتەنەت ئېگىلىرى بولسا قۇلدەك ئېگىلىپ تەشەككۇرلەر ئېيتىپ، زەر تەختتە ئۆز دەرىجىسى بويىچە ئورۇن ئالغۇدەك، شاھزادە ئابدۇلئەزىز بولسا مەغرۇرلۇق بىلەن ئۇلارنى كۆزدىن كەچۇرۇۋېتىپ ئارىدا بىر تەختنىڭ بوش قالغىنىنى كۆرۈپ سوئال قىپتۇدەك:

— ئول ئورۇننىڭ ئىگىسى قېنىدۇر؟

باشقىلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، تەزىم ـ ئېھتىراملار بىلەن ئېيتىشىپتۇ:

— مەملىكىتى يىراقتا بولغاچ ئۇلگۇرۇپ كېلەلمەپتۇ.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز غەزەپناك بولۇپ توۋلاپتۇدەك:

— جاللات، قېنىسەن، — دەپ.

شۇ ھامان دىۋە سۇپەتلىك، ياۋۇز تەلەتلىك قىرىق جاللات شاھانە قەسىر ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ، ئۇلار تىز چۆكۈپ ئىلتىجا قىلۇرمىشكى:

— ئەي بارچە شاھلارنىڭ خوجىسى، ئەي بۈيۈك شاھىنشاھ ئالىيلىرى، قايسى بەتبەختنىڭ ئەجىلى توشقان، ئۇ كىم؟

— بوش قالغان ئورۇننىڭ ئىگىسى قايدا بولسا كىم بولۇشىغا قارىماي، دەرھال كاللىسىنى كېسىپ كېلىڭلار، — دەپ پەرمان قىپتۇدەك.

شۇ ھامان جاللاتلار كۆزدىن يىتىپ كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، بىر مويسىپىت كىشىنىڭ كاللىسىنى پەتنۇسقا سېلىپ كىرگۈدەك، شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىر قاراپلا پەرياد قىلىپ تەختىدىن ئۆزىنى تاشلىغۇدەككى، «ئاھ، ئاتام! بۇ سىزمىدىڭىز؟» دەپ.

ئەمما، ئۇ يەرگە چۈشمەي بەلكى ئۆزىنى بارغانچە تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى، ئول ۋاقىت قۇلاق تۈۋىدە بىر سادا گۈلدۈرماما - چاقماق مىسالى گۈلدۈرلىدى «ئەي شاھزادە، نەپسىڭگە ئەقلىدىن تىزگىن سالغىن» دەپ.

شۇ ھامان شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ ۋۇجۇد قەپىسى تەرك قىلغان ئەقىل - ھوشى ئورنىغا قايتتى، شاھزادە ئۆزىنى ئول قۇدۇق ئىچىدە تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھالەتتە كۆردى، دەرھال قوينىغا قولىنى سالدى، ئاخىرقى بىر تال ئەتىرگۈل كامالچىسى قولغا چىقتى ۋە قاقاقلاپ كۈلگەن بىر سادا چىقىرىپ پورەكلەپ ئېچىلدى. كۆردىكى ھەر تال بەرگىدە، «ئىنساپ - دىيانەت» دېگەن خەتلەر زاھىر بولدى. ھەرپلىرى مىسلى ياقۇت-تەك نۇرلىنىپ جىلۋە قىلار ئىدى.

دەرھال بىر كارامەت يۈز بەردىكى شاھزادە ئابدۇلئەزىز

خازاندەك يەڭگىل ھالەتتە پۈتى يەرگە تەگدى، قىلچە ئازار يەتمىدى، شۇ ھامان ئاق ئەتىرگۈلدىن تارام - تارام نۇرلار چېچىلدى، قۇياش نۇرىدىن نەچچە ھەسسە يورۇقراق ئىدى. ئۇل نۇردىن قۇدۇق ئاستى دۇنياسى خىرە بولۇپ، ئارقىدىن بىر ئىس- تۈتەك كۆتۈرۈلدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز كۆردىكى خاقانى تەختى - جاھان ۋە باشقا زەر تەختلەر ئەمدى ئادەم ئىسكىلىتلىرى دۆۋىسىگە ئايلانغان، بارچە ھۆر - غىلمانلار ئورنىدا ھەم ئىسكىلىتلار ئۆرە تۇرغان، ھەشەمەتلىك شاھانە ساراي، قان- يىرىڭغا پۈركەنگەن بىر زىندانغا ئايلانغان، ئاندا تۇرغان كىشىنى سۈر باسار ئىدى ۋە يىرگىنىش تۇيغۇلىرى ئەسىر قىلار ئىدى.

شۇ چاغ ھەر تەرەپتىن پىلدەك يوغان، خەنجەر چىشلىق ۋەھشىي مەخلۇقاتلار ئېتىلىپ چىقتى، ئېغىزلىرىدىن قان - يىرىڭ تامار ئىدى ئەمما ئاق ئەتىرگۈلدىن تۆكۈلگەن تارام - تارام نۇرغا دۇچ كېلىپ، ئىپلاس ۋۇجۇدلىرى كۈلگە ئايلاندى، ئارقىدىن يەر تەۋرەپ قۇدۇق گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز كۆزلىرىنى يۇمدى بىر چاغلاردا كۆزلىرىگە يېقىملىق بىر سالقىن شامال ئۇرۇلدى، كۆزىنى ئاچقىنىدا كۆردىكى بىر باغۇ چىمەنزاردا تۇرۇپتۇ. چىمەنزاردا ئاجايىپ - غارايىپ گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، چىمەنزار ھاۋاسىنى خۇش پۇراققا تولدۇرغان، تارام - تارام زىلال چەشمە سۇلىرى ھەر تەرەپكە شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، سۇ ئاستىدا بولسا لەئەل - ياقۇت، ئۈنچە - مارجان كەھرىۋالار تاش ئورنىدا ۋالىلداپ نۇرلىنىپ ياتقاندى ئەمما جەننەت مىسالىلىك باغۇ چىمەنزار ئىنس - جىندىن خالىي ۋە ھۆر - غىلمانلاردىن دېرەكسىز ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ھەۋەس بىلەن ئارىلاپ يۈرۈپ سۇتتەك ئاق ۋە قاردەك سوغۇقلۇق يېغىپ تۇرىدىغان بىر تاش كارىۋات يېنىغا يەتتى، ئۇل كارىۋات ئۈستىدە بىر نازىنىن ماھى رۇخسار ياتار ئىدىكى كۆزلىرى غەپلەت ئۇيقۇسىغا كەتكەن زىلۋا - نازۇك

تەنلىرى ئاراملىق تۆشكىگە بەند ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئەدەپ يۈزىسىدىن نېرى كەتتى، ئۇل گۈلى رەنانىڭ ئۇيقۇدىن بىدار بولۇشىنى كۈتتى، مەقسىتى بۇ ماكانىنىڭ سىر - ئەسرارىنى سورىماق ئىدى.

شۇ ۋاقىت ئالتۇندەك سېرىق تۇمشۇق، پەي - قاناتلىرى يېشىل، زۇمرەتتەك جۇلالاپ تۇرىدىغان بىر چوڭ تۇتى قۇش ئۇچۇپ كېلىپ سادا قىلدى: «ئەي مەلىكە، ئى گۈلرۇخسار كۆزلىرىڭنى ئاچقىن، خىلۋەتگاھىڭغا ئۆزگىلەرنىڭ قەدىمى يەتتى.»

شۇ ھامان پەرىزات زامانىنىڭ جۇپلەشكەن كىرپىكلىرى ئاجرىلىپ ئارىسىدا چولپان مىسالى نۇرلۇق كۆزلىرى زاھىر بولدى، تال - چىۋىقتەك تولغىنىپ نازۇك بويلىرىنى تىكلىدى ۋە تۇتى قۇشتىن سورىدى:

— ئۇل يېگانە ئادەمزاتىمىدۇر ۋە ياكى پەرىزاتىمىدۇر، جىنمىدۇر ۋە ياكى دىۋىمىدۇر رەپتارىدىن بىئەدەپلىك، بەدنىيەتلىك زاھىرمىدۇر ۋە ياكى پاك دىل، ئەدەپ - ئەخلاق نامايەنمىدۇر؟ تۇتى قۇش دېدى:

— ئۇل يېگانە ئادەمزاتتۇر بەلكى ئادەمزات ئەۋلادى ئىچىدە چېھرى ئاپتاپ مىسالىلىك، چىنار قامەتلىك، پەرىشتە خۇيلۇق، ئېسىل خىسلەتلىك بىر نەۋقىران يىگىتتۇر، ئۇنىڭدا قىلچە بىر ئەيىب سادىر بولمىدى بەلكى ئۆزىنى يىراققا تارتىپ، سەۋر - تاقەت كۇرسىدا ئولتۇرۇپ ئۇيقۇدىن پارىغ بولمىقىڭنى كۈتمەكتە، ساڭا بىر ھاجىتى بولسا كېرەك. ئۇل پەرى - پەيكەر دېدى:

— ئانداق بولسا ئالدىغا باراي، ھالىدىن خەۋەر ئالاي، مۇندا ئادەمزات ئەۋلادى پەيدا بولمىقى ئاجايىپ ئىشتۇر، بۇنىڭدا بىر سىر باردۇر.

ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى يىراقتىن ئاڭلاپ تۇرغان شاھزادە

ئابدۇلئەزىز ئالدىغا بېرىپ ئەدەپ بىلەن سالام بەردى، ئول دىلرەبا پەرى ھەم ئىلىك ئېلىپ سورىدى:

— ئەي بەرنا يىگىت، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ قايسى قىسمەت قۇيۇنلىرىدا ئۇچۇپ يۈرۈپ، خىلۋەتگاھىمىزغا كېلىپ قالدىڭىز؟ شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— شەمئى جاھان مەملىكىتىنىڭ تەخت ۋارىسى ئابدۇلئەزىزدۇرمەن، مۇندا كەلمەكتىن مۇددىئا باغۇ ئىرەمگە يەتمەكتۇر.

ئاندىن سەپەر سەرگۈزەشتىلىرىنى مېغىزلىق ۋە قىسقا بايان قىلدى. ئاڭلاپ تۇرغان ئول ھۆر - پەرىنىڭ شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى كۆرمەك ھامان دىلىدا يانغان مېھرى ئۇچقۇنى ئەمدى ئۇنىڭ سەرگۈزەشتە بايانىنى ئاڭلاپ ئاتەش مىسالى لاۋۇلداشقا باشلىدى - دە، خۇش تەبەسسۇم بىرلە دېدىكى:

— ئەي شاھزادە، ئەي جاھان يىگىتلىرىنىڭ سەردارى، قىسمەت شاملى سىزنى مېنىڭ جۇپتى - نىگار ئەيلەشكە ئۇچۇرۇپ كەلگەن بولسا كېرەك. بولمىسا ئول «خاقانى تەختى جاھان» تىلسىمىنى بەربات قىلماق ئىلتىپاتى تەقدىردىن سىزگە بولماس ئىدى. ھېچ ۋاقىت ئول تەرەپتىن بىرى كېلۇر دەپ ئەندىشە قىلماس ئىدىم. ئەمما، سىز بارچە توسالغۇلارنى يېڭىپ كەلدىڭىز، ئەمدى سىزنى باغۇ ئىرەمگە مەن يەتكۈزەي، قالغان سۆزلەرنى ئاندا قىلۇرمىز.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز خۇشنۇد بولۇپ باغۇ ئىرەم يولىغا ھازىرلاندى ئەمما ئول پەرىنىڭ بالا دامىغا گىرىپتار بولۇشىدىن ئەندىشە قىلدى. ئۇنىڭ ئۆز ئىشقىغا مۇپتىلا بولغىنىدىن غەمناك بولدى: — ئۆز ئىشىنى داۋام قىلماقتىن توسارمۇ؟ — دەپ.

ئول پەرى بىر چاۋاك ئۇردى، ئالدىغا قاناتلىق بىر تۇلپار ھازىر بولدى، دېدىكى:

— ئول قاناتلىققا سۇۋارى بولغىن.

شاهزادە ئابدۇلئەزىز قاناتلىق تۇلپارغا مىندى. پەرى يەنە دېدى:

— يولدا بىر تىلسىمغا دۇچ كەلگەيسىز، ئۇنى مەن ئەھيا قىلغان، خىلۋەتگاھقا توساقتۇر، ئۇنىڭغا مەندىن ئىلگىرى دۇچ كەلسەڭ ھالەك بولۇرسەن، يول ئۈستىدە بار ئىمكانىڭچە ئول قاناتلىقنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ماڭغىن، خەتەردىن خالىي بولۇرسەن.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز رازىلىق بىلدۈرۈپ تىزگىنىنى قولغا يۆگىدى، پەرى قىز بولسا بىر ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ كۆككە پەرۋاز قىلدى. ئارقىدا قاناتلىق تۇلپار ھەم پەرۋاز قىلدى. ئەمما، ھايالسىز ئاق كەپتەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئاقار يۇلتۇزدەك يۈرۈپ كەتتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز پەرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېسىگە ئېلىپ تىزگىنىنى تارتتى، سۈرئەت ئاستىلىدى، بىر چاغلاردا كېتىۋاتقان تەرەپتە شەپەق نۇرىغا چۆمگەن ئۆپۈق مىسالى بىر ھالەت زاھىر بولدى، تىزگىن يەنىمۇ تارتىلىپ قاناتلىق تۇلپارنىڭ يۈرۈشى ئاستىلىدى. ئاق كەپتەر يېتىپ كېلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. ئول قىزارغان ئۆپۈق مىسالى كۆرۈنگەن ئەسلى ئاتەش پەردە بولۇپ، دۇچ كەلگەن ھەرقانداق نەرسىنى كۈل قىلار ئىدى.

ئاق كەپتەر بېرىپ ئاغزىدىن سۇ پۈركىدى، ئوت پەسەيدى، ئىككىنچى مەرتىۋە پۈركىدى، ئوت ئۆچۈپ چوغلىرى قالدى، ئۈچىنچى مەرتىۋە پۈركىگىنىدە تامام ئۆچتى. ئەسلى تۇپراق يۈزى ئايان بولدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئاق كەپتەرگە ئەگىشىپ ئۇچىۋەردى. بىر چاغلاردا ئاق كەپتەر ئۈستىگە ئۆرلىدى، تۇلپار ھەم تىك ئۆرلىدى، ئۆرلەپ - ئۆرلەپ ئۇلار ئاخىر بىر قۇدۇق ئىچىگە يەتتى ۋە بىر يېڭى ئالەمگە يەتتى، قۇدۇق غايىب بولدى، ئۇلار سەيرىنى داۋام قىلدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئاق كەپتەردىن

ئىلگىرى كەتمەسلىك ئۈچۈن بار ئىمكانچە تىزگىنىنى تارتىپ ماڭدى، ئاخىر ئاق كەپتەر بىلەن ئاجايىپ بىر شەھەرىستانغا يەتتى، شەھەر ئىمارەتلىرىنىڭ خىش كاھىشلىرى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن، ئىشىك - روجەكلىرى بىللۇر ۋە ئاق ياقۇتتىن، يوللىرى مەرمەر تاشلاردىن ئىدى، يىپەك كىيىملىك ۋە سەرۋە قامەتلىك خۇشرەپتار ئەھلى پەرىلەر ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

ئاق كەپتەر شەھەرىستان ئاسمىنىدا تۆۋەنلەپ، بارچە ئىمارەتلەردىن ھەيۋەت ۋە ھەشەمەتتە ئۈستۈن ئوردا - ساراي مىسالى بىر ئىمارەتلەر توپى ئارىسىغا قونۇپ غايىب بولدى، قاناتلىق تۇلپار بولسا شەھەرىستاندىن ھالقىپ ئېگىزلىككە كۆز يەتكۈسىز ئالتۇن سېپىللىق بىر باغۇ بوستانغا قوندى. شاھزادە بىرلا قارىدى، دىلى ۋەيران ۋە ئەقلى ھەيران بولدى، خىيال قىلدىكى، — ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتۇلرىزۋانغا كىرىپ قالدىمىكىن، — دەپ. ئول باغ ئىچىدە تۇرلۇك - تۈمەن خىل ۋە رەڭمۇرەڭ گۇللەر پورەكلەپ ئېچىلغانىدىكى خۇش ھىدلىرىدىن كىشى مەست بولار ئىدى. ئاجايىپ - غارايىپ ئوت - گىياھلىرىنىڭ بەرگى قىياقلىرىدا مەرۋايىتلار لىغىلداپ تۇرار ئىدى، دەرەخلىرىنىڭ غوللىرى ئالتۇن، شاخ - يوپۇرماقلىرى لەئەل - ياقۇت، سۇلىرى گۇلاپ، تۇپرىقى ئىپار - ئەنبەر ئىدى، تاش ئورنىدا قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار ۋالىلداپ يانار ئىدى. تەنلىرى زۇمرەتتىن بولغان ئالتۇن تۇمشۇقلۇق، كۈمۈش پۇتلۇق ئاجايىپ گۈزەل قۇشلار چاڭىلداپ خۇش ناۋا قىلار ئىدى.

ئاندا تۇلپار گاڭگىراپ قالغان شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى ئۇستىدىن ئىرغىتىپ تاشلىدى - دە، كۆككە پەرۋاز قىلىپ تېزلا كۆزدىن يىتتى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز بولسا ئېسىگە كېلىپ باغ تاماشىسىغا تۇتۇندى. بىر ۋاقىتلار بىر تەرەپتىن سەپ - سەپ

گۈلرۇخسار، خۇش قامەت پەرى قىزلار بەزىلىرى قولىدا قۇياش. تەك نۇرلۇق ۋە تاۋاقتەك يوغان مەرۋايىتلارنى ۋە بەزىلىرى ئاجايىپ خۇشبۇي ۋە لىگەندەك پورەكلەپ ئېچىلغان بىردىن ئەتىرگۇللەرنى كۆتۈرگىنىچە لەرزان قەدەملەر بىلەن كېلىشكە باشلىدى. بىر ۋاقىتلار يەنە بىر توپ پەرىلەر كەلدىكى، پورەك. لەپ ئېچىلغان گۈل مىسالىلىك زۇمرەت تەخت كۆتۈرۈپتۇ، تەخت ئۈزرە جامالى شولىسىدىن قۇياشنى ھەم ئايدەك قىزارتقۇ. چى ھۆر قىز ىلگۈل كامالچىسىنى ئويناپ، جىلۋە كامانلىرى. غا ئىشق ئوتلىرىنى بەتلەپ، ئاشىقلار كۆكسىنى كۆزلەپ ئولتۇ. رار ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۇنى ئىلگىرى بىللە يولغا چىققان پەرىگە ئوخشىتىپ، ئەمما ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ئۈزراق ۋە جەلپكار ھېس قىلدى. پەرىلەر شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە زۇمرەت تەختىنى يەرگە قويدى، ئۇستىدىكى گۈزەللىك گۈلىستانىنىڭ نازۇك نىھالى بولسا يەنىمۇ ناز - كەرەشمىلەر بىلەن ئىشق كامانلىرىدىن ئوق ياغدۇردى ئەمما شاھزادە ئابدۇل. ئەزىز باغرىغا مەھكەم ئورناشقان مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ مۇ. ھەببىتى مىسالى زەر قالقان بولۇپ ئۇنى قايمۇقۇش بالاسىدىن مۇھاپىزەت قىلدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئول سەۋەبتىن ئول پەرى پەيكەرنىڭ ھۆسن ئاپتىپى بىرلە كۆزلىرى قاماشقان بول. سىمۇ لېكىن مۇھەببەت لەشكىرىگە ئەسىر بولمىدى، بەلكى بىر گۈلزار ئىچىدە بىر ئېسىل گۈلگە قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق بىلەن قارىغاندەك قاراپ تەۋەززۇلۇق بىلەن سالام بەردى.

ئاندا زۇمرەت تەخت ئىگىسى شېرىن سوخەندان دېدى:

— ئەي بەرنا يىگىت، مېنى تونۇدىڭمىكىن، بۇ يەرگە كېلىپ قالمىقىڭغا سەۋەبكارمەن ۋە ئىزدەپ يۈرگىنىڭ پەرىلەر مەلىكىسى مەلىكە ماھئۇزاربانۇدۇرمەن. شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— ئەي مەلىكە، ئى نادىرى جاھان، سىزنى تونۇدۇم ئەمما ھېس قىلدىمكى گۈزەللىكىڭىز ئىلگىرىكىدىن ئون باراۋەر زىيادىراقتۇر، سىزگە دۈچ كەلگىنىمدىن بىيار خۇرسەنمەن. مەلىكە ماھئۈزاربانۇ يەنىمۇ خۇشال بولۇپ:

— ئەي بەختىيار شاھزادە، رازى بولۇرمىسىزكى يېگانە جاھان، پانىي جاھان جەننىتى باغۇ ئىرەمنى ساڭا بەخشەندە قىلسام ۋە بەلكى ئول شەھەرىستانغا سۇلتان قىلسام، ساڭا بۇ بىر ئۆمۈر جۈپتى - نىگار بولسام. شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— ئەي پەرىلەر مەلىكىسى، ئەي گۈزەللىك مەملىكىتىدىنىڭ تاجدارى، سەرگۈزەشتىلىرىم ساڭا ئايانكى، مەلىكە شاھخۇبانبانۇغا ئاشىقمەن، ساڭا يولۇقۇشتىن بۇرۇنلا جان ۋە تېنىمنى ئۇنىڭغا ئاتىغانمەن، يېڭىنى كۆرۈپ كونىنى ئۇنتۇماق، ئەھدىگە بىۋاپالىق قىلماق بەسى يامان ئىشتۇر، مېنى تەڭلىكتە قويما. مەلىكە ماھئۈزاربانۇ غەمكىن بولۇپ دېدى:

— ئەجبا مېنىڭ ساڭا بېغىشلىماق بولغانلىرىم بىر مەلىكە شاھخۇبانبانۇغا تەڭ كېلەلمەسمۇ، ئۇنىڭ جانسىز جىسمى مېنىڭدىنمۇ ئارتۇقمىدۇ؟ ئەي شاھزادە، ئول مودىنىڭ ئىشقىنى دىلىڭدىن يىراق قىل. بىلەمسەنكى بويۇمغا يەتكەندە ئۆز ئىقبالىمغا قۇرئى سالدىم، ئايان بولدىكى بىر ئادەمزاتقا نېسىپ بولغۇدەكمەن، شۇ سەۋەبتىن جاھان سەيلىسىگە ئاتلاندىم، مۇددىئا دىلىمغا ياققان بىرىنى تاپماق ئىدى. كۈتكىنىمدەك بىرى ئۇچرىدى. بىر جەزىرىدە ھوشسىز يېتىپتۇ، جان ھەلقۇمىغا كېلىپتۇ، مەرھەمەت قىلىپ ھوشىغا كەلتۇردۇم ئەمما ئول ياخشى ئىشىمغا بىئەدەپلىك بىرلە جاۋاب قىلدى، بىر شاپىلاق ئۇردۇم، يەنە ھۇشسىز بولدى، سەپەر داۋامىنى تەرك ئېتىپ باغۇ ئىرەمگە قايتتىم، ئۆز ئىستىقبالىمغا قايتا قۇرئى سالدىم، نەتىجە ئىلگىرىكىدەك بولدى ئەمما ئاشىقى - شەيدالەر دېۋە پەرى، جىنلار تائىپى ئىچىدە ھېسابسىز ئىدى، ئۇلاردىن خالىي

بولماق، ئۆزۈمنى ياقىغا ئالماق ھەم ماڭا نېسىپ بولغۇچە ئادەم-
زات ئەۋلادىنى كۈتمەك ئۈچۈن «تەختى خاقانى جاھان» تىلسىمى
بەرپا قىلىنغان يەر ئاستىدىكى بىر بوشلۇقتا بىر جايى ماكان
ھاسىل قىلدىم. ئاتەش تىلسىمى بىرلە ئاندا بارار يولغا توسۇق
قويدۇم، ئۇ دېدىكى، ھەرنە ئادەمزات ئەۋلادى كەلسە ئول تىل-
سىملارنى بەربات قىلىپ شۇ تەرەپتىن كېلەر، ئۇ مېنىڭ جۈپ-
تى- نىگارىم دەپ نەچچە يىللار بولۇپتۇ، ئاخىر سەن كېلىپ
قالدىڭ، ئەمدى ھەرنە خىيالىڭ بولسا تەرك قىلىپ، بىر مېنىڭ
ۋەسلىمگە ئۈمىدۋار بولغىن. قىسمىتىمىزگە بەلكىم شۇنداق
يېزىلغاندۇر.

— ئەي ھىممەتلىك مەلىكە، — دېدى شاھزادە ئاب-
دۇلئەزىز، — ۋەدە قىلغان ئىدىمكى چۆلدە سىزگە دۇچ
كەلگەن گۈلشەنى ئاباد شاھزادىسىنى مەھبۇب ۋەسلىگە يەتكۈزەر-
مەن دەپ، ئول بىچارىۋارنىڭ چەككەن رىيازەتلىرى بىھۇدە بول-
مىسۇن، ساداقەتمەن كۆڭلى ئازار يېمىسۇن، بارچە ئىلتىپاتىد-
ڭىزنى بىر ئۇنىڭغا قىلىڭ، لۇتفى - كەرىمىڭىز سايىسىدە
ۋۇجۇد نىھالى ياشىرىپ، بەخت گۈللىرى پورەكلىپ ئېچىل-
سۇن، قىلغان بىئەدەپلىكىگە پۇشايمان قىلىپ قان يىغلىدى،
كەرىمىڭىزدىن نائۈمىد قويماڭ، تەقدىر - قىسمەتنىڭ يازمىشىغا
مۇناسىپ ئىش بولغاي. مەلىكە ماھئۈزاربانۇ ئېيتتى:

— ئول شاھزادە يىگىتلىك باھارى كېتىپ، قىرانلىق
يازلىرى ۋە ئۆمۈر كۈزلىرى ئاخىرلىشىپ، باشقا قىرو قونغان،
ئەجەل شىۋىرغانلىرى خازاندەك ئۇچۇرۇپ كەتمەك بولغان بىر
ھالەتتىدۇر، مېنى ئۇنىڭغا زورلىما، مەڭگۈ سولماس ياشلىق
گۈلۈمنى ئۇنىڭ چېكىسىگە قىسقۇم يوق.

— ئەي پەرىلەر مەلىكىسى، — دېدى شاھزادە ئاب-
دۇلئەزىز، — ھەرنە بولسا بىر سېنىڭ كويۇڭدا بولغاندۇر،
ھالىغا رەھىم قىلغىن، ئىشەنچىم كامىلكى سېنىڭ ۋەسلىڭگە

يەتمەكلىك بىلەن ياشلىق باھارى ئەسلىگە كەلگۈسى.

— ئارتۇق سۆزنى قويغىن، — دېدى مەلىكە ماھئۈزار - بانۇ، — بىر بەزمە قۇرايلى، نېمەتلىرىمىزدىن بەھرە ئالغىن، ئاندا ئارام ئالغىن، ئارامىلىق ئەقلىڭگە قۇۋۋەت بەرسە قىلغان ئىلتىپاتىم قەدرىگە يېتەرسەن.

— گۈلشەنى ئاباد شاھزادىسىنى مۇراد - مەقسىتىگە يەت-كۈزمىگۈچە بىرلوقما تائام يېمەك ۋە بىر پەس ئارام ئالماقمۇ مەن ئۈچۈن ھارام، — دەپ شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۆزىنى تارتتى.

— ئەي شاھزادە، — دېدى مەلىكە ماھئۈزاربانۇ رەن - جىپ، — قىلغان ئىلتىپاتلىرىمنى رەت قىلىپ مېنى كۆپ خىجىللىقتا قويغىنىڭ ئۈچۈن كۆرمىڭ ئازاب بىلەن جېنىڭدىن جۇدا قىلار ئىدىم ئەمما ۋەدىگە ۋاپا قىلىدىغان ئېسىل خىسلىتىڭ ھۆرمىتىدىن ئەپۇ قىلدىم. ئەمدى ساڭا ئىجازەت، يولۇڭغا راۋان بولغىن، مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ جان تۇتىسىنى قارا دېۋە غارىدىن ئىزدىگىن، سەن يوق مەزگىلدە ئول مەلئۇن ئىلىپ قېچىپتۇ. شاھزادە ئابدۇلئەزىز يالۋۇردى:

— ئەي شاپائەتكار مەلىكە، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇنكى چۆلدە قالغان بىچارە دوستۇمغا ئاخىرقى بىر مەرتىۋە ئىلتىپات قىلغىن. جامالىڭ شولىسى بىرلە دەرد - پىراق بۇلۇتلىرى تارقىسۇن، ئارمانى قالمىسۇن، چەككەن رىيازەتلىرىڭ بىھۇدە بولمىسۇن . . .

مەلىكە ماھئۈزاربانۇ ئاخىر نائىلاج بىر توپ پەرىلەرگە ئەمر قىلدى:

— بېرىپ گۈلشەنى ئاباد شاھزادىسىنى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ.

قىرىق پەرى كەپتەر بولۇپ كۆككە پەرۋاز قىلدى، مەلىكە ماھئۈزاربانۇ بولسا شاھـزادە ئابدۇلئەزىزنى شاھانە قەسـرىگە

باشلاپ، بەزمە ـ زىياپەت، نەغمە ـ ناۋا بىرلە كۆڭۈل تۈتىسىنى قولغا قوندۇرماق ئۈمىدىدە كۈتۈپ قالدى.
ئۈچ كۈن ئوتتى، كەلگەن پەرىلەر گۈلشەنى ئاباد شاھزادە- سىنى ئېلىپ قايتتى، ئول بىچارە، مەلىكە ماھئۈزاربانۇنى بىر كۆرۈپلا، «ئاھ،» دەپ بىھوش بولدى. تەخت ئالدىغا يىقىلدى، تۇرغانلار خىيال قىلدىكى جان كەپتىرى تەن قەپىسىنى تەرك قىلغاندۇر، دەپ.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز دەرھال بېشىغا بېرىپ: «ئاھ! دوس- تۇم» دەپ پەرياد قىلدى، كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك ياشلى- رى تۆكۈلدى، پەرىلەر مەلىكىسى بۇ ھالنى كۆرۈپ، ۋۇجۇد گۆھىرى مومدەك يۇمشاپ، كۆزلىرىدىن ئۈنچە ـ مارجانلار يىپىدىن ئۈزۈلگەن مىسالى بىئىختىيار تۆكۈلدى، قالغان پەرى- لەر ھەم نادامەت چېكىپ قالدى، بىر چاغلاردا شاھزادە شىرئەلى قايتا تىرىلگەن مىسالى كۆزلىرىنى ئاچتى ۋە بۇ نەزمىنى ئېيتتى:

ئەھلى ئىخلاسمەن ئارا يوق بىر ساڭا مەندەك يەنە،
ئەھلى زالىملار ئارا يوق بىر ماڭا سەندەك يەنە.
نەچچە يىل ئۆتتى كۈنۈم مىسالى دوزاختا قان ئىچىپ،
يوقكى لوتفىڭ ئول ۋۇجۇدۇڭ تاشتا پۈتكەندەك يەنە.
مىڭ خىيال گەر ئەيلىسەم ھەركۈن جىمىدە سەن ھامان،
بىر دىلىمغا مىڭ نەقىش بوپ سەن پۈتۈلگەندەك يەنە.
مەن نىتەي ئى ئىشقى ئاتەش، بىر ستەمكارسەن ئەجەب،
يادلىسام نامىڭنى ئەمما لەززىتى قەندەك يەنە.
جان نىسار ئەيلەپ تېۋىپ چارە قىل بۇ دەردكە سەن،
ئەيلە دەشتى غەم دىلىمنى مىسالى گۈلشەندەك يەنە.

ئول نەزمە تەسىر قىلىپ مەلىكە ماھئۈزاربانۇنىڭ يۈرەك

قاتلىرىغا پىنھان بولغان ئىلگىرىكى ئىشق چوغلىرى قايتا ئوت بولۇپ ياندى، كۆڭۈل كەپتىرى شاھزادە شىرئەلىگە قاراپ تەلپۈندى، ئۇنى مۇنچە دىشۋارچىلىقلارغا گىرىپتار قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇنىڭ بىچارە ھالىغا ھەر كۆز تاشلىغىنىدا ئالتۇن ۋۇجۇدى سىمابتەك ئېرىدى، يۈرەك - باغرى سەكپارە بولدى. ئاخىر زۇمرەت تەختىدىن چاچراپ تۇرۇپ پەرۋانىدەك ئېتىلدى، شاھزادە شىر ئەلىنىڭ كۈلپەت چاڭلىرى قونغان بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ شۇنداق دېدى:

— ئەي ئىنتىزارىم، بۇ ھالغا چۈشۈپ قالارىڭنى بىلمەپتىمەنكى ماڭغان قەدەملىرىڭگە جان پىدا قىلار ئىدىم، بار - يوقىنى ساڭا بېغىشلار ئىدىم. ھېلىھەم مۇرادىڭ ھاسىل قىلايكى، ۋۇجۇد گۆھىرىڭ رىيازەت چاڭلىرىدىن تازىلانسۇن مەن ھەم تا ئول ۋاپادار دوستۇڭنى كۆرگۈچە سېنى كۈتكەنىدىم.

شاھزادە شىرئەلى جان - جىگىرىدىن چىقىرىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

خۇش نەزەر ئەيلەپ ئۆتەرسەن بىرلەھزەگەر ياشناپ يۈرەك،
بىر تىلەك غۇنچىسىدە لوتفىڭ ئاچقۇسى مىڭلاپ پورەك.
ئۇ سوقار كۆكرەك قەپىسى ئۆز جامالىڭ تەۋقىدە،
پىكرىدۇ: «ئول يار ۋەسلىدىن ئىزدەبان ئوچماق كېرەك».

ئارقىدىن ئۇ يەنە بىخۇد بولدى، دىلئۇزارى بىسەرەمجان بولۇپ، دەرھال ياقۇت جامدا گۈلئاپ كەلتۈرۈپ يۈزىگە پۈركىدى، شۇ ھامان بىر كارامەت يۈز بەردىكى شاھزادە شىر ئەلىنىڭ كۆكسىگىچە چۈشكەن ساقال - بۇرۇتلىرى تۆكۈلۈپ، چارلاشقان چاچلىرى قۇندۇزدەك قارىداپ، جامالى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ ئېچىلدى. يۇمران قاپقارا بۇرۇتلىرى ئەمدىلا

خەت تارتقان، ئاجايىپ خۇش چىراي، خۇش قامەت يىگىرمە ياشلاردىكى يىگىتلىك ھالىتى زاھىر بولدى، گويا چەرخى پەلەك كەينىگە چۆرگىلەپ، زامان ئۇتتۇز ـ قىرىق يىللارچە كەينىگە سۈرۈلگەندەك بىر ھادىسە زاھىر بولدى، بۇنى كۆرگەن مەلىكە ماھئۇزاربانۇنىڭ بىر ئىشقى مىڭ بولۇپ، ۋۇجۇد نىھالىدا شاد-لىق گۈللىرى پورەكلەپ ئېچىلدى، جان ۋە دىل رىشتى شاھزادە شىرئەلىگە چېكىلدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز بۇ ئىشلاردىن بىيار خۇرسەن بولۇپ، دېدىكى:

— ئەي شاھزادە شىرئەلى، ئەي پەرىلەر مەلىكىسى، ۋىسال بەختىگە مۇشەررەپ بولغان سائادەتمەنلەر، ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار، ئىشلىرىمنى داۋام قىلۇرمەن. مەلىكە ماھ-ئۇزاربانۇ دېدى:

— تەخىر قىل، ساڭا تەشەككۇر ئېيتىشقا پۇرسەت بول-سۇن، خىزمىتىڭدە بولۇپ، يېتەرلىك بولمىسىمۇ مىننەتدارلى-قىمىزنى بىلدۈرۈۋالايلى، ئاندىن سەن بىلەن شاھزادە ئەكپەرنى ۋىسال بەختىگە ئېرىشتۈرمەك ۋە مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ جان تۇتىسىنى تاپماق يولىغا قەدەم قويايلى.

— ئاز ۋاقىت تەخىر قىلاي، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئە - زىز، — ئاندىن تەنھا يولغا سېلىڭلار، سىلەرنى ۋىسال بەزمى-سىدىن بىۋاقىت تارتىپ چىقىشنى خالىماسمەن.

شاھزادە شىرئەلى بىلەن مەلىكە ماھئۇزاربانۇ ئۇنىڭ قەت-ئىيلىكىدىن نائىلاج بولۇپ، رازىلىق بىلدۈردى، شاھزادە ئاب-دۇلئەزىز شەنىگە بەزمە ـ زىياپەتلەر ئۇيۇشتۇردى.

ئەمما، شاھزادە ئابدۇلئەزىز زىياپەتتىن كۆرە ئول ئاشىق-مەشۇقلارغا خىزمەت قىلىشنى ئەلا بىلدى، مەلىكە ماھئۇزاربانۇ-نىڭ ئاتىسى ئالدىغا كىرىپ شاھزادە شىرئەلى ئۈچۈن شېرىن سۇخەندان تىلىدىن سۆز دۇردانىلىرى تۆكتى، ئەلچىلىك رەس-

مىنى ئادا قىلدى. شاھپەرى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، قىرىق كىچە - كۈندۈزلۈك تويغا پەرمان بەردى، پەرىلەر قائىدىسى بىلەن توينى تاماملاپ، مەلىكە ماھئۈزاربانۇنى شاھزادە شىرئەلىگە نىكاھلاپ بەردى.

قىرىق كۈن ئۆتتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئاپەتى جاھان شەھىرىگە ئالدىرىدى، مەلىكە ماھئۈزاربانۇ ئەمدى تۇتۇپ قالالماي ئاخىر شاھپەرىدىن ئىجازەت ئېلىپ ھەممىسى بىللە سەپەرگە ئاتلاندى. قىرىق پەرى بىللە يولغا چۈشتى ۋە ئاجايىپ مۈشكۈل، خەتەرلىك مەنزىللەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ دۈبىئى مەسكۈنغا قەدەم باستى. ئاندا شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— ئەي مەلىكە ماھئۈزاربانۇ، ئەمدى ئايرىلار ۋاقتىمىز بولدى، شاھزادە شىرئەلىنى ئۆز مەملىكىتىگە ئېلىپ بېرىڭ، قوۋم - قېرىنداشلىرى تېخى ھايات بولسا دىدارلاشقاي، جۇدالىق دەردىدىن پارىغ بولسۇن.

شاھزادە شىرئەلىگە بۇ سۆز كۆپ يېقىملىق بىلىندى. چۈنكى قوۋم - قېرىنداشلىرىنى كۆرمەك، ۋەتەن تۇپرىقىنى كۆزىگە سۈرمەك ئۈچۈن بىيار تەقەززا ۋە تەشنا ئىدى ئەمما شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى تەنھا ئاپەتى جاھان شەھىرىگە يولغا سېلىشتىن كۆڭلى ئەندىشىلىك بولۇپ، بىللە بارماق پىكرىدە بولدى، مەلىكە ماھئۈزاربانۇ ھەم شۇ پىكىردە بولدى بىراق شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ ئۇلارنى گۈلشەنى ئاباد شەھرىگە سايە قىلدى، ئاقىۋەت مەلىكە ماھئۈزاربانۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ يىگىرمە پەرىنى شاھزادە ئابدۇلئەزىزگە ھەمراھ بولۇشقا ئەمر قىلدى.

ئايرىلىش ئالدىدا شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— ئەي پەرىلەر مەلىكىسى، قارا دېۋە غارىنى قايدىن ئىزدىسەم بولار؟

— ئەي شاھزادە، — دېدى مەلىكە ماھئۈزاربانۇ، —

قارا دېۋە غارى زۇلمەتتۇر. ئاندا بارماق سىزگىلا ئەمەس بىز پەرىلەرگىمۇ بىئىمكاندۇر، ئول جايى مەنزىل باغۇ ئىرەمدىن يەنە قىرىق يىللىق يىراقلىقتا بارماق ئىستىكىدىن يانسىڭىز باغۇ ئىرەمگە قايتقىنىمدا بىللە كېتەيلى، ئاندا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلغايمىز.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز خەيرلىشىپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغانلاردىن بەش پەرى ئاۋۋال نەقىشى جاھان شەھىرىدىن شاھزادە ئەكپەرنى ئېلىپ كەلدى، شاھزادە ئابدۇل-ئەزىز ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ دىدارلىشىپ ھال - ئەھۋاللاش-تى، ئاندىن پەرىلەر ئۇلارنى بىر ئالتۇن تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ ئاپەتى جاھان شەھىرىگە ئېلىپ باردى، ئىككى شاھزادە شەھەرگە كىردى، كۆردىكى شەھەر خەلقىنىڭ ھالى خاراب، كۆڭلى پەرى-شان، تۆمۈر شاھنىڭ زۇلمى - ستەمكارلىقىدىن بىچارە بوپتۇ.

شاھزادىلەر ئوردىغا يەتتى، تۆمۈر شاھ قەسرىگە كىردى. تۆمۈر شاھ شاھزادە ئەكپەرنى كۆرۈپلا سوئال قىلدى:

— ئەي شاھزادە قويغان شەرتىمنى ئورۇنداپ كەلدىڭمۇ ياكى ئۆلۈم سوراپ كەلدىڭمۇ؟ شاھزادە ئەكپەر دېدى:

— شەرتىڭنى ئورۇنداپ كەلدىم، بۇرادىرىم مەن ئۈچۈن سوئاللىرىڭغا جاۋاب قىلغۇسى.

تۆمۈر شاھ ئەمدى شاھزادە ئابدۇلئەزىزگە يۈزلىنىپ دېدى-كى:

— ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭ، سوئالىمغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب قىلمىساڭ سېنى ھەم ئۇنىڭغا قوشۇپ دارغا ئاسارمەن، رازىمۇ سەن؟

— رازىمەن.

— قېنى جاۋاب بەرگىن، — دەپ سوئال قويدى تۆمۈر شاھ:

بارسا كەلمەس چۆل ئاتالغان بىر ماكان،

ئاندا بارغاندىن ھېچ بىرى ساق قايتمىغان.
ئېيت نە ھېكمەت، سىرى پىنھان بار ئىكەن،
نە سۈپەت تىلسىم بالالار يار ئىكەن؟

شاھزادە ئابدۇلئەزىز جاۋاب بەردى:

بارسا كەلمەس چۆل ئاتالغان ئول ماكان،
ئاندا بارغاندىن بىرى ساق قايتمىغان.
قايتمىغاننىڭ بارچىسى كەم ئەقىلدۇر،
ئەقىلگە شاھ مىسالى شەيتان نەپسىدۇر.
ئاندا باركەن جان قۇشقا ئۈچ تۇزاق،
ئاندا بارغانلار يولىغا ئول توسۇق.
بىرىنى دەر «خەزىنەئى جاۋاھىرات.»
كىم ھەۋەس قىلسا ئېيتار پەندىيات.
بىرى «رەنائى جاھان قەسرىدۇر»،
كىرسە چىقماس بىر ھالاكەت گۆرىدۇر.
بىرىنى دەر «تەختى خاقانى جاھان»،
ئاندا ئولتۇرغان قىلاركەن تەركى جان.

تۆمۈر شاھ سورىدى:

— ئاندا بارغانلار تىرىك قايتماسكەن، سەن قانداقسىگە ئامان قالدىڭ؟

شاھزادە ئابدۇلئەزىز تىلسىم بالالىرىنى بەربات قىلغىنىنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلدى ئەمما تۆمۈر شاھ زىنھار ئىشەنمىدى، بەلكى ئۇلارنى يالغانچىلىقتا ئەيىبلىدى ۋە دارغا ھۆكۈم قىلدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ غەزەپ چىنىسى يېرىلىپ:

— ئەي لەنەتكەر، سەندە ئادالەت ۋە ئىنساپ - دىيانەت

نه ئىش قىلسۇن؟ بەلكى ئۆزۈڭ بىر كاززاپ ـ ئالدامچى، يالغانچىسەن، مەلىكەڭنى بەرمەسكە سەۋەب ئىزدەپ بىزنى يالغان-چىلىقتا ئەيىب قىلماقتىسەن، ئەمدى ساڭا ياخشى مۇئامىلە، ياخشى سۆزىمىز يوق، بەلكى زورلۇق بىرلە مەقسەت گۈلىنى ئۈزەرمىز، — دېدى. ئالماس قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، ئۆزىگە چاڭ سالغان جاللاتلارغا تىغ سالدى، شاھزادە ئەكپەر ھەم جاسا-رەت بىرلە دەستىيار بولدى، ئۇلارغا تاقابىل بولماق تۆمۈر شاھنىڭ غالچا ـ ياساۋۇللىرىغا مۇشكۇل بولدى، نەچچىسى جەھەننەم سەپىرىگە ئۇزاپ ماڭدى.

تۆمۈر شاھ ئەسلى بىر سېھىرگەر جادۇگەر ئىدى. سېھ-رىي- جادۇ كۈچىدىن شاھلىق تەختىگە ئېرىشكەن ۋە خالىغاننى قىلىپ زۇلۇم ستەمىنى كەسىپ قىلغانىدى. ئىككى شاھزادىگە ياساۋۇللىرى تاقابىل كېلەلمىگەندىن كېيىن دەرھال سېھرىي ـ ئەپسۇن ئوقۇپ ئاغزىدىن ئوت، بۇرنىدىن زەھەرلىك ئىس-تۈتەك پۈركىدى، قالقانسىز شاھزادىلەرنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالدى، بىراق ئۇل خەتەرلىك پەيتتە ئوردا ئاسمىنىدا ھۆر-پەرد-لەر ھازىر بولۇپ، تۆمۈر شاھنىڭ سېھرىي ـ ئەپسۇنلىرىنى رەت قىلدى. تۆمۈر شاھ چۆچۈپ كېتىپ بىر قارا قاغىغا ئايلاندى-دە، كۆككە پەرۋاز قىلىپ، ئۆزىنى ياقىغا ئالماق بولدى ئەمما پەرىلەر بۇركۇت بولۇپ قوغلاپ تۇتۇپ كەلدى، ئەسلىگە قايتۇ-رۇپ پۇت ـ قوللىرىنى زەنجىر ـ كىشەن بىلەن بەند قىلىپ شاھزادىلەر ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. شاھزادىلەر دېدى:

— ئەي زالىم، ئەمدى نېمە دەيسەن؟ تۆمۈر شاھ دەرھال تىز پۈكۈپ يىلىنىدىكى:

— مەن جازاغا لايىقمەن، ئەمما مەلىكە قىزىمنىڭ ھۆرمى-تىدىن ئەپۇ قىلساڭلار، كاتتا توي ـ تاماشا بىلەن ئۇنى شاھزادە ئەكپەرگە جۈپلەپ گۇناھىمنى يۇيسام نە بولغاي.

شۇ ۋاقىت شاھ ھەرىمىدىن پۇت ـ قوللىرى زەنجىر كىشەن-

لەنگەن مەلىكە نادىرەبانۇ چىقىپ دېدىكى:
— ئەي شاھزادىلەر، ئول بەدنىيەت نابكارنى تەخىرسىز جەھەننەمگە ئۇزاتقايسىزلەر، ئەل زالىمغا رەھىم قىلماق ئاجىز-لارغا زۇلۇم قىلماققا باراۋەردۇر. ئەمدى شاھ يېلىنىپ دېدى:
— ئەي جىگەر پارەم، ئاتائىغا قىلچە مېھرىڭ يوقمىدۇر، ئاتا - بالىلىقىمىز ھەققى - ھۆرمىتى جېنىمغا ئارا تۇرغىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز خاھىشىڭ بويىچە بولغاي.
— سەن ئاتام ئەمەسسەن، — دېدى نادىرەبانۇ غەزەپلى - نىپ، — بەلكى بەخت - ئىقبالىمىزنىڭ دۈشمىنىسەن، ئەي شاھزادىلەر، ئول بەدنىيەت مەرھۇم ئاتام ھايات ۋاقتىدا ۋەزىر ئىدى، ئاتام قازا قىلغان ھامان ئانامنى زورلۇق بىرلە ئالدى. شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. سېھىرىي - جادۇسىدىن ئەندىشە قىلىپ ھېچ كىشى توسۇپ قالالمىدى ئەمما قانائەت قىلماي بويۇمغا يەتكەندە ماڭا كۆزى چۈشتى. ئانامنى خارلاپ، مېنى ئۆزىگە خوتۇن قىلماق قەستىگە چۈشتى. ئۆز ئاتام بولسا ئۇنداق گۇناھلىق ئىشنى ھەرگىز قىلماس ئىدى. رەت قىلغاندىن كې-يىن غەزەپ قىلىپ دېدى: «ئۆزۈمدىن باشقا ئەر زاتىغا يولۇق-تۇرماسمەن» دەپ شۇنىڭدىن بېرى كەلگەن ئەلچىلەرنى نائۇمىد قويدى، سوۋغا - سالامسىز كەلگەنلىرىنى ئۆلتۇردى. كۆپلىگەن بىگۇناھلارنىڭ قان - قەرزىگە بوغۇلدى، ئول مۇناپىقنى دەرھال ئۆلتۇرمەك كېرەك. شاھزادە ئەكپەر دېدى:
— ئول كۆڭۈل تەختىمنىڭ سۇلتانى پەرمان قىلغانىكەن دەرھال ئىجرا قىلمىقىم كېرەك، — دەپ تۆمۈر شاھنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇردى، جاھاننى بىر ناپاك ئىپلاستىن تازىلىدى.
شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە ئەكپەر مەلىكە نادىرەبانۇنى ئې-لىپ ئۆز شەھىرىگە يانماق ئىستىكىدە بولدى، شاھزادە ئابدۇل-ئەزىز پەرىگە ئۆلارنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويماقنى ئەمر قىلدى.

شاھزادە ئەكپەر دېدى:

— ئەي نىجاتكار دوستۇم، بىز بىلەن بىللە بارساڭ تويـ-مەرىكىمىز قۇتلۇق قەدەملىرىڭدىن شادلىققا چۆمسە، خىزمىتىڭـ-دە بولۇپ، تەشەككۇرىمىزنى بايان قىلماققا پۇرسەت بەرسەڭ نە بولغاي. شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— دوست ئىكەنمىز قىلغان ياخشىلىققا تەشەككۇر ئېيتماق بىھاجەت، ئىجازەت قىلغىنىكى ئەمدى ئۆز ئىشىمغا مەشغۇل بو-لۇپ، گۈل ئۇزارىمنى چېكەمگە تاقاي، ماڭا دەقىقە ۋاقىتمۇ غەنىيمەتتۇر.

شاھزادە ئەكپەر ئامالسىز خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى، ئەھلى شەھەر يىغىلىپ تەنتەنە ۋە شاد ناخشا - ناۋالار ئىچىدە شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى بېشىدا كۆتۈرۈپ تۆمۈر شاھتىن ئالغان تەختكە ئولتۇرغۇزماق بولدى. ئەمما، شاھزادە ئابدۇلئەزىز رەت قىلدى، دانىشمەن، ئادالەتپەرۋەر، ديانەتلىك بىر كىشىنى تې-پىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇشنى تەۋسىيە قىلدى، شۇنداق تالاش-تارتىش قىلىشىپ تۇرار ئىدى. پەرىلەر ھازىر بولۇپ، ئۇنى زەر تەخت ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆككە پەرۋاز قىلدى، كۆرگەنلەر ھاڭۋېقىپ قارىشىپ قالدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز پەرىلەرگە ئەمر قىلدى:

— مېنى ئەۋلىيا زاھىتنىڭ جايىغا ئېلىپ بېرىڭلار، — دەپ.

پەرىلەر كۆرسەتمە بويىچە ئۇنى دېگەن مەنزىلگە يەتكۈزدى، ئاندىن باغۇ ئىرەمگە قايتىشتى. ئاندا زاھىت شاھزادە ئابدۇلئە-زىزنى خۇشال كۈتۈۋالدى ۋە سورىدى:

— ئەي ئوغلۇم، نى سەۋەبلەردىن يەنە مۇندا كېلىپ قالدىڭ؟ شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— ئەي رەھنامايىم، يەنە ئۆزلىرىنىڭ توغرا يولغا باشلاپ قويماقلىرىنى ئۈمىد قىلىپ كەلدىم.

ئاندىن ئۇ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى، مەلىكە شاھخۇ-
بانىبانۇنىڭ جان تۇتىسىنى قارا دىۋە غارىدىن ئېلىپ كەلمەك
يولىنى سورىدى. ئەۋلىيا زاھىت دېدى:

— ئاجايىپ جەسۇر ئوغلان ئىكەنسەن، بىھېساب مۇشكۇل
بىر ئىشقا ئىرادە كەمىرىنى باغلاپسەن. قارا دىۋە غارى زۇلمەت-
تۇر، ئاندا بارماق ئۇچۇن يەتتە ئىقلىمدىن ئۆتمەك كېرەكتۇر.
ئۇلار سۇ، ئوت تۇپراق، بوران، قان، سىماب ۋە زۇلمەت
دەريالىرىدۇر، ئۇلاردىن ئۆتۈشكە باغۇ ئىرەم پەرىگە نېسىپ
بولمىغان يەردە ساڭا مۇمكىنچىلىك بولارمۇ.

— ئەي ئەۋلىيا زاھىت ئاتا، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئە-
زىز يىپلىنىپ، — قارا دىۋە مەلئۇنغا ئىمكان بار ئىكەنۇ، ماڭا
نە ئۇچۇن يوقتۇر، ئاندا بارماي ۋە مەقسەت تۇتىسىنى قولۇمغا
قوندۇرماي تۇرۇپ ماڭا ئاراملىق بولماس، بىر ئىلاج قىلسىلا.

ئەۋلىيا زاھىت ئويغا چۆمۈپ ئاخىر دېدىكى: — بەزى
مۇشكۇلات قۇلۇپىغا ئاچقۇچ ئۆزۈڭدە بار ئىكەن، يەنە مەندىن
سورارسەنمۇ؟ شاھــزادە ئابدۇلئەزىز سورىدى:

— دىلىمنىــڭ نۇرلۇق چىرىغى ئىلىم - ھېكمەتنى دې-
مەكچىمۇ سىلى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى زاھىت كۈلۈمسىرەپ.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز خۇش بولۇپ ئىلگىرى ياسىغان قانات-
لىق ئاتتىن يەنە بىرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەك بولدى بىراق زاھىت
ماقۇل كۆرمەي:

— ئاقار يولتۇزدەك تېز سۇرئەتتە ئۇچىدىغان ۋە سېنى
ھەرنە خەتەر - مۇشكۇلدىن ئامان ساقلايدىغان بىرنەرسە پەيدا
قىل، — دېدى مەسلىھەت بېرىپ.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ توققۇز كۆن تە-
پەككۇر ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدى، يەنە توققۇز كۆن سەرپ ئېتىپ
ئاق قەغەزگە ياسىماق بولغىنىنىڭ ئەندىزە - سخېمىسىنى مۇ-

ھەييا قىلدى.

شۇل ۋاقىت يىگىرمە پەرى بىلەن شاھزادە شېرئەلى، مەلىكە ماھئۈزاربانۇلار ئاندا ھازىر بولدى.

سالام - سەھەتتىن كېيىن شاھزادە ئابدۇلئەزىز سوردى:

— قايدىن كەلدىڭىزلەر ۋە قايان ماڭارسىزلەر؟

— گۇلشەنى ئابادتىن كېلەرمىز، — دېدى شاھزادە شېرئەلى جاۋابەن، غەمگۈزار ئاتام ۋە مېھرىبان ئانام ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ، قالغان قوۋم - قېرىنداش، دوست - بۇرادەرلىرىم بىلەن دىدارلاشتۇق، ئاندىن يەنە باغۇ ئىرەمگە قايتماق بولدۇق، يول ئۈستىدە ھال - ئەھۋالىڭىنى بىلمەك ئۈچۈن ئىزدەپ يۈرۈپ سىزنى مۇندىن تاپتۇق.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز خۇرسەن بولۇپ ئايرىلغاندىن بۇيانقى ئەھۋاللارنى بايان قىلدى، مەلىكە ماھئۈزاربانۇ دېدى:

— ئەمدى بىز بىلەن باغۇ ئىرەمگە بېرىڭ، ياسىماق بولغىنىڭىزغا كېرەكلىك ھەممە جابدۇقلارنى ئاندا ھازىر قىلايلى.

ئەۋلىيا زاھىت ھەم شۇنداق قىلىشنى ماقۇل كۆردى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز يولغا چىقىشقا تەمشەلدى، زاھىت ئۇنى توختىتىپ قويۇپ دەرھال گۇمبىزىگە كىرىپ، بىر ئالتۇن دەستىلىك كۈمۈش قىلىچنى ئېلىپ چىقتى - دە:

— بۇ قىلىچنى ئۆزۈڭدىن ئايرىما، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئەزىزگە سۇنۇپ، — قارا دىۋە بىلەن جەڭ قىلىشقا كېرەك بولار.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز تەشەككۇر ئېيتىپ قوبۇل قىلدى. خوشلىشىپ شاھزادە شېرئەلى بىلەن تەختكە ئولتۇردى، پەرىلەر تەختنى كۆتۈرۈپ كۆككە پەرۋاز قىلدى. قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ ئاجايىپ كەڭ ۋە دەھشەتلىك دولقۇنلىنىپ ئېقىۋاتقان بىر ئەزىم دەرياغا دۇچ كەلدى. دەريادىن ئاجايىپ - غارايىپ مەخلۇ-

قاتلار ئۇچۇپ چىقىپ ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلارنىمۇ يال-ماپ يۈتار ئىدى.

شاھـزادە ھەيـران بولۇپ مەلىكـە ماھئۇزاربـانۇدىن سو-رىدى:

— ئىلگىرى مۇنداق دەريا يوق ئىدى، ئەمدى قايدىن پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟ مەلىكە ماھئۇزاربانۇدىن:

— شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۈچ تىلسىم قۇدۇقنى بەربات قىلغاندىن كېيىن نامى دىۋە - پەرى، جىنلار قوۋمى ئىچىگە پۈركەتتى، ھەممىگە قورقۇنچ سېلىپ بىر زىلزىلە پەيدا قىلدى، شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئادەمزات ئىلىدىكى باھادىرلارنىڭ يەنە كې-لىپ، پاراكەندە قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەرپا قىلغان توسۇق — يەنە بىر تىلسىم بالاسى بولسا كېرەك.

— ئۇنىڭدىن قانداق ئۆتەرمىز، — دېدى شاھزادە شىر-ئەلى مەيۇسلىنىپ.

— بۇنىڭ تەدبىرىنى بىز قىلىمىز، — دېدى مەلىكە ماھئۇزاربانۇ.

ئاندىن ئۇ ئەڭ كۈچ - قۇۋۋەتلىك تۆت پەرىگە تەختنى كۆتۈرۈپ، بار ئىمكانىچە ئېگىزدىن ئۇچۇشقا، قالغانلىرىنى جە-زىرە يۈزىدە ئۇچرىغان يوغان قورام تاشلارنى تېرىپ ئېلىپ ئـۇچۇشقا پەرمان قىلـدى، پەرمان تەخىرسىز ئىجـرا بولـدى، تاشلار سېھرىي - ئەپسۇن بىلەن قوي - كالا سۈرەتكە كىرگۈ-زۈلدى.

ئۇلار شۇ ھالەتتە ئۇچۇپ دەريا ئۈستىگە يەتتى، شۇ ھامان دەريادىن بەدھەيۋەت، بەتبەشىرە سۇ مەخلۇقاتلىرى ئوخچۇپ چىـ-قىپ ئۇلارنى يۇتۇپ كەتمەك قەستىگە چۈشتى، پەرىلەر دەرھال قوي - كالا سۈرىتىدىكى تاشلارنى ئۇلارنىڭ غاردەك ئېغىزلىرىغا تاشلىدى، شۇ يول بىرلە بۇ بالادىن خالاس بولدى. ئۇلار تاشلىـ-غاننى چىشلىگەن سۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ خەنجەردەك چىشلىرى

سۇندى، قايتا خىرىس قىلالمىدى، بەلكى زەئىپلىشىپ، باشقا سۇ مەخلۇقاتلىرىغا يەم بولدى، نەپسى بالاسى تۇپەيلى جاندىن جۇدا بولۇشتى.

پەرىلەر ئاخىر ئول دەريائى ئەزىم تىلسىماتتىن ساق - سالامەت ئۆتتى، قالغان سەپىرى ھەم ئوڭۇشلۇق بولۇپ باغۇ ئىرەمگە يەتتى، شاھپەرى ئېسىلزادە پەرىلەر بىلەن ئۇلارنى قارشى ئالدى، كاتتا بەزمە - زىياپەتلەر قىلدى.

ئەمما، شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ پىكىر - خىيالى زۇلمەتكە بېرىشتا قالغاچ، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا شاھپەرىگە كېرەكلىك جابدۇقلارنى ھازىرلاپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلدى. شاھپەرى دەرھال ئۆز تەۋەسىدىكى ھۇنەرۋەن ئۇستىلارنى يىغىپ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئۈچ كۈن ئىچىدىلا كۈتكىنىدىن ياخشىراق ھالدا كېرەكلىك جابدۇقلارنى ھازىرلىتىپ بەردى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز دەرھال ئۇلارنى قۇراشتۇرۇپ، پات پۇرسەتتە قوش قاناتلىق ۋە بېلىق سۈرەتلىك بىر مۆجىزات بەرپا قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرغان كىشىگە ھېچ خەتەر - مۇشكۇل كار قىلماس ئىدى، كۆرگەنلەر ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ئاپىرىن ئېيتتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز زۇلمەت يولىغا ئالدىرىدى.

شاھپەرى ئۇنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ دېدىكى:

— قارا دېۋىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئالدىدا بىز پەرىلەرمۇ ئاجىز ۋە ئۆزگە جىن - دېۋىلەرمۇ بىئىلاجدۇر. بىيار خەتەرلىك سەپەرگە ئاتلاندىڭىز، زىنھار ئالدىراقسانلىق قىلمىغايسىز، ھەر ئىشتا ئەقىل - ئىدراكىڭىزنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش كۆرگەيسىز، قارا دېۋە غارى زۇلمەتكە كىرىدىغان ئېغىزدۇر، ئاندا قۇياش، يۇلتۇزدىن دېرەك يوق، يورۇقلۇققا موھتاج بولۇرسىز، ئالدى بىلەن مەلىكە شاھخۇبانىبانۇنىڭ مۇبارەك تەنلىرى قويۇلغان تەختگاھ قېشىغا بېرىڭ، قۇياشتەك نۇرلۇق ئاق گۆ-

ھەرنى ئېلىڭ. زۇلمەت دىيارىدا نۇر ۋە ئىسسىقلىق بەخش ئەتكۈسى ئەمما ئاگاھ بولۇڭكى گۆھەر قولدىن كەتمىسۇن، قول-دىن كەتسە بارچە قىلغان ئەجرىڭىز بىكار بولغاي.

شاھـزادە ئابـدۇلئەزىز ماقۇلـلۇق بىلدۈرۈپ ئاندىن سو-رىدى:

— مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ تەختگاھى قېشىغا ئەمدى قان-داق بارارمەن؟

— ئول تەختگاھ رەنايى جاھان قەسرى تىلسىمى ئاستىدى-كى بىر بوشلۇقتا ئىدى، كىرىش ئېغىزى يەر - يۈزىدە كۆرۈن-مەس ئىدى، ھۆكۈمالىرىمغا پەرمان قىلاي، قايدا ئىكەننى بى-لىپ بەرسۇن.

— ئەي كەرەملىك شاھ ئالىيلىرى، ئىلتىپاتلىرىغا سۆ - يۈنەرمەن، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئەزىز مىننەتدار بولۇپ.

شاھپەرى دەرھال ھۆكۈمالىرىنى ئوردىغا يىغىپ پەرمان قىلدىكى:

— «رەنايى جاھان قەسرى» تىلسىمى بەرپا قىلىنغان يەر ئاستى دۇنياسىنىڭ كىرىش ئېغىزىنى تېپىڭلار، — دەپ.

ھۆكۈمالار جاۋاب قىلدىكى:

— ئەي شەۋكەتلىك شاھ ئالىيلىرى، بارچە دىۋە - پەرى جىنلار تائىپىدىكى ھۆكۈمالار يىغىلىپ سېھرىي - ئەپسۇن ۋە قىسمەت كۈچىمىزنى ئىشقا سېلىپ، زۇلمەت يولىدىكى شۇ ئېقىندىن بىر تارام ئېقىن باشلاپ كېلىپ ئادەمزات دۇنياسى بىلەن ئارىلىقىمىزغا توسۇق پاسىل قىلغاندۇق. بۇنىڭ بەرپا قىلىنغىنىغا ئەللىك تۆت كۈن بولۇپتۇ، يەر ئاستى دۇنياسىغا كىرىش ئېغىزى ئول ئېقىن ئاستىدا قاپتۇ. شاھپەرى دېدى:

— ئول ئېقىننى قۇرۇتۇپ ۋە ياكى توسۇپ ئېغىزنى ئاشكارا قىلىڭلار.

— ئەي كەرەملىك شاھ ئالىيلىرى، — دېيىشتى ھۆ -

كۇمالار، — بىر ئېغىزدىن ئەپۇ سورايمىزكى، ئىلگىرى
3600 هۆكۇما ئول دەريائى ئەزىمنى مىڭ مۇشەققەتتە بەرپا
قىلغاندۇق. بارچە سېهرىي - ئەپسۇن ۋە هېكمەت كۇچىمىزنى
ئاندا سەرپ ئەتتۇق، ئەمدى ئول هۆكۇمالاردىن ئۇچتىن بىرىمىز
هازىردۇرمىز، جىن - دىۋە تائىپەلىرىدىن بولغانلار يۇرت -
ماكانلىرىغا تارقاشتى، ئول دەريائى ئەزىمنى قۇرۇتماق ياكى
توسماققا ئەمدى هەقتائالادىن ئۆزگىسى بىئىلاجدۇر.
— قالغان هۆكۇمالارنىمۇ تەكلىپ قىلىپ يىغايلى، بىر-
لىشىپ، بىر تەدبىر قىلىڭلار، — دېدى شاهپەرى يەنە.
— ئول دەريائى ئەزىمنى بەربات قىلماسلىققا ئەهدى -
پەرمان قىلغاندۇق. ئەهدىمىزگە بىۋاپالىق قىلىپ بولماس،
بولمىسا ئارىمىزدا تۇگىمەس جەڭگى - جېدەل ئۇرۇقى چېچىل-
غاي، دەريائى ئەزىم توسالىغان تەقدىردىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز
ئاپەت ئۇستىمىزگە يۇزلەنگەي.
شاهپەرى تەڭلىكتە قالدى. ئاندا شاهزادە ئابدۇلئەزىز
دېدى:
— ئەي كەرەملىك شاه ئالىيلىرى، زىنهار پەرىشان بول-
مىغايلا، مەن ياسىغان قاناتلىق بېلىق سۇرىتىدىكى ئول كەشپى-
يات دەريا - دېڭىزلار ئاستىغا كىرىشكە هەم قادىر.
— ئانداق بولسا بىز كىرىش ئېغىزىدىن بەلگە بېرەيلى،
— دېدى هۆكۇمالار، — تەۋەككۇل دەرياسىدا بىر ئۇزۇپ
بېقىڭ. شاهپەرى دېدى:
— ئاندا خەتەرگە دۇچ كەلمەسمۇ، — ئول كەشپىيات
ئالتۇن - كۇمۇشتىن پۇختا ياسالغانىكەن. خەۋپ يەتمەس، —
دېدى هۆكۇملار
شاهپەرى رازىلىق بەردى. هۆكۇمالار شاهزادە ئابدۇلئەزىزنى
ئېلىپ دەريا ياقىسىغا راۋان بولدى. مەلىكە ماهئۇزاربانۇ هەم
شاهزادە شىرئەلى هەم بىللە ماڭدى. دەريا قېشىغىمۇ يەتتى،

ئول دەرياغا يىراقتىن قارىغان كىشىنىڭمۇ، دەھشەتتىن يۈرىكى تىترەر ئىدى، مەگەر قورققاق بولسا يۈرىكى يېرىلىپ، جان تۈتىسى تەن قەپىسىنى تەرك قىلار ئىدى.

ھۆكۈمالار بىر مىس ئەينەكنى ھازىر قىلىپ سېھرىي - ئەپسۇن بىرلە دەريا يۈزىگە توغرا قىلدى، ئەينەك يۈزىدە دەريا ئاستى مەنزىرىسى زاھىر بولدى. بىر چاغلاردا دەريا ئاستىدا تاۋاقتەك بىر جايدا ئاپتاپ مىسالى نۇر - شولا كۆرۈندى. ھۆكۈمالار دېدى:

— كىرىش ئېغىزى شۇدۇر.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز قاناتلىق بېلىق قارنىغا كىرىپ ئولتۇردى. قالغانلار ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ قالدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز قاناتلىق بېلىقنى ئۆز خاھىشى بويىچە باشقۇرۇپ، ئۇچۇرۇپ دەريا يۈزىگە يەتتى، ئاندىن ھۆكۈمالار بولسا سېھرىي - ئەپسۇن ۋە ھېكمەت كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن ئاسمان - پەلەك داۋالغۇپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريائى ئەزىمنى تىنچىتىشقا ھەرىكەت قىلدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ كۆردىكى، كىچىكلىرى پىلدەك ۋە چوڭلىرى تاغدەك يوغان بەدھەيۋەت سۇ مەخلۇقاتلىرى ھەر تەرەپتە بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ پاراكەندە بولۇپ يۈرۈشۈپتۇ، شۇ ۋاقىت بىر زور مەخلۇقات «قاناتلىق بېلىقنى» دەم تارتتى ئەمما شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئىككى قانىتىنى كېرىپ قويۇۋىدى، گېلىغا كەپلىشىپ قالدى، ئاقىۋەت قەي قىلىپ تاشلىدى ئەمما گېلى ۋە جاۋغايلىرى زەخىمدار بولۇپ قانلىرى دەريا ئىچىنى بىر ئالدى، قان ھىدىنى ئالغان سۇ مەخلۇقاتلىرى ئول تەرەپكە ئولاشتى. قاناتلىق بېلىققا پەرۋا قىلماي بارچىسى زەخىمدار بولغان ھېلىقى زور مەخلۇقاتقا ھەملە قىلىشتى، چىشلەپ - پارىلاپ ۋە بىر - بىرىدىن تالىشىپ -

تارتىشىپ، ھۆكۈمالار ئەمدىلا تىنچىتىپ تۇرغان دەريائى ئەزىمە-
نى ئىلگىرىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە دەھشەتلىكرەك دولقۇنلىتىد-
ۋەتتى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز بولسا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ يە-
نىمۇ چۆكتى، ئىزدىگەن جايىغا يەتتى. قوش قانىتىنى يىغىپ،
شۇ يەردىن تۆۋەنگە تىك شۇڭغۇدى، بىر چاغلاردا ئۆزىنى يەر
ئاستى سارايىدا كۆردى. ئاندا مۆجىزىلەردەك بىر تامچە سۇمۇ
كىرمىگەنىدى، قاناتلىق بېلىقنى ئۇچۇرۇپ مەلىكە شاھخۇبانىبانۇ
ياتقان تەخت قېشىغا يەتتى. زوق ھەۋىسى ئۇرغۇپ چۇمبىلىنى
قايرىپ ھۆسن - جامالىنى يەنە بىر كۆرمەك بولغانىدى، تەخت
تەۋرەپ ئۇنى ئىرغىتىپ تاشلىدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىئىلاج
بولۇپ تۇرغانىدى، بىر ياندىن يەنە قۇياشتەك نۇرلۇق گۆھەر
تاش كۆتۇرۇلۇپ چىقتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۇنى قولغا ئالغا-
نىدى. مەلىكە شاھخۇبانىبانۇ ياتقان تەخت بىلەن قوشۇلۇپ غايىب
بولدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئاھ - نادامەت چېكىپ دېدى:

— ئەمدى ئۇنى قايدىن تاپارمەن. شۇ ۋاقىت بىر سادا
كەلدى:

— جان تۇتىسىنى ئېلىپ قايتقاندا ھازىر بولغاي.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز خاتىرجەم بولۇپ قاناتلىق بېلىق قار-
نىغا كىردى، كەلگەن يولىنى كۆزلەپ يۇقىرىدىن نۇر شولا
چۇشۇپ تۇرغان بىر جايغا يەتتى - دە، شۇ يەردىن يۇقىرىغا
ئۆرلىدى ئەمما دەريا ئىچىدىن ئەمەس، بەلكى بىر لالىرەيھانزار
ئارىسىدىن چىقتى، كۆردىكى رەڭمۇرەڭ لالە گۇللەر ۋە خۇش
پۇراقلىق رەيھانگۇللەر ئارىسىدا بىر زۇمرەت گۇمبەزلىك راۋاق
كۆرۈندى، راۋاقتا ئاجايىپ ساھىبجامال بىر ھۆر پەرى گۇلىيۈزد-
ە شەبنەم مىسالى تامچىلار لىغىرلاپ تۇرغان ھالەتتە كۈمۈش
تارلىق ئالتۇن غۇڭقانى يۇرەكنى ئەزگۇدەك مۇڭلۇق ساداغا كەل-

تۇرۇپ مۇنۇ نەزمىنى ئېيتماقتا ئىدى:

ئۇشبۇ ھىجران دەشتى ئىچرە دىۋانە بولدۇم ئاقىۋەت،
مىسالى دىدارىن تىلەپمەن، سەرسانە بولدۇم ئاقىۋەت،
ئاھ ئۇرۇپ يۇردۇم كېچە ـ كۈندۈزى ھەردەم ۋادەرىخ،
كۆز يېشىم دەرياسىدا دۇردانە بولدۇم ئاقىۋەت.
ھەركۈنۈم چەككەن پىغانلار يەتتى پەلەككە تېزلىكتىن،
بىر ئۈنىڭغا يەتمەگۈنچۈن ھەيرانە بولدۇم ئاقىۋەت.
ئاھ، نىتەي پەيۋەندىمەن، ئافتىبابى تەلئەت يارغەمەن،
تەرك ئېتىپ شادلىقىنى ئۆلىچۈن غەمخانە بولدۇم ئاقى-
ۋەت.
يا بىلۇر، يا بىلمىگەي گەۋھەرى مېھرىمنى ئول،
غەم تىغىدىن باغرى قان پەريانە بولدۇم ئاقىۋەت.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز يۈرەك ـ باغرى سىمابتەك ئېرىپ كۆز ياشلىرى ئۇرغۇپ تېشىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن ندا قىلدى:

— ئەي، نازۇك بارماقلىرىدا جان تارىنى چەككۈچى ھۆر ـ پەرى، ئەي، باغۇ گۈلىستانلارنىڭ شېرىن سۆخەندانى بۇلبۇلى، سەۋر قىلىڭكى قايغۇ ـ نادامەت بۇلۇتلىرى تاراپ، بەخت قۇياشى پارلايدىغان ۋاقىتلار كېلۇر، ھىجران تۈنلىرى تاماملىنىپ ۋىسال تاڭلىرى ھەم يېتىپ كېلۇر.

ئول پەرى شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ نىداسىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە راۋاقتىن چۈشۈپ سوئال قىلدى:

— ئەي يېگانە كىشى، لالەزارىمغا قايدىن ئۈنگەن شۇمبۇياسىز، ئارامىمنى بۇزماققا قايدىن جۈرئەت قىلدىڭىز؟ شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— نى سەۋەبتىن مېنى لالەزارىڭىزغا ئۈنكەن شۇمبۇيا

بىلەرسىز، دىلىڭىزگە شىكەستە يەتكۈزگۈدەك رەنج ئۇقلىرى ئاتمىغانىدىمغۇ، مېنى سورىسىڭىز مەلىكە شاھخۇبانۇبانۇنىڭ مۇ-بارەك تېنى قويۇلغان تەختگاھ يېنىدىن كېلەرئىدىم، ئۇل يەر ئاستى سارايدىن يەر ئۈستىگە چىقماقنى ئىستەر ئىدىم. ئەجەبكى ئۇشبۇ لالە ـ زارغا چىقىپ قالدىم. ئۇل گۇلرۇخسار ئورۇنسىز ئەيىب قىلغىنىدىن خىجىل بولۇپ:

— ئەي يېگانە يىگىت، ئەيىپ كۆرمەڭكى كۆڭلۈم پەـ-رىشـانـدۇر، ھال ـ ئەھۋالىم خارابتۇر. شۇ سەۋەبتىن تىكەنـ-لىك سۆزلەر بىلەن سىزنى نارازى قىپتۇرمەن. شاھزادە ئابدۇلـ-ئەزىز دېدى:

— تەقدىرى قىسمەت شامىلىدا شەمشى جاھان مەملىكىتىـ-دىن دېۋە ـ پەرىلەر ئىلىكىگە ئۇچۇپ كەلگەن خازانمەن، شاھ ئاتامنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن سەرسانلىق دەشتىگە ئاتلانغانمەن، تاسادىپىي پەيدا بولۇپ ئارامىڭىزنى بۇزغىنىم ئۈچۈن قىلغان سۆزىڭىز ئارتۇقلۇق قىلماس، بىلگىم كېلۇركى نى سەۋەبتىن شۇنداق مۇڭزار قىلۇرسىز؟ سىزدەك ساھىبى گۇلرۇخسار پەرىـ-گە قايغۇ ـ نادامەت زەنجىرىنى كىشەن قىلىپ، غەم زىندانىغا تاشلىغان تاش يۈرەك زالىم كىمدۇر؟ ئۇل زىبا چېھرى ئېيتتى:

— ئەي شاھزادە، سىرىمنى پىنھان تۇتار ئىدىم، مۇڭزا-رىمنى لالىرەيھاندىن ئۆزگىگە ئاڭلاتماس ئىدىم. شۇ سەۋەبتىن بۇ خىلۋەتگاھىمنى ماكان قىلغان ۋە تەنھالىقنى ئىختىيار قىلغا-نىدىم. ئەمما، بىۋاقىت ھازىر بولۇپ ھالىمدىن خەۋەردار بولدـ-ڭىز ئەمدى سىر دۇردانىلىرىنى پىنھان قىلماق بەسى مۇشكۇل، باشقىلارغا ئاشكارا قىلماڭكى، بىلمەك بولغانلىرىڭىزغا جاۋاب قىلىپ، نا ئۈمىد قالدۇرماي چۈنكى ۋۇجۇد گۆھىرىڭىزدىن پەزىلەت ۋە جاسارەت نۇرلىرى جىلۋە قىلىپ تۇرىدۇ. شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— زىنھار سىرىڭىزنى ئاشكارا قىلماسمەن، بەلكى جان

گۆھىرىمدەك بىلىپ ساقلارمەن.
— ئەي شاھزادە، — دېدى ئۇل نازىنىن ھال - ئەھۋالى-نى بايان قىلىپ، — مېنى سورىسىڭىز گۇلىستان مەملىكىتى شاھىنىڭ كەنجى مەلىكىسى، يۇرەك پارىسى مەلىكە لالەدۇر-مەن، بىر چاغلاردا كېنىزەكلىرىم بىلەن سەيلە - تاماشىدا يۈرەر ئىدىم. گۇللەرنىڭ خۇش ھىدلىرىدا مەست بولۇپ، كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كەلدى، كېنىزەكلىرىمنى چەتلەشتۇرۇپ چىمەنزارغىلا باش قويدۇم، ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولدۇم، شۇ ۋاقىت بىر چۇش كۆردۈمكى، ئاسماندا بىر خۇش قامەت، ئاپتاپى تەلئەت بىر يىگىت زاھىر بولدى، بىر كۆرۈپلا كۆڭۈل كەپتىرىم ئۇنىڭ-غا تەلپۈندى.
شۇ ۋاقىت ئۇ شېرىن سۇخەندانىدىن سادا كەلدى: — ئەي نازاكەت گۇلشەنىنىڭ گۈلى - رەناسى، مەن بىلەن كېتىشنى خالارسىزمۇ؟
ئەقىل - ھوشۇمنى ئۇنىڭغا تارتقۇزۇپ قويغاندەك تىلىم ئىختىيارسىز بۇ سۆزگە كەلدى، — جان - دىلىم بىلەن خالارمەن، — دەپ.
يىگىت خۇش بولۇپ قېشىمغا چۈشتى ۋە قولۇمدىن تۇتۇپ كۆككە پەرۋاز قىلدى، بىر ئاق بۇلۇتقا ئولتۇرغۇزۇپ يۈرۈپ كەتتى، سۇرئىتى ئاقار يۇلتۇزدەك ئىدى، قولاق تۇۋۇمدە غۇيۇل-دىغان ئاۋازدىن باشقىسى ئاڭلانماس ئىدى، قورقۇنچ ئىلكىدە كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ يىگىتنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇۋال-دىم، ئۇمۇ مېھرىبانلىق بىلەن مېنى باغرىغا مەھكەم باستى، شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك بولدۇم، بىر چاغلاردا كۆزۈمنى ئاچ-قىنىمدا ئۆزۈمنى بۇ لالە - رەيھانزاردا كۆردۈم، ئىلگىرىكى ئىشلارنىڭ يا چۈشۈم، يا ئوڭۇم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، يىگىت ئالدىمدا ھازىر ئىدى. چۆچۈپ ئەندىكىپ سورىدىمكى:
— نېمىشقا مېنى مۇندا ئېلىپ كەلدىڭىز؟

— سىزنى كۆرمەك بىلەنلا ئاشىقى بىقارار بولدۇم. قېشى-
ڭىزغا چۈشۈپ بىللە كېتىشنى تەۋسىيە قىلسام قوبۇل قىلدى-
ڭىز، ئۆمۈرلۈك جۈپتى - نىگار ئەيلىمەك ئۈچۈن مۇندا
ئېلىپ كەلدىم، — دېدى يىگىت.

غەمكىن بولۇپ دېدىمكى: — مېھرىبان ئاتا - ئانامنىڭ
ئىجازىتىسىز چاھارباغدىن بىر قەدەم نېرى بولماس ئىدىم، بۇ
قىلىقىمنى بىلسە ئۇلار قانچە پاراكەندە بولغاندۇر، ماڭا مەيلى-
ڭىز بولسا ئۇلار ئالدىغا ئەلچى كىرگۈزۈپ رەسمىي قائىدىگە
مۇناسىپ نىكاھلاپ ئالسىڭىز بولماسمىدى، ھېلىھەم بولسىمۇ
ماكانىمغا قايتۇرۇپ ئاتا - ئانامنىڭ رازىلىقى ۋە ئەھدى - نىكاھ
رەسمىيەتلىرى بىلەن ئەمرىڭىزگە ئېلىڭ، بولمىسا زىنھار يۈزى-
ڭىزگە قارىماسمەن.

يىگىت بولسا كۈلۈپ دېدىكى:

— ئەي، دىلئۆزارىم بىلسەڭ بۇ پەرىلەر ئىقلىمىدۇر،
مەملىكىتىڭ بىلەن ئارىلىقى ئاتلىقلارغا قىرىق - ئەللىك يىللىق
مۇساپىدۇر. ئۆزۈم باغى مۇرغىزار پەرىلەرنىڭ شاھزادىسى قەھ-
رىماندۇرمەن. سەندىن ئۆزگە ئادەمزات ئەۋلادىغا كۆرۈنمەكنى
خالىماسمەن ھەم مۇنداق يىراققا ئېلىپ كېتەرىمنى بىلسە ئاتا
- ئاناڭنىڭ رازىلىق بەرمەسلىكىدىن قورقىمەن، ئەي مەلىكەم،
شۇ سەۋەبلىك سېنى مۇندا ئېلىپ كەلدىم، قىسمىتىڭگە رازى
بولغىن، قەسەم قىلايكى ساڭا ھەرگىز بىۋاپالىق قىلماسمەن،
مەڭگۈ سادىق ۋە غەمگۇزار بولۇرمەن، دىلىڭغا قىلچە شىكەستە
يەتمىگەي، — مەن كۆز ياشلىرىمنى راۋان قىلىپ:

— نېمىشقا ئون يەتتە يىل مەن ئۈچۈن ئەجرى قىلغان
مېھرىبان ئاتا - ئانامنى ئويلىمايسىز، ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىك
پەرزەنتى، يۈرەك پارىسى ۋە ھەممە پەرزەنتلىرى ئىچىدە ئەڭ
ئامرىقى ئىدىم. مەندىن تۇيۇقسىز جۇدا بولۇپ نىھالغا چۈشۈپ
قالغاندۇر. شاھزادە قەھرىمان كۆز ياشلىرىمنى تەسەللى بىلەن

سۇرتۇپ دېدىكى:
— ئەي، كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ سۇلتانى، مالامەت قىلى-
ۋەرمىگىن، بولار ئىش بولدى، ئاتاڭغا پەرىلەردىن بىر پارە
مەكتۇپ ۋە سوۋغا - سالاملار ئەۋەتەي، ساق - سالامەتلىكىڭنى
بىلسە كۆڭلى ئەمىن تاپار.
مەن يىغا - زارە بىرلە بولۇپ ئارتۇق سۆز قىلمىدىم.
شاھزادە قەھرىمان مەكتۇپ يازدى، ئاندىن مۇلازىم پەرىلەرنى
چاقىرىپ ئېيتتى:
— ئۇشبۇ مەكتۇپنى گۇلىستانى ئىرەم مەملىكىتىنىڭ
پادىشاھى قولىغا يەتكۈزۈڭلار.
ئاندىن يەنە توققۇز ساندۇقتا شۇ كەمگۇچە كۆرۈپ باقمىغان
ۋە قۇلىقىم ئاڭلىمىغان ئاجايىپ جاۋاھىراتلارنى، ئېسىل گۆ-
ھەرلەرنى تولدۇرۇپ دېدىكى:
— بۇنى ھەم ئېلىپ بېرىڭلار.
پەرىلەر دەرھال مەكتۇپ ۋە ساندۇقلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ
كەتتى شاھزادە قەھرىمان بولسا كۆڭلۈمنى ئالماق كويىدا بولدى
ئەمما كىچىكىمدىن ساقايماس بىر يۈرەك ئاغرىقىم بار ئىدى.
ئاتا - ئانامنىڭ جۇدالىق قايغۇسىدا نىيار پەرىشان بولغىنىم
ئۈچۈن قايتا قوزغىلىپ قالدى، بىھوش بولدۇم.
بىر چاغلاردا يۈزۈمگە گۇلاپ سېپىلدى، ھوشۇمغا كەلدىم،
كۆزۈمنى ئاچسام شاھزادە قەھرىمان كۆزلىرى نەملىك، دىلى
غەملىك پەرىشان ھالدا ئولتۇرۇپتۇ، كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا دې-
دى:
— ئەي گۇلزارىم، ھاياتلىق گۇلۇڭنى بىۋاقىت توزىتىپ
قويار ئوخشايمەن، خالىساڭ سېنى ئاتا - ئاناڭ ئالدىغا ئېلىپ
باراي.
شۇنداق دەۋېتىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلدى، دىلىم ئې-
رىپ، مېھىر - مۇھەببىتىم ئۇرغۇپ دېدىمكى:

— ئەي شاھزادەم، بۇنىڭغا ئامال يوق ئىدى، چۈنكى سەن ئۆمرى كوتا بىر گۈلنى تاللىدىڭ، تەقدىر - قىسمىتىڭگە ئۆمۈر باھارى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا خازان بولمىقى پۈتۈلگەنىكەن، چۈنكى ئۇنىڭ داۋاسىز يۈرەك ئاغرىقى كېسىلى بار ئىدى، ئۆزۈمگە ئايانكى نەچچە كۈنلىكىم قالدى، كۆڭلۈمگە قول سېلىپ باقسام سەندىن ئايرىلغۇسى يوقتۇر. شاھزادە قەھرىمان تېخىمۇ غەمكىن بولۇپ دېدىكى:

— ئۆمرۈڭ گۈلى خازان بولسا چىدارغا تاقىتىم يوق، سەۋەب قىلاي، ئاللا شىپالىق بەرسە ئەجەب ئەمەس.

ئاندىن ئۇ بىر ھۆكۈمانى ئالدىغا ھازىر قىلىپ، ھال - ئەھۋالىمنى بايان قىلدى، تومۇرۇمنى تۇتقۇزدى، ھۆكۈما تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— ئەي شاھزادە ئالىيلىرى، — دېدى تەۋەززۇ بىلەن ھۆكۈمالىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى ھەم بارچە تېۋىپ - ئالىملارنىڭ باشچىسىمەن ئەمما ئەجەلگە داۋا قىلالماسمەن، پەقەت خاسىيەتلىك دورىلىرىم بىلەن ئۆمۈرنى ئۇزارتالىشىم مۇمكىن. شاھزادە قەھرىمان ئىنتىراپقا چۈشۈپ دېدىكى:

— ئەي ھۆرمەتلىك ئۇستاز، ئەجەلنىڭ ئەلۋەتتە داۋاسى يوقتۇر ئەمما كېلىش ۋاقتىنى ئۇزاق ئۇزارتىشقا ئىمكان يوقمىدۇر. ھۆكۈما دېدى:

— ئىمكانى بار ئەمما قول يەتمەس ئايغا ئوخشاشتۇر. شاھزادە قەھرىمان دېدى:

— قول يەتمەس ئاي بولسىمۇ بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەرمەن. ھۆكۈما نائىلاج ئېيتتى:

— زۇلمەتكە يېقىن بىر جايدا گۈلى ھايات ئىسىملىك بىر گىياھ بارمىش، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغانلارمۇ بۇ دارا بىلەن نجاتلىققا ئېرىشەرمىش، بىراق ئۇل ماكان قەبىھ جادۇگەرلەرنىڭ جايىدۇر، ئاندا بارماق مۇمكىن بولمىغانىنىڭ سىرتىدا

ـدا بارغاندىمۇ ھەم قايتىش ئىمكانى يوق ئىكەن، ئەي شاھزادە ئالىيلىرى، ئۇنىڭدىن ئۇمىد ئۈزگەيسىز.

شاھزادە قەھرىمان خاسىيەتلىك دورىلارنى ئەكېلىشنى بۇيىـرۇپ ھۆكۈمانى قايتۇردى. ئاندىن ماڭا يۈزلىنىپ دېدى:

— ئەي ئامرىقىم، دەرھال زۇلمەت سەپىرىگە ئاتلىنايكى گۈل ھاياتىنى قولغا كەلتۈرمىگۈچە قايتماسمەن، مېنىڭ ئالدىدا دەيدىغانلىرىڭ بولسا ئېيتقىن، تارتىنما، بەجا كەلتۈرۈپ يولغا ئاتلىنارمەن. دېدىمكى:

— دەيدىغىنىم ئەلۋەتتە بار، ماقۇل كۆرسىڭىز سىزدىن باشقا مەيلى ئايال، مەيلى ئەر جىنستىن بولسۇن قوۋمىڭىزدىكـلەردىن ھېچبىرى بۇ لالەزارغا كەلمىسە، ئۇلاردىن قورقىدۇرـمەن. ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ دېدى:

— دەيدىغانلىرىڭ تامام بولدىمۇ؟

— تامام بولمىدى، — دېدىمەن، — ئەمدى قېشىمدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمىسىڭىز، بۇ لالەزاردىن ئۆزگە يەرگە چىقمىسىڭىز، سىزدىن دەقىقە بولسىمۇ ئايرىلغۇم يوق.

شۇنداق دەۋېتىپ كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى، شاھزادە قەھرىمان بولسا كۈلۈپ قويۇپ سۆز قىلدى، بېشىمنى تىزىغا ئېلىپ مېھىر بىلەن سىلاپ ئولتۇردى، بىر چاغدا ھۆكۈما يېـتىپ كەلدى. بىر ئالتۇن قۇتىدا دورا ئېلىپ كەپتۇ. دېدىـكى:

— مەلىكە دورىدىن ھەر توققۇز كۈندە بىر كۈمىلاچ يەپ بەرسۇن، زەئىپ يۈرىكى قۇۋۋەتلىنىپ، ئۆمرى بەرىكەت تاپقۇـسى.

شاھزادە قەھرىمان تەشەككۈر ئېيتىپ ھۆكۈمانى قايتۇرـدى. ئاندىن دورىدىن بىر كۈمىلاچنى ئۆز قولى بىلەن ئاغزىمغا سالدى، زەھەردەك ئاچچىق دورا گېلىمدىن بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى، ئاندىن بىر پىيالە شەربەت بەردى، ئاندىن يەنە

دېدىكى:

— دورا ئاچچىق بولسىمۇ، مېنى دېسەڭ ھۆكۈمانىڭ سۆزىچە ھەر توققۇز كۈندە بىر كۈملاچ دورا يېگىن.

— ئاغزىمغا ئۆز قولىڭىز بىلەن سالسىڭىز ئاندىن يەيمەن، — دېدىمەن.

ئۇ يەنە كۈلۈپ قويۇپ بېشىمنى تىزىغا ئالدى، كۆزلىرىمگە ئاجايىپ تاتلىق ئۇيقۇ كەلدى.

قاچانلاركىن ئۇيقۇدىن بىدار بولسام ئۇ كۆرۈنمەيدۇ، ھەر تەرەپنى ئىزدىدىم، سايىسىمۇ يوق، ئاندا بىر كېنىزەك پەرى ھازىر بولۇپ دېدى:

— سەپەرگە ئاتلىنىپ كەتتى، قايان بارارىنى بىلمىدۇق، مېنى مۇندا قويۇپ دېدىكى: «مەلىكە خاتىرجەم مېنى كۈتسۇن دەپ» شۇڭا ئويغىنىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرغانىدىم. ئەمدى ھەرنە تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ، بەجا كەلتۈرگەيمەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ لالە زارىسىزگە خاس قالغۇسى. شاھزادىمىز پەرمانىغا ھېچ كىشى قارشى ئىش كۆرمىگەي.

شاھزادە قەھرىمانىنىڭ زۇلمەت سەپىرىگە ئاتلانغىنىنى بىلىپ كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلدى، قايغۇ ـ ھەسرىتىم زىيادە بولدى ئەمما چىدام بىلەن ئۆزۈمگە رىغبەت بېرىپ بىھوش بولۇپ يىقىلىشتىن ساقلاندىم ۋە پەرى قىزىمغا دېدىمكى:

— ماڭا بىر مۇزىكا ئەسۋابى كەلتۈرسىڭىز، باشقا تەلىپىم يوقتۇر.

پەرى قىز دەرھال كۈمۈش تارلىق غۇڭقا كەلتۈردى، ئاندىن كېرەكلىك ھەممە نەرسە ئاندا تەييار ئىكەنلىكىنى، لازىم بولسا لالەزار دەرۋازىسىغا بېرىپ چاقىرسام ھازىر بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. مانا قىرىق كۈن بولۇپتۇ، شاھزادە قەھرىماندىن دېرەك يوق، ھىجران دەردىدە ھەر كۈنى ياش تۆكۈپ، مۇڭزار قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. شاھزادە ئابدۇلئەزىز

تەسەللى بېرىپ دېدىكى:

— كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، مەن ھەم زۇلمەت سەپىرىگە ئاتلانغانىدىم، سەپىرىمدە شاھزادە قەھرىمانغا يولۇقسام ھەم ئىز- دېرىكىنى بىلىپ قالسام ئەجەب ئەمەس، ئۈمىدۋار بولۇڭ.

مەلىكە لالە ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، نازۇ نېمەت- لەر تەييار قىلدى بىراق شاھزادە ئابدۇلئەزىز ھايال بولماي خوشلىشىپ قاناتلىق بېلىق قارنىغا كىرىپ يولىغا راۋان بولدى.

باغۇ ئىرەم قاياندا ئىكەنلىكىنى بىلمەس ئىدى، توغرا كەل- گەن تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋەردى. ئۇچتى، ئۇچتى، مەنزىلگە تېزرەك يېتىش ئۈمىدىدە ئاقار يۇلتۇزدەك تېزرەك ئۇچتى. شۇ ھالەتتە توققۇز كېچە - كۈندۈز ئۇچتى، بىر جايغا يەتتى. ئاندا زېمىن لەرزىگە كېلىپ تەۋرەپ تۇرار ئىدى. يىراقلاردىن دەھ- شەتلىك گۈلدۈر - قاراسلىغان سادالار كېلەر ئىدى.

ھېلىقى دەريا بويىغا كەلگەن بولسام كېرەك، ھەر تەرەپكە قاراپ شۇنداق دەپ تۇرار ئىدى. بىر تۇتى قۇش ئۇچۇپ كەلدى. بېشىدىن قۇلىقىغىچە بىر غېرىچ كېلەر ئىدى. پەي قاناتلىرى چوغدەك ۋالىلداپ تۇرار ئىدى. تۇمشۇقى زەردىن پۇت - پەنجە- لىرى زەر كۈمۈش ئىدى. تۇتى قۇش سوئال قىلدى:

— ئەي ئادەمزات، نى سەۋەبتىن مۇندا كېلىپ قالغانسەن؟

ئۇنىڭ سۆزلىرى بىلەن تەڭ بىر ئوتلۇق ھارارەت تۇمشۇقى- دىن پۇركۈلۈپ تۇرار ئىدى.

— باغۇ ئىرەمنى ئىزدەپ يۈرگەنىدىم، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئەزىز، — ئاندىن زۇلمەتكە سەپەر قىلار ئىدىم. يول بىلمىگەچ مۇندا كېلىپ قالدىم.

— باغۇ ئىرەم يولىدىن ئېزىپسەن، — دېدى تۇتى قۇش — كۆپ يىراقلاپ كېتىپسەن بەلكى زۇلمەت يولىغا كى- رىپ قاپسەن، ئۇشبۇ جايى مەنزىل زۇلمەت يولىدىكى بىرىنچى خەتەرلىك دەريا، سۇ دەرياسى ۋادىسىدۇر، ئەمدى كەينىڭگە

يانما، باغۇ ئىرەمنى تاشلاپ زۇلمەت سايان يۇرىۋەرگىن.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز بۇ مەسلىھەتنى توغرا تېپىپ قاناتلىق بېلىق قارنىغا كىرىپ كۆككە پەرۋاز قىلدى. نىشان بەرگەن تەرەپكە شۇنداق ئېگىز ئۇچتىكى ئەڭ يۇقىرىدىكى بۇلۇت - تۇمانلارمۇ زېمىن بىلەن دەل ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتا لەيلەپ يۈرەر ئىدى. بارغانچە دەھشەتلىك سادالار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز سۇرئەتنى بار ئىمكانچە تېزلەتتى. شۇ ھالەتتە ئاسمان - پەلەك دولقۇنلاپ ئوخچۇپ ئېقىۋاتقان سۇ دەرياسى ئاسمىنىدىن ئۇچ كېچە- كۈندۈز ھالقىپ، ئوت دەرياسى ۋادىسىغا يەتتى. تۆۋەنلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى، سەللا تۆۋەنلەش ياكى سۇرئەتنى ئاستىلىتىش ھالاكەتكە ئېلىپ بارار ئىدى.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئوت دەرياسى ئاسمىنىدا ئۇچ كېچە- كۈندۈز ئۇچتى. زەردىن ياسالغان كېمە ئاجايىپ ئېگىزلىكتە ئۇچۇۋېتىپمۇ چوغدەك قىزىپ، سۇدەك ئېرىپ ئېقىپ چۈشكۈدەك ھالەتكە يەتتى ئەمما شاھزادە ئابدۇلئەزىز نىڭ قوينىدىكى ئاق گۆھەر گويا بىر مۇز تاغچە ھارارەت بېغىشلاپ، شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى تىرىك تۇرۇپ كاۋاپ بولۇشتىن ۋە ئۇچار كېمىنى ئېرىتىپ كېتىشتىن ساقلىدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۇچ كېچە- كۈندۈزدىن كېيىن تۇپراق دەرياسى ۋادىسىغا يەتتى. ئاندا ئالەم - جاھان مىسالى بىر چوڭ داشقازانغا ئايلىنىپ ئىچىدە توپا - تۇپراق بۇلدۇقلاپ قايناۋاتقاندەك بىر ھال زاھىر ئىدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۇچ كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھالقىپ، بوران دەرياسى ئاسمىنىغا يەتتى ئاندا شۇنداق دەھشەتلىك گۈركىرەش ساداسى ئالەمگە زىلزىلە سېلىپ ياڭرايتتىكى، ھەر كىمەرسە دۇچ كەلسە دەرھال پارتلاپ كېتەر ئىدى ئەمما ئاق گۆھەرنىڭ خاسىيىتىدىن شاھزادە ئابدۇلئەزىزگىمۇ قاناتلىق بېلىق سۈرەتتىكى ئۇچقۇر كېمىگىمۇ قىلچە ئازار يەتمىدى،

بىراق مىسالى بوراندا قالغان خازاندەك پىرقىراپ يۇرۇپ خەتەر-
گە يۈزلەندى.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز بار ئىمكانچە يۇقىرى ئۆرلەۋەردى،
ئاخىر بوران دەرياسىنىڭ زەربىدىن خالاس بولۇپ، ئالدىغا قاراپ
يۇرۇپ كەتتى. ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ ئاندىن قان دەرياسى
ئاسمىنىغا يەتتى. ئىلگىرىكىدىنمۇ دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن
سادالار ۋە قىيا - چىيا ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، شاھزادە ئابدۇلئە-
زىزدە تۆۋەنگە قارىغۇدەك جۇرئەت بولمىدى، بار ئىمكانچە ئېگىز
ۋە تېز ئۇچۇپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدە سىماب دەرياسى ۋادىسىغا
يەتتى. توختاشقا ئىمكان يوق ئىدى، ئۇچىۋەردى، تۆۋەندىن
زەھەرلىك بۇس - تۇتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرار ئىدى، گاھى تاغ-
دەك- تاغدەك كۈمۈش رەڭ دولقۇنلار ئوخچۇپ چىقىپ ئۇچار
كېمىنى شۇنچە تېزلىكتىمۇ يالماپ كېتەر ئىدى. ئەمما ئاق
گۆھەرنىڭ خاسىيىتى ۋە بار ئىمكانچە ئېگىز ۋە تېز ئۇچۇش
بىلەن شاھزادە ئابدۇلئەزىز بۇ يەردىنمۇ ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ
ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن زۇلمەت دەريا ۋادىسىغا يەتتى.
بۇ جاي شۇنداق قاراڭغۇ ۋە سوغۇق ئىدىكى ھەرقانداق نەرسە
دۇچ كەلسە دەرھال تاشتەك قېتىپ ھەرىكەتتىن قالار ئىدى،
ئەمما ئاق گۆھەر قۇياشتەك نۇر ۋە ئىسسىقلىق بېغىشلاپ شاھزا-
دە ئابدۇلئەزىزنى ئامان ساقلىدى. ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن
كېيىن شاھزادە ئابدۇلئەزىز زۇلمەت دەرياسىدىن ھالقىپ ئۆتتى
ۋە نەچچە كۈنلەپ ئۇچۇپ يۇرۇپ بىر ئاجايىپ جايغا يەتتى. بۇ
يەرنىڭ تاشلىرى لەئەل، دەرەخلىرىنىڭ غولى كۈمۈشتىن، يو-
پۇرماقلىرى ئالتۇندىن ئىدى، گۈللىرى ياقۇت، مېۋىلىرى زۇم-
رەتتىن ئىدى. ئەمما،شۇنداق گۈزەل ۋە كەڭ ۋادىدا بىرەر ئىنس
- جىن كۆرۈنمەس ئىدى.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز قاناتلىق بېلىقنى بىر جايغا پىنھان
قىلىپ، ئۆزى ئالماس قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئارىلاپ يۇرۇپ

كەتتى، شۇنىڭغا ئەجەبلەندىكى غۇيۇلداپ شامال چىقىپ تۇرار ئىدىيۇ، نە بىر گىياھ، نە بىر ياپراق تېپىلماس ئىدى، گىياھ پارچىسى قېتىپ قالغاندەك ھەيكەل ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز يۈردى، يۈردى، بىر ۋاقىتلار غايەت زور بىر گۈمبەزگە يولۇقتى، گۈمبەزنىڭ قۇببىسى بۇلۇتقا تاقاشقان ئەمما يەر يۈزىدىن ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىكتە مۇئەللەق تۇرار ئىدى. شامال تەگسە بۆشۈكتەك تەۋرىنىپ تۇرار ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ھەيرانلىق بىلەن لېۋىنى چىشلەپ قاراپ بۇنىڭدىن سەل نېرىدا يەنە بىر خۇش قامەت ۋە خۇش سۇرەت بىر يىگىتنى كۆردى، يېقىن بېرىپ بىلدىكى ئۇل يىگىت تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ لېكىن تىرىكتەكلا بىر قىياپەتتە تۇرغان.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۆزى ھەيرانلىق پاتقىقىغا يەنىمۇ پېتىپ قالدى. شۇ ۋاقىت بېشىغا بىر سايە چۈشتى، قارىسا تۆگىدەك زور بىر قارا قۇش چاڭگال سالماق قەستىدە ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقان.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز قىلىچىنى شىلتىدى، قىلىچ ئۈزىراپ بېرىپ قارا قۇشنى ئىككى پارە قىلدى لېكىن قارا قۇشنىڭ ھەر پارىسى يەنە بىردىن قارا قۇش بولۇپ ھەملە قىلدى. قىلىچ ئۇرۇپ تۆت پارە قىلدى، شۇ ھالەتتە تۆگىدەك قارا قۇشنى پارىلاپ ئوتتۇز ئىككى پارە قىلدى، قارا قۇشنىڭ ھەربىرى ئەمدى قاغىدەك كېلەر ئىدى، تاراپ كەتتى ئەمما گۈمبەزدىن شۇ ۋاقىت بىر بەتبەشىرە چىقىپ كەلدىكى ئىلمەك بۇرۇن، ئورا كوز، يۈزى ھىلھىلدەك قورۇۋالغان، كالاچ ئېغىز ئىدى، خىرقىراق ئاۋازدا توۋلىدى:

— مېنىڭ قارا قۇشۇمنى ئوتتۇز ئىككى پارە قىلغان قانداق مەخلۇقسەن؟ شاھزادە ئابدۇلئەزىز جاۋاپ قىلدى:

— ئىنسان بالىسى، باتۇر ئوغلانمەن. ئۇل قېرىدىن سادا كەلدى:

— سىنى تىخى پەرىشتە خىيال قىلغانىدىم، ئادەمزات ئىكەنسەن، ماڭا ئادەمزات گۆشى دورىلىق ئىدى. چۈشۈمدىمۇ شۇنىڭغا ئىنتىزار ئىدىم. مانا ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەپسەن، ئەمدى بىر ۋاقلىق غىزايىم بول، ئاددىي ئىنسان ئەۋلادىنىڭ بۇ يەرگە ئاياغ باسمىقى، مەن بۇ يەرگە قەدەم باسقاندىن بىرى كۆرۈلمىگەن بىر ئاجايىپ ئىش، بەلكى مېنىڭ بەخت ـ تەلىيىمـدۇر.

شۇ سۆز بىلەن بىگىز تىرناقلىق ئارىدەك قوللىرىنى شاھـزادە ئابدۇلئەزىزگە سۇندى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز پۇرسەت بەرـمەي قىلىچىنى بىر شىلتىغانىدى. قىلىچ ئۈزىراپ بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزدى، تېنى يەرگە چۈشكەن هامان چاناپ قىيما قىلدى ئەمما بېشى مۇئەللەقتە قېلىپ، يەنە بىر قىلىچ ئۇرغۇچە:

— خەپ توختا، خەپ توختا، — دېگىنىچە گۇمبەزگە ئۇچۇپ كىرىپ كەتتى. گۇمبەز شۇ هامان پىرقىراپ ـ پىرقىـراپ ئۇچۇپ كېتىپ قالدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز كەينىدىن قوغلىدى، قوغلىدى، گۇمبەز بىر تاغ باغرىغا يەتكەندە ئوت شارغا ئايلىنىپ كىچىككىنە بىر تۆشۈككە كىرىپ كەتتى، شاھـزادە ئابدۇلئەزىز تېڭىرقاپ تۇرغانىدى، ئۇستىدە بىر سايە كۆـرۈندى، قارىسا تىك تاغ بىلىدىن بىر ساھىبجامال تېنىنى بېلىـگىچە چىقىرىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

شۇ چاغ ئۇ قاقاقلاپ كۈلگەنىدى، تاغۇ تاشلار جاراڭلاپ هەممە لەرزىگە كەلدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن سادا كەلدى، — ئەي پەرىشتە سۈپەت باتۇر يىگىت، ئەجەب يۈرىكىڭ يوغانىكەن، تەپـتارتماستىن جادۇگەرلەرنىڭ پىر ئۇستازى قېرى ئانامنى تېنىدـدىن جۇدا قىلىپسەن، ئەمدى ئۇنىڭ قالغان ئۆمرى شۇنداق ئۆتەر، سېھرىي كۈچ ـ قۇۋۋىتى هەم قۇدرىتى بولماس، جازاغا لايىق ئىدىڭ ئەمما كۆڭۈل كەپتىرىم ساڭا تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ساڭا قىلچە ئازار قىلغۇم يوق، كەل ئول تۆشۈكـ

تىن ئۆز ئايىغىنى بىرلە خاس قەسرىمگە كىرگىن، جازا شەربە-
تى ئورنىغا ھالاۋەت شارابى ئىچكىن. شاھزادە ئابدۇلئەزىز
دېدى:

— قېرى جادۇ قەست قىلغانىدى، تېگىشلىك جازاسىنى
تارتتى لېكىن ساڭا قەرزدار ئەمەسمەن، قەسرىڭگە كىرمەسمەن،
مېنى يولۇمدىن قويما.

جادۇگەرنىڭ قىزى قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق
دېدى:

— كەم ئەقىل ئىكەنسىز، ئانام بىخۇدلۇقتىن پالاكەتكە
دۇچ كەپتۇ لېكىن مېنىڭ ئالدىدا مۇردىدىن پەرقسىزسەن،
ھالاۋەت شارابىغا دالالەت قىلدىم، خالىمىدىڭ، ئەمدى جازا
شەربىتىگە لايىقسەن.

شۇنداق دەۋېتىپ بىر چىمدىم توپا ئېلىپ دۇرۇت ئوقۇپ
چاچتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىخۇدلۇقتىن قىلىچ ئۇرۇشقا ئۈل-
گۈرمەي غازدەك چوڭلۇقتا بىر ئاق تۇتى قۇشقا ئايلىنىپ قالدى.

جادۇگەرنىڭ قىزى دېدىكى:

— كەل ئادىمىيلىك سۈرىتىگە قايتىشنى، مەن بىلەن
بىللە بولۇشنى خالىساڭ بىلىكىمگە قونغىن.

تۇتى قۇش سۈرىتىگە كىرىپ قالغان شاھزادە ئابدۇلئەزىز
پەرۋا قىلماي پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. جادۇگەرنىڭ قىزى بولسا،
ئەقلىڭنى تاپقاندا قايتىپ كېلەرسەن، » دېگىنىچە تاغ قوينىغا
كىرىپ كەتتى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئەمدى قانداق نىجاتلىق تاپارمەن دې-
گەن ئويدا ئۇچۇپ يۈرۈپ بىر چىمەنزارغا يەتتى، ئەجەبكى چى-
مەنزاردىكى بارچە گۈل - گىياھلار قاپقارا رەڭلىك ئىدى. ئاندا
يەنە سۈلىرى قارا سىيادىن، قايناپ تۇرغان بىر كۆل، كۆلدە
لەيلەپ يۈرگەن بىر قارا تاشنى كۆردى.

شۇ چاغ قارا تاش گۈمبەزنىڭ قۇببىسى ئورنىدا بىر باش

پەيدا بولدى، ئۇل باشنىڭ كۆز ئېقىدىن باشقا ھەممە يېرى قارا، مىسالى كۆمۈردىن ئويۇپ ياسالغاندەكلا ئىدى. باشتىن سادا كەلدى:

— ئەي تۇتى، قارىسام نەسلىڭ تۇتى ئەمەستەك تۇرىدۇ، كىمدۇرسەن؟

— مېنى ئەسلىمگە قايتۇرساڭ بىلەرسەن، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئەزىز. قارا تاش گۈمبەزدىن ئەمدى بىر قارا يىلاندەك قول ئۇزىراپ چىقىپ كۆلدىن چاڭگىلىغا سۇ ئالدى، ئەپسۇن ئوقۇپ چاچتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز تۇتى سۈرىتىدىن ئەسلىگە كەلدى. قارا باشتىن يەنە سادا كەلدى:

— پاھ! ئەجەب چىرايلىق ۋە خۇش قامەت يىگىتكەنسەن، سېنى تۇتىغا ئايلاندۇرۇپ قويغۇچىغا مىڭ لەنەت، كەل قولۇمدىن تۇت، سېنى خاس گۈمبىزىمگە ئېلىپ كىرەي، ئىشرەت بېغىمدا خالىغانچە تاماشا قىل.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز غەزەپناك بولۇپ قىلىچ ئۇرماق بولدىيۇ لېكىن ۋاپاغا جاپا قىلغان بولماي، دەپ ئىككىلىنىپ قالدى، قارا تاش بولسا ئۇنىڭ ئەلپازىدىن كۆڭلىدىكىنى سېزىپ دېدى:

— ياخشىلىق ياراشمايدىغان بىر بەتبەخت ئىكەنسەن.

شۇنداق دەۋېتىپ يەنە بىر قولىغا سۇ ئالدى، ئەپسۇن ئوقۇپ چاچتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز تاش ھەيكەلگە ئايلىنىپ قالدى، قارا باش بولسا ۋەسلىڭدىن ئۈمىد بولمىسىمۇ جامالىڭ تاماشىسى ماڭا يېتەرلىكتۇر، دېگىنىچە گۈمبەز ئىچىگە چۆكتى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ كۆزى كۆرۈپ قۇلىقى ئاڭلار ئىدى ئەمما ۋۇجۇدى قېتىپ قالغان تاشتەك بىر ھالەتتە بولغاچقا نە سۆز قىلارغا نە قىمىرلاشقا ئىمكانى يوق ئىدى.

ئۈچ كېچە - كۈندۈز شۇ ھالەتتە تۇردى، قارا باش كۈندە ئۈچ قېتىم چىقىپ قاپقارا قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپ قويۇپ يەنە گۈمبەزگە كىرىپ كېتەر ئىدى، ئاخىر

بۇ يەرگە جادۇگەرنىڭ ئاق يۈزلۈك ئاقبەدەن قىزى كەلدى، ئۇ تۈتىسىنى ئىزدەپ كەلگەنىدى.

— پاھ، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى شۇ ھالەتتە كۆرۈپ، — مەنمۇ سېنى شۇ ھالەتتە ساقلىماق بولغانىدىم. باشقىلار ئۈچۈن خىزمەتلەر قىلىپتۇ، ئەمدى سېنى ھېلىقى پەرى يىگىتكە قوشلاپ، خاس ھەرەمگە زىننەت قىلاي، — دېگىنىچە ئاغزىدىن شامال چىقىرىپ ئۈچۈرۈپ ماڭدى ئەمما قارا تاش گۈمبەزدىن باش چىقىپ توۋلىدى:

— ئەي ئاق يىلان، يىگىتىمنى قايان ئېلىپ كەتمەكچىسەن؟ جادۇگەرنىڭ قىزى زەھەرلىك كۈلۈپ دېدى:

— ئەي قارا يىلان، مېنىڭ تۈتى قۇشۇمنى شۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپسەن، ئىجازىتىمسىز قىلغان ئىشىڭغا جازا بەرمىگىنىمگە شۈكۈر قىلىپ ئولتۇرماي تېخى مۇتىھەملىك قىلارمۇسەن؟ قارا باش دېدى:

— ئەي ئاق يىلان، تېنىڭ ئاق بولغىنىڭ بىلەن يۈرىكىڭ مەندىنمۇ قارادۇر، قايسى ھالىڭغا مېنى ئەيىبكار ھېسابلايسەن، ياخشىلىقچە يىگىتىمنى جايىدا قالدۇرۇپ ئۆۋاڭغا قايت.

ئاق يۈزلۈك ئەمدى تاقەتسىزلىنىپ بىر تال چېچىنى قىلىچقا ئايلاندۇرۇپ قارا باشقا ئۇردى، قارا باشمۇ دەرھال بېشى ئادەم، تېنى يىلان سۈرىتىدە گۈمبەزدىن چىقىپ بىر تال چېچىنى نەيزىگە ئايلاندۇرۇپ ئاق يۈزلۈككە سانجىدى، ئاردا دەھشەتلىك جەڭ بولدى، ئۇلار بىر - بىرىگە قىلىچ - نەيزە ئىشلىتىپ زەخىم يەتكۈزەلمەي ئوت چېچىشتى، سۇ چېچىشتى، تاغۇ تاشلارنى قومۇرۇپ ئېلىپ ئېتىشتى، ئاخىر بىرى ئاق، بىرى قارا ئەجدىھا بولۇپ ئېلىشتى، ئاقتۇەت ئاق ئەجدىھا بارا - بارا زەئىپلىشىپ شامال بولۇپ قاچقانىدى، قارا ئەجدىھا ئوت بولۇپ شامالنى يېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاق يۈزلۈك ئەسلىگە يېنىپ يۈرەك - باغرىدىن قان ئېتىلىپ چىققىنىچە جان بەردى، شۇ

ۋاقىت جادۇگەر موماي ئۇچۇپ كېلىپ، قارا باشنىڭ غەلىبىدىن كۆرەڭلەپ بىخۇدلىشىپ تۇرغىنىدا ئاغزىدىن ئوت پۈركىدى، قارا باشنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى قىپقىزىل چوغ بولدى.

— ئاھ! سەن قېرى تېخى ھاياتمىدىڭ، — دەپ چىرقىدىغىنىچە بىر پارچە ئوت بولۇپ ئېتىلدى، جادۇگەر مومايىنىڭ بېشى قاچتى، ئەمما ئوت يېتىشىپ بېرىپ ئورىۋالدى، ئاخىر يەردە ئىككى سىقىم كۈل پەيدا بولۇپ، قارا گۈمبەز يوقالدى، قارا رەڭلىك گۈل ئاقىرىپ گۈل - گىياھلىرى ئەسلى ھالىتىگە قايتتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز بولسا قېتىپ قالغان ھالىتىدە قېلىۋەردى. دىلدا بولسا ئاللادىن نىجاتلىق تىلەپ زىكىر قىلار ئىدى.

شۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى پەرىشتە سۈپەت يىگىت ھازىر بولۇپ:

— ئەي شاھزادە، سىنى سېھرىي - جادۇدىن خالاس قىلماققا كەلدۇق، — دەپ باش - كۆزىنى سىلىغانىدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز دەرھال ئەسلىگە قايتتى ۋە تەشەككۈرلەر ئېيتىپ سورىدى:

— ئەجەب ئىلگىرى سىلەرنى كۆرمىگەنىدىم، كىم بولۇرسىزلەر؟

— ياخشىلىقنى كەسىپ قىلغۇچىلارنىڭ دائىملىق ھەمراھى لۇتفى - كەرەملەردۇرمىز، — دېدى يىگىتلەر، — ئەمدى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرماي زۇلمەتكە يۈرگىن. بۇ جاي جادۇگەرلەرنىڭ ئۇۋىسى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئىلتىجا قىلدىكى:

— جادۇگەر مومايىنىڭ ماكانىدا بىر كىشىنى كۆرگەنىدىم، ۋۇجۇدى تاشقا ئايلانغانىكەن ئۇنى ھەم سېھىردىن خالاس قىلسىڭىزلەر.

يىگىتلەر ئۇنىڭ قولىقىغا:

— ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ھۈرگىن، ئەسلىگە كېلىدۇ،

شۇ ئىسمىئەزەم خاسىيىتىدىن قارا دىۋىنىڭ سېھرىي- جادۇ-
لىرى ئۈستىدىن ھەم غالىب كېلەرسەن . زىنھار ئېسىڭدىن
چىقارما .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار غايىب بولدى ، شاھزادە ئابدۇلئە-
زىز ئۆز يولىغا راۋان بولدى . ماڭدى ، ماڭدى ، ئاخىر ئاق يىلان
جادۇگەرنىڭ جاي - مەنزىلىگە كەلدى . قارىسا گۈللەر دەل -
دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراركەن ، ئۇلارنىڭ
ئىلگىرىكى ئالتۇن - كۈمۈش ، ياقۇت - زۇمرەتلىكىدىن ئەسەر
يوق ئىدى . ئاجايىپ - غارايىپ گۈل - گىياھ دەل - دەرەخلەر-
دۇر .

شاھزادە ئابدۇلئەزىز يەنە مېڭىپ ، مېڭىپ تاشقا ئايلانغان
يىگىت قېشىغا يەتتى ، ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ھۈردى ، يىگىت
ئەسلىگە كېلىپ دېدى :

— ئەي دوستۇم ، قىلغان ياخشىلىقىڭغا ئۆمۈرلۈك قەرز-
دارمەن ، ئۆزۈڭ قانداق قىلىپ جادۇگەرنىڭ قېشىدىن ئامان
قالدىڭ ؟

شاھزادە ئابدۇلئەزىز بۇ يەردە دۇچ كەلگەن ھادىسىلەرنى
بايان قىلدى ، ئاندىن سورىدى :

— ئۆزۈڭ كىمسەن ؟ قانداق مۇددىئا بىلەن كېلىپ مۇنداق
تاشقا ئايلىنىپ قالدىڭ ؟ يىگىت دېدى :

— باغى مۇرغىزار پەرىلەرنىڭ شاھزادىسى ئىدىم ، ئادەم-
زات ئېلىنىڭ بىر مەلىكىسىگە ئاشىقى شەيدا بولدۇم ، ئەپسۇس ،
نازاكەت گۈلشەنىنىڭ ئەل نازۇك نىھالى داۋاسىز يۈرەك ئاغرىقى-
غا گىرىپتار ئىكەن . ئۇنىڭ ئۇچۇن گۈل ھاياتىنى ئىزدەپ ،
ئەجەل بۇركۈتلىرى بېشىمدا ئەگىپ يۈرسىمۇ جانپىدالىق بىرلە
مۇندا كەلگەنىدىم . قېرى جادۇگەر بىلەن قىزىغا دۇچ كېلىپ
تاشقا ئايلاندۇرۇلدۇم . شۇ ھالەتتە قانچە ۋاقىت تۇرغىنىم نامە-
لۇم . مانا ھازىر مۇبارەك قەدەملىرىڭ شاپائىتىدىن ئەسلىمگە

كەلدىم. شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— ئەي شاھزادە قەھرىمان، تاسادىپەن لالە - رەيھانزارلىقىڭغا كىرىپ قالدىم. مەشۇقۇڭ ھىجران دەردىدە نالە قىلغان ھالدا ئولتۇرۇپتۇ، ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ تەسەللى ئېيتتىم، يولىمىز بىر بولغاچ مۇندا دىدارلاشتۇق، ئاللاغا شۇكۇر، ساق - سالامەت ئىكەنسەن، ئەمدى تېز قايتقىن، مەلىكە لالىنىڭ غەم ئوتىدا پۇچىلانغان ۋۇجۇد ھالىنى ۋىسالى كەۋسەرىدە ياشارتقىن.
شاھزادە قەھرىمان دېدى:

— قانداق كەلگەنلىكىڭنى بىلمىدىم، مۇشەققەت تىكەنلىرىدىن ۋۇجۇدۇڭدا ئىزنە يوق، ئەمما مەن بۇ جايغا جاننى ئالىقانغا ئېلىپ كۇرمىڭ خەتەر - مۇشكۇلاتلار ئىچىدە كەلدىم، ھەر قەدەمدە مىڭ ئەجەل پەنجىسى جان گۆھىرىمگە سوزۇلدى، ئەمدى باشقا يول تېپىپ قايتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرەرمەن، چۈنكى كەلگەن يولۇمغا قايتا كىرسەم ھالاكىتىم مۇقەررەر. ھازىرچە قىلىدىغان ئىشلىرىڭ بولسا ھەمدەم بولاي، بىلدۇرگەن تەشەككۇرۇم بولسۇن، ئاندىن گۇل ھايات گىياھىنى تېپىشقا ئاتلىنۇرمەن، مەن ئۇنىڭسىز تارتقان جاپالىرىم بىكار بولغاي. شاھزادە ئابدۇلئەزىز خۇرسەن بولۇپ دېدى:

— ئانداق بولسا قايتماقتىن غەم قىلما. خالىساڭ مەن بىرلە زۇلمەتكە بارغىن، گۇلھاياتنى ئاندىن ئىزدەيلى ھەم مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ جان تۇتىسىنى قولغا چۈشۈرەيلى، ئاندىن قايتىش غېمىنى مەن قىلاي. شاھزادە قەھرىمان سورىدى:

— قارا دىۋە قۇدرىتى ئالدىدا دىۋە پەرى، جىنلار بولسۇن ياكى ئادەمزات ئەۋلادى بولسۇن ھەممىسى ئاجىز كېلەر ۋە سېھرىي - ئەپسۇنلىرى ئالدىدا نائىلاج ئىدى، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل كەلمەكچىسەن؟

— بىزگە ئاللا مەدەتكار، — دېدى شاھزادە ئابدۇلئەزىز، — ئاۋۋال بېرىپ باقايلى.

ئۇلار يولغا چىقتى، يول ئۈستىدە بىر تىك چوققىغا دۇچ كەلدى، ئايلانمىسى مىڭ غۇلاچ، ئېگىزلىكى ئون مىڭ غۇلاچ كەلگۈدەك، بېشى گۈمبەزدەك، قوش مۈڭگۈزلۈك بىر قىزىل ئەجدىھا يۆگىشىپ تۇرغان، كۆرگەنلەرنىڭ تېنى شۈركۈنەر ئىدى. چوققا ئۈستىدە بولسا ئاق گۈللۈك يېشىل زۇمرەتتەك يوپۇرماق بىرقانچە تال گىياھ يوشۇرۇن تىزلىپ تۇرار ئىدى.

ئەجدىھا شاھزادىلەرنى كۆرۈپلا دەم تارتتى، شاھزادە قەھرىمان بىر قولىدا شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى تۇتۇپ بىردىنلا كۆككە ئۆرلىدى ئەمما شاھزادە ئابدۇلئەزىز قولىدىن چىقىپ كېتىپ، ئەجدىھا ئاغزىغا قاراپ ئۇچۇپ كەتتى، شاھزادە قەھرىمان نائىلاج ھەسرەتتە قالدى ئەمما غەزىپى تېشىپ شۇڭغۇپ چۈشكەنچە ئەجدىھانىڭ بىركۆزىگە قىلىچ شىلتىدى، كور بولدى، قايتا ئاسمانغا ئۆرلەپ قىلىچ ئۇرغۇچە ئەجدىھا ئوت پۈركىدى، كەينىگە چېكىندى، شۇ ۋاقىت بىردىنلا ئەجدىھا پارتلاپ تاغ چوققىسى تۆۋىگچە بېرىپ چۈشتى، ئىچىدىن قىلىچ تۇتقان شاھزادە ئابدۇلئەزىز چىقىپ كەلدى.

شاھزادە قەھرىمان ھەم خۇشال، ھەم ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ئەي دوستۇم، قانداق قىلىپ ئامان - ئېسەن قالدىڭ. ئۇنىڭ قارنى مىسالى بىر ئاتەشدانىدىغۇ؟

شاھزادە ئابدۇلئەزىز قوينىدىكى گۆھەرنى ئېلىپ دېدىكى:

— مانا مۇشۇ گۆھەرنىڭ خاسىيىتىدىن ئامان قالدىم.

شاھزادە قەھرىمان خۇش بولۇپ دېدى:

— ئەمدى يولىمىزنى داۋام قىلايلى.

شۇ ۋاقىت كۆك يۈزىنى قاناتلىرى بىلەن يېپىپ ئاجايىپ رەڭدار ۋە كۆركەم كارامەت ھەيۋەتلىك زور بىر قۇش ئۇچۇپ كەلدى، تاغ چوققىسغا قوندى ۋە: «ئەي ياخشى يىگىتلەر،

تەخىر قىلىڭلار» دەپ سادا قىلدى.
— سۇمۇرغقا يولۇقۇپتۇق، — دېدى شاھزادە قەھرىمان
ئۇنى كۆرۈپ. سۇمۇرغ دېدى:
— رەقىبىم ئەجدىھانى جەھەننەمگە ئۇزىتىپسىلەر، ئۇنىڭ
بىلەن كۇرمىڭ قېتىم ئېلىشقان بولساممۇ، ئوت پۈركۈيدىغانلىد-
ىقى سەۋەبلىك زەپەر قازىنالمىغانىدىم، قىلغان ياخشى ئىشىڭلار-
غا بىر جاۋاب قىلاي، ئاۋۋال كېلىش مەقسىتىڭلارنى بايان قىد-
لىڭلار.
شاھزادە ئابدۇلئەزىز مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ جان تۇتىسى
بىلەن گۇلھايات گىياھىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بايان
قىلدى. سۇمۇرغ دېدى:
— گۇلھايات مانا بۇ يەردە تۇرۇپتۇ، بۇ يەردىكى سېھرىي-
جادۇگەرلەر قىزىل ئەجدىھانى مۇھاپىزەتچىلىككە قويغان، ئەم-
دى ئۇ ئۆلدى، خاتىرجەم كېلىۋېرىڭلار ئەمما مەلىكە شاھخۇباد-
بانۇنىڭ جان تۇتىسىنى بولسا قارا دىۋە غارىدىن ئىزدىمەك
لازىم، بۇ بەسى مۇشكۇل ئىشتۇر، تەدبىرى شۇكى، بىرىڭلار
جەڭ قىلىپ، بىرىڭلار غارغا كىرىڭلار، ئاندا بىر سېھىرلىك
ئەينەك بار، ئۇنى قولغا كەلتۈرگۈچى خالىغان نەرسىسىنىڭ
قەيەردىلىكىنى كۆرىدۇ، ئاندىن بېرىپ ئالساڭلار بولار.
شاھزادە خۇرسەن بولۇپ، گۇلھايات گىياھىنى ئېلىپ
چۈشتى، ئاندىن قارا دىۋە غارىنى كۆزلەپ كۆزدىن غايىب بول-
دى، سۇمۇرغ بولسا كېرەك بولغاندا شامالغا ئۇچۇرۇشنى ئېيد-
تىپ بىر تال پېيىنى بەردى، ئاندىن خوشلىشىپ ئۇچۇپ كەت-
تى.
شاھزادىلەر ماڭدى، ماڭدى، ماڭغانسېرى ئاسمان يۈزى
تۇتۇلۇپ، ھاۋا جاھان سوۋۇشقا باشلىدى، بەلكى بىر چاغلاردا
ئاسمان قارا چۈمبەلگە ئورىنىپ زېمىندا جۇت ـ شىۋىرغان
ھۇۋلاشقا باشلىدى.

شاھزادىلەر زۇلمەتكە يېقىنلاپ قالغىنىنى ھېس قىلىشتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئاق گۆھەرنى قولىغا ئالدى، شاھزادە قەھ-رىمان بىلدىكى، ئالتۇن كەمەرنى يېشىپ مومدەك مۇجۇپ قوش پەنجىگە تۇتقۇچ ياساپ، ئاق گۆھەرنى مەھكەم ئورناتتى، تۇتۇشقا ئەپلىك بولدى. ئاق گۆھەر قۇياشتەك نۇر ۋە ئىسسىقلىق بېغىش-لىدى.

ئۇلار ئاخىر ئېگىزلىكىگە كۆز يەتكۈسىز بىر تاغنىڭ باغرى-غا يەتتى، تاغنىڭ ھەممە يېرى قارا تاش ئىدى، گۆھەرنىڭ روشەنلىكىدە تاغ باغرىدىكى بىر غارنى كۆردى، ئىچىدىن سوغۇق ھاۋا ھۇۋۇلداپ چىقىپ تۇراتتى.

شۇ ۋاقىت ئۆڭكۈردىن بىر قارا قۇيۇن چىقىپ ئۇلارنى نەچچە يۈز قەدەم كەينىگە ئۇچۇرۇۋەتتى، ئارقىدىنلا قارا قۇيۇن دىۋىگە ئۆزگەردى، بويى - بەستى تاغدەك، ئاغزى كۆلدەك، بۇرنى مىسالى بىر چوققىدەك، بۇرۇن تۆشۈكلىرى غاردەك كۆز-لىرى ھاڭدەك بولۇپ، كۆزلىرى پانۇستەك توختاۋسىز تەۋرى-نىپ تۇرار ئىدى. دىۋە گۈلدۈرماممىدەك ئاۋازى بىلەن توۋ-لىدى:

— ئەي، مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇۋۇندىسى، ماكانىمغا ئەجلىڭ سۆرەپ كەلتۈرگەن ئوخشىمامدۇ، بۇ يەردە سەنلەرگە نېمە ئىش بار؟ شاھزادىلەر تەمتىرىمەستىن دېدى:

— مەلىكە شاھخۇبانىبانۇنىڭ جان تۇتىسىنى سوراپ كەل-دۇق، دەرھال بىزگە تاپشۇر، ئىپلاس جېنىڭ ئامان قالسۇن.

قارا دىۋە مەسخىرىلىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. تاغۇ تاشلار لەرزىگە كېلىپ تىترەپ كەتتى، ئۇ كۈلگەندە ئاغزىدىن بوران چىقىپ، پۈتۈن ئەتراپ توپا - چاڭغا مىلەندى.

ئاياغلىرىنى كۆتۈرۈپ، بىر قۇرتنى دەسسىگەندەك دەسسەپ يانجىۋەتمەكچى بولدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز قىلىچ ئۇرغانىدى، قىلىچ ئۇزىراپ بېرىپ، دىۋىنىڭ پۇت - بارماقلىرىنى ئۇزۇپ

تاشلىدى. دىۋە كۈتمىگەن بۇ زەربىنىڭ جان ئاچچىقىدا دەھشەت-
لىك ھۆركىرەپ تاغنىڭ بىر پارچىسىنى يۇلۇۋېلىپ ئاتقانىدى،
شاھزادە ئابدۇلئەزىز قىلىچ ئۇرۇپ پارە - پارە قىلدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئەمدى شاھزادە قەھرىمانغا گۆھەرنى
بېرىپ دېدى:

— غارغا سەن كىرگىن، دىۋىگە مەن تاقابىل تۇراي.

شاھزادە قەھرىمان بىر قارا مۈشۈك سۈرىتىدە بولۇپ،
كۆزدىن يىتتى، دىۋە شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىلەن بولۇپ، دىققەت
قىلمىدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز يەنە قىلىچ ئۇردى، دىۋىنىڭ
پۇتى كېسىلدى، قارا دىۋە ئەمدى سېھرىي - جادۇگەرلىك يول-
نى تۇتتى، ئوت پۈركۈدى، ئابدۇلئەزىز ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ
رەت قىلدى، دىۋە سۇ پۈركىدى، ئىسمىئەزەم شاراپىتىدىن سۇ-
مۇرغ يوق بولدى، دىۋە ئەپسۇن ئوقۇپ يەرگە ھۇردى، تاشلار
يىرتقۇچلارغا ئايلىنىپ ھەملە قىلدى ئەمما ئىسمىئەزەم ئوقۇلغان
ھامان كەينىگە يېنىپ دىۋىگە ئېتىلدى، دىۋە ئەپسۇننى قايتۇر-
دى، ھەممە تاش بولدى، دىۋە يەنە ئەپسۇن ئوقۇغانىدى، ھاۋا
گۇلدۇرلەپ، چاقماق چېقىلدى، يەر تەۋرەپ تاغۇ تاشلار گۇمۇ-
رۇلۇپ، شاھزادە ئابدۇلئەزىزگە بالايى - قازا يۈزلەندى. ئەمما
كار قىلمىدى، ئىسمىئەزەم سېھرىي - جادۇنى بېسىپ چۈشتى،
ئۇلار جەڭنى شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى
شاھزادە قەھرىماندىن ئاڭلىغايمىز.

شاھزادە قەھرىمان مۈشۈك سۈرىتىدە غارغا كىردى. بىر
دىۋىگە دۇچ كەلدى، قارا دىۋىنىڭ غۇلامى ئىدى، شاھزادە قەھ-
رىمان دەرھال ئەسلىگە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلدى، زور
غەيرەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ئاخىر دىۋىنى ھالاك قىلدى، زۇل-
مەتكە كىردى. ئۇ جاي قارا قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك
ئەتراپ قاپقاراڭغۇلۇق ئىدى. شاھزادە قەھرىمان ئاق گۆھەرنىڭ
روشەنلىكىدىن بىمالال كېتىۋەردى، ئاخىر بىر قارا تاش ئوردىغا

يەتتى. چوڭلۇقى تاغدەك گۇمبەزلىك ئوردا ئىدى، ئىچىگە كىر-
دى. ئارىلاپ يۈرۈپ بىر ئەينەكنى كۆردى، قوش قارا ئەجدىھا
ئارىغا ئېلىپ تۇرۇپتۇ، ئەينەككە قول سۇندى، ئەجدىھالار ھەرد-
كەتكە كېلىپ، ئۇنىڭغا خىرىس قىلدى. شاھزادە قەھرىمان
ئۆزى يالغۇز ئىككى ئەجدىھاغا تاقابىل تۇرۇپ جەڭ قىلدى. مىڭ
مۇشەققەتلەر ئىچىدە ئۇلارنى ھالاك قىلدى ئەمما ئۆزىمۇ ھالسى-
راپ قارا تەرگە چۆمدى، تەرىنى سۈرتكەچ ئەينەكتە نېمە خاسى-
يەت بارلىقىنى بىلمەك ئۈچۈن ئېلىپ كۆردى، يەر تەكتىدە بىر
ساراي كۆرۈندى، ئىچىدە لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈپ تۇرار ئىدى،
ئوت ئىچىدە بىر ساندۇق، ساندۇقتا بىر قەپەس، قەپەستە بىر
جۈپ تۇتى قۇش بولۇپ، بىرى ئاق، بىرى قارا ئىدى.
شۇ پەيتتە قاتتىق يەر تەۋرەپ، شاھزادە قەھرىمان تاپىنى
ئاستىدىكى لەخمىگە چۈشۈپ كەتتى. لەخمىدە ھېسابسىز يىلان-
چايان، دۆ - ئۆمۈچۈكلەر مىغىلداپ يۈرەر ئىدى، يىلانلارنىڭ
توملۇقى تۈۋرۈكتەك، چايان ۋە ئۆمۈچۈكلەر بولسا قوي -
كالىلاردەك زور ئىدى، شاھزادە قەھرىمان ئىختىيارسىز ئۆزىنى
دوزاخقا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، بىر ئەپسۇن ئوقۇپ
ئوت پەيدا قىلدى، ئول دەھشەت ياغدۇرۇپ تۇرغان گېزەندىلەر-
نىڭ بارچىسى كۆيۈپ كۇل بولدى. ئاندىن ئۆتۈپ بىر ئىشىككە
يەتتى. قىپقىزىل چوغ بولۇپ، تۇتۇشقا ئىمكان يوق ئىدى.
شاھزادە قەھرىمان بىر زەربە بىلەنلا ئىشىكتىكى تۆگىدەك
قۇلۇپنى پارچىلاپ ئاق گۆھەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئوت ئىچىگە
بىمالال كىرىپ ساندۇقنى ئېچىپ، يېرىمى ئاق ۋە يېرىمى قارا
بىر قەپەسنى كۆردى، ئاق تەرىپىدە ئاق تۇتى ۋە قارا تەرىپىدە
بىر قارا تۇتى بار ئىدى. ئاق تۇتى سايرىدى:
— قارا تۇتىنى ئۆلتۈرۈڭ، — دەپ. قارا تۇتى سايرى-
دى:
— ئاق تۇتىنى ئۆلتۈرۈڭ، — دەپ.

شاهزاده قەھرىمان قايسى بىرنىڭ سۆزىگە كىرىشنى بىلـ
مەي، قەپەسنى كۆتۈرۈپلا ماڭماقچى بولغانىدى، قوللىرى تاش
بولدى، قويغانىدى، ئەسلىگە كەلدى، ئاخىر بىر قولىدا كۆتۈرـ
دى، شۇ قولى تاش بولۇپ، مىسالى تاغ ۋەزنىدە ئېغىرلىق
قىلىپ، زور جاپا سالدى؛ ئەمما چىدام بىلەن مېڭىۋەردى.
لەخمىدىن چىقاي دېگەندە ئاجايىپ خۇش سۈرەت بىر ساھىبجامال
ناز ـ كەرەشمە بىلەن كېلىپ دېدى:

— ئەي، ياخشى يىگىت، تۇتىلارنىڭ بىرى مېنىڭ ئىدى،
قەپەسنى بەرسىڭىز ئېلىۋالسام.

شاھزادە قەھرىمان ئەقلى لالە بولۇپ، قەپەسنى بەردى،
ساھىبجامال قەپەسنى ئېلىپلا بىر شاپىلاق ئۇرغانىدى. بىھوش
بولۇپ يىقىلدى.

شاھزادە قەھرىمان بىر چاغلاردا ھوشىغا كېلىپ ئورنىدىن
تۇردى، ھېلىقى ساھىبجامال ھېچ يەردە كۆرۈنمەس ئىدى ئەمما
ئاق گۆھەر يېنىدا ئىدى. ئۆزىنىڭ ئالدانغىنىنى سېزىپ، ئەيـ
نەككە يەنە قارىدى، بىر يەر ئاستى سارايىنى كۆردى، ئاندىن
بىر كۆلچەكتە قاپقارا زەھەر قايناپ تۇرۇپتۇ، ئاستىدا بىر ساذـ
دۇق، ساندۇق ئىچىدە قەپەس بىلەن تۇتىلار تۇرۇپتۇ.

شاھزادە قەھرىمان قانداق كىرىشنى ئويلىنىپ تۇرار ئىدى،
يەر يېرىلىپ، بىر لەخمىگە چۈشۈپ كەتتى. ئاندا ھېسابسىز
زەھەرلىك قوزۇقلار بولۇپ، دەسسەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
پۇتى يەرگە يەتكۈچە قۇشقا ئايلىنىپ ئۇچۇپ بېرىپ بىر ئىشىككە
يەتتى. ئەسلىگە كېلىپ بىر پەنجە ئۇرۇپلا ئىشىكنى ئاغدۇردى.
ئىچىگە كىردى، ئاق گۆھەرنىڭ نۇرى چۈشكەن ھامان بۇ يەردىـ
كى كۆلچەكتە قايناپ تۇرغان زەھەر سۈزۈك سۇغا ئايلاندى.
زەھەرلىك تۇمانلار يوقالدى. شاھزادە قەھرىمان بىمالال ساذـ
دۇقنى ئېچىپ قەپەسنى چىقاردى، قولى تاش بولدى، شۇ ھالەتـ
تە يەنە لەخمىدىن چىقاي دېگەندە ئىلگىرىكىدىنمۇ خۇش سۈرەت

بىر نازىنىن پەيدا بولۇپ دېدى:

— ئەي مەرد يىگىت، تۇتىلارنىڭ بىرى ماڭا تەئەللۇق ئىدى. قەپەسنى بەرسىڭىز چىقىرىۋالسام.

شاھزادە قەھرىمان يەنە قەپەسنى بەرمەك بولدى ئەمما يەنە ئىلگىرى بىر ئالدانغىنى ئېسىگە كېلىپ ھوشىنى يىغدى، سا-ھىبجامال ئورنىدا ئەمدى بىر بەتبەشىرە جىن تۇرغان.

شاھزادە قەھرىمان ئۆزى بىلىدىغان بىر ئەپسۇننى ئوقۇدى، بىر ئوت پەيدا بولۇپ، جىننى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلدى.

شاھزادە قەھرىمان ئەمدى خاتىرجەم ھالدا لەخمىدىن سارايى-غا چىقتى، زۇلمەتتىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى. ئەمما، ماڭغانسېرى قەدىمى ئېغىرلاشتى، قارىسا پۇتىغا ناھايىتى ئېغىر زەنجىر - كىشەنلەر سېلىنىپ قاپتۇ، بار كۈچ - قۇۋۋى-تىنى يىغىپ غارغا كىردى. ئارقىسىدىن ئاجايىپ دەھشەتلىك قىقاس - چۇقان ۋە غوۋغالار كۆتۈرۈلدى. بىلدىكى قارا دىۋىنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرى قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

شاھزادە قەھرىمان: «ئەمدى تۈگەشتىم» دەپ ئۈمىد ئۈ-زۈپ تۇرغانىدى، قوغلاپ كەلگەنلەر يورۇقلۇقتىن ئۈركۈپ توخ-تاپ قالدى. ئۇلار تا شۇ كەمگىچە زۇلمەتتە ياشاپ، يورۇقلۇق كۆرمىگەچكە ئاق گۆھەرنىڭ نۇر ۋە يورۇقلۇقىدىن ئەندىكىپ توختاشقانىدى ئەمما سېھىرىي - ئەپسۇن بىلەن ھېسابسىز ئەجدى-ھا، يىلان - چايانلارنى پەيدا قىلىپ قوغلاشقا سالدى، شاھزادە قەھرىمان سېھىرىي كۈچ بىلەن بىر يوغان تاشنى يۆتكەپ، يولنى توسۇپ قويۇپ، ئۆزى غاردىن چىقىۋالدى.

ئاندا قارا دىۋە بارچە سېھىرىي - كارامىتى كـار قىلماي، تېنـى سەكپارە بولـۇپ، بىر بېشىلا قالغان، يـوغان قولاقلىـ-رىنى قانات قىلىپ، غـارغـا ئۈچۈپ كىرىۋالماق قـەستىدە يۈرگەندى.

شاھزاد قەھرىمان قوغلاپ كەلگەن دىۋە ۋە چەرەندە - پە-

رەندىلەرنىڭ غاردىن چىقىشماقچى بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ تۇۋلىدى:

— ئەي دوستۇم، ئەمدى جەڭنى توختاتقىن، ئول باش بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، تۈتىنى قولغا چۈشۈردۈم، يولىمىزغا راۋان بولايلى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئىسمىئەزەمنى ئوقۇدى، شاھزادە قەھرىمانىنىڭ پۇتلىرىدىكى زەنجىر ـ كىشەنلەر غايىب بولدى، قولى ھەم ئەسلىگە كەلدى. غاردىن قوغلاپ چىققان ئەجدىھالارمۇ چېكىندى.

تۈتىلار بەند بولغان قەپەسنى كۆرۈپ، قارا دىۋىنىڭ بېشى-دىن سادا كەلدى:

— ئەي باھادىرلار، نۇسرەت سىزلەرگە يار بولدى، تەق-دىرگە تەن بەردىم ئەمما ئاق تۈتىنى ئېلىپ كېتىپ قارا تۈتىنى ماڭا قالدۇرۇڭلار. ئۇ سىزلەرگە ئالاقىسىزدۇر، ئۇنىڭ بەدىلىگە سىزلەرنى ماكانىڭلارغا ساق ـ سالامەت يەتكۈزۈپ قوياي. شۇ چاغدا سۇمۇرغ يىراقتىن ندا قىلدى:

— ئەي شاھزادىلەر، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماڭلار، قارا تۈتى ئۇنىڭ جان تۈتىسىدۇر، دەرھال بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلاڭلار. قارا دىۋىنىڭ بېشى ساراسىمىگە چۈشۈپ دېدى:

— قارا تۈتىنى ماڭا بېرىڭلار. ئەمدى ھېچكىمەرسىگە زىيىنىم يەتمەس، مېنى ئۆلتۈرمەكتىن سىلەرگە پايدا يوق.

ئەمما شاھزادە قەھرىمان قۇلاق سالماي، قەپەسكە قولىنى سالغانىدى، تاش بولدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئىسمىئەزەمنى يادلاپ تۇرۇپ قول سېلىۋىدى، قارا تۈتى تۇتۇلدى، قارا دىۋىنىڭ بېشى ئۇنى تارتىۋالماق ئۈچۈن چاقماقتەك شۇڭغۇپ چۈشتى، ئەمما پۇرسەت بولمىدى، قارا تۈتىنىڭ بېشى ئۈزۈلدى. قارا دىۋىنىڭ بېشى تۈتەككە ئايلىنىپ غايىب بولدى. سۇمۇرغ يېتىپ كېلىپ دېدى:

— ئەمدى تېزرەك كېتەيلى، زۇلمەت دېۋىلىرى چىقسا كەتمەك بەسى مۇشكۇل بولار، ئۇستۇمگە ئولتۇرۇڭلار.

شاھزادىلەر سۇمۇرغنىڭ ئۇستىگە ئولتۇردى، سۇمۇرغ پەرۋاز قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قاناتلىق بىلىق پىنھان قىلىنغان جايغا يەتكۈزدى، شاھزادىلەر سۇمۇرغ ئۇستىدىن چۈشتى، شۇ ۋاقىت بىر توپ جادۇگەر پەيدا بولۇپ توۋلاشتى:

— ئەي شاھزادە قەھرىمان، گۇلھايلاتلاردىن بىرىنى قالدۇرماي ئېلىپ مېڭىپسەن، سەندە ئىنساپ يوقمۇ، دەرھال قايتۇرغىن، بولمىسا سىلەردىن ئۈچ قېرىندىشىمىزنىڭ قىساسىنى ئالىمىز، تىرىك قايتالمايسىلەر. سۇمۇرغ ئېيتتى:

— ئۇلار گۇلھايات گىياھىنىڭ خاسىيىتىدىن ئۇزۇن ئۆمۈرگە ئېرىشكەندى. ئۇنىڭدىن ئايرىلسا ئۆمرى كۆتە بولار. ھەرگىز بەرمەڭلار. شاھزادە قەھرىمان جادۇگەرلەرگە دېدى:

— ئۈچ قېرىندىشىڭلار بىزگە كۆپ مالامەت قىلغانىدى، ھەق جازاسىنى تارتتى، سىلەر ھەم كەينىمىزدىن جەھەننەمگە كىرىشنى ئىختىيار قىلساڭلار قېنى كېلىڭلار. گۇلھاياتنى تالىشىڭلار. جادۇگەرلەر ئېيتىشتى:

— ئەي نادان، پەرىلەر قوۋمىدىن تۇرۇپمۇ سېھرىي - جادۇلىرىمىز كۈچىنى بىلمەمسەن؟

شۇنداق دەۋېتىپ ئۇلار ئەپت — بەشىرىسىنى ئايان قىلدى، ئادەم باشلىق يىلان - چايانلار ۋە دۆ - ئۆمۈچۈكلەر، شىر يولۋاس باشلىق ، ئادەم تەنلىك مەخلۇقاتلار بولۇپ، ھەممىسى تەڭلا خىرىس قىلىپ كەلدى. شاھزادىلەر قىلىچ يالىڭاچلاپ جەڭگە ھازىرلاندى. جادۇگەرلەر ئۇلارنىڭ جەسۇرلۇق يېغىپ تۇرغان ئەلپازىنى كۆرۈپ سېھرىي قىلىشقا باشلىدى. قاياقتىندۇر بىر تاغ غاقىراپ كېلىپ، شاھزادىلەرنىڭ بېشىغا ئۇرۇلدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ، تاغنى قايتۇ-

روۋپ جادۇگەرلەر ئۈستىگە غۇلاتتى، جادۇگەرلەردىن بىر قانچى-
سى بىخۇد تۇرۇپ قالغاچ قاچقۇچە تاغ ئاستىدا قېلىپ، ئىپلاس
تەنلىرى مىجىلدى. تۇپراققا پاتتى، قالغانلىرى يەنە سېھرىي
قىلدى، ئەتراپتىكى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار ئوت
ئەجدىھالىرىغا ئايلىنىپ ھەملە قىلدى، ئىسمىئەزەم ئوقۇلغان
ھامان ھەممىسى يەنە كەينىگە يېنىپ جادۇگەرلەرگە ئۆرۈلدى،
جادۇگەرلەر دەرھال بۇ سېھرىنى ياندۇرۇپ، يېڭىدىن سېھرىي
قىلدى، يەر يېرىلىپ شاھزادىلەرنى يۇتتى ئەمما ئىسمىئەزەم
ئوقۇلۇشى بىلەن ئۇلار يەنە يەر يۈزىگە چىقىپ قالدى، جادۇگەر-
لەر يەنە باشقا سېھرىي - جادۇلىرىنى ئىشقا سالدى، بىراق
ھەممىسى ئۆزلىرىگە قايتۇرۇلدى، يەنە بىر قانچىسى ھالاك بول-
دى ئەمما قالغانلىرى نىيىتىدىن يانمىدى. شاھزادە قەھرىمان
دېدى:

— بۇلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۇرماي يولىمىزغا كېتىۋې-
رەيلى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— ئانداقتا مۇشۇ ئەتراپتىن قاناتلىق بېلىقنى تاپاي.
ئاندىن سۇمۇرغ دېدى:

— ئۇنى جادۇگەرلەر تېپىۋېلىپ، ئېرىتىپ، بىر پارچە
ئالتۇن قىلىۋەتتى، سىلەرنى مەنزىلگە مەن يەتكۈزەي.

شاھزادىلەر دەرھال سۇمۇرغنىڭ ئۈستىگە مىندى، جادۇ-
گەرلەر سۈرەن سېلىشتى:

— ئەي توخۇ يۈرەكلەر، ئەمدى قورقۇپ قاچتىڭلارمۇ؟
شاھزادە قەھرىماننىڭ غەزىپى ئۆرلەپ دېدى:

— ئەي دوستۇم، قىلىچنى ماڭا بېرىپ، ئۆزۈڭ ئىسمىئە-
زەمنى ئوقۇپ تۇرغىن، مەن ئۇلارنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپ كې-
لەي.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز قىلىچنى بەردى، ئۆزى ئىسمىئەزەم-
نى توختاتماي ئوقۇشقا باشلىدى، شاھزادە قەھرىمان بولسا

لاچىن مىسالى پەرۋاز قىلىپ، جادۇگەرلەر ئۈستىگە ئېتىلدى، سۇر ـ توقاي قىلىپ، قوغلاپ يۈرۈپ كەتتى، سۇمۇرغ ھەم ياردەمگە كەتتى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىر ۋاقىتلار ئاغزى قۇرۇپ، ئىسمى- ئەزەمنى ئوقۇشتىن توختىغانىدى، ئالدىدا بىر زىبا چېھرە نازى- نىن پەرى زاھىر بولدى، نازلىق كۈلكىسى جان تۇتىسىنى پاراكەندە قىلار ئىدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىخۇد بولدى، ئۇل دىلرەبا نازۇك قوللىرىدا چوغدەك قىزىل ۋە چىنىدەك يوغان، ئاجايىپ خۇشبۇي بىر ئالما تۇتۇپ دېدىكى:

— ئەي يىگىتلەرنىڭ سەردارى، ئۇل جادۇگەرلەر بېشىغا ئەجەل ئوتى چاچتىڭىز، ئۇلار قاچتى، بۇ پۇرسەتتە بۇ ئالمىنى تاناۋۇل قىلىڭ، ۋۇجۇدىڭىز كۈچكە تولسۇن، غەيرىتىڭىز جۇش ئۇرسۇن، ئۇلار يەنە كەلسە ھايالسىز جەھەننەمگە ئۇزىتىپ، جاھاننى بۇ ئىپلاسلاردىن پاك قىلغىن.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز قاتتىق ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق تۈپەيلى ئالمىنى ئالدى ۋە بىر چىشلىدى، شۇ چاغ سۇمۇرغ كۆكتىن شۇڭغۇپ چۈشۈپ، ئالمىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى، بىراق چىشلەپ بولغان ئازغىنا بىر قىسمى ئاغزىدا قالدى، شۇ ھامان ۋۇجۇدىنى بىر تىترەك بېسىپ، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، يەنە بىردەملا ئەسلىگە كەلدى، بىراق ئىسمىئەزەم بىلەن بارلىق ئىلىم ـ ھېكمەتلەر دىلىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

ھېلىقى نازىنىن قاقاقلاپ شۇنداق كۈلدىكى، تاغۇ تاشلار تەۋرەپ، زېمىن لەرزىگە كەلدى، ئاندىن دېدىكى:

— ئەي نادان، دوست ـ دۈشمەننى پەرق قىلماي، يېگەن ئالمىنىڭ كارامىتى بۇدۇر، بارچە ئىلمىڭ يوق بولدى، ئىسمى- ئەزەم ھەم دىلىڭدىن ئۆچۈرۈلدى، ئىلگىرى مىسالى شىر بول- ساڭ، ئەمدى بىر ياۋاش قوزاسەن، قورققۇدەك ھېچ يېرىڭ قالمىدى، ھاياتلىق دەرىخىڭنى ئەجەل ئوتىدا كۆل قىلىمەن،

مەلىكە شاھخۇبانىبانۇنىڭ جان تۇتىسىمۇ، گۇلھاياتلارمۇ بىر ماڭا تەئەللۇق بولغاي.

شۇ سۆز بىلەن ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارا قىلدى، ئەسلى چايان تەنلىك، ئادەم باشلىق جادۇگەر ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئەپسۇس ـ نادامەت چېكىپ، جادۇگەر بولسا كۆرەڭلەپ، خۇدىنى يوقىتىپ تۇرغان شۇ پەيتتە بىر ئوق كېلىپ، جادۇگەرنىڭ گەۋدىسىگە قادالدى، رەڭگى ئۆڭۈپ قاتـ تىق ئاھ تارتقانچە جان بەردى، ئوقنى شاھزادە قەھرىمان ئاتقانـ دى. ئاندا سۇمۇرغ دېدى:

ـــ ئەمدى سىلەرگە بۇ يەردە ئۆتكەن بىر دەقىقە ۋاقىتمۇ هارام، دەرھال كېتەيلى، ھايال بولساق ھالاكىتىمىز ئېنىق.

شاھزادىلەر دەرھال ئۇنىڭ ئۇستىگە ئولتۇردى، سۇمۇرغ ئۇچتى، پات پۇرسەتتە بوران دەرياسى ۋادىسىغا يەتتى، قوغلاپ كەلگەن جادۇگەرلەر ئۆز تەۋەسىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى ئوت ئوققا ئايلاندۇرۇپ ئارقىدىن ئاتتى ئەمما سۇمۇرغ چاقماق تېزلىـ كىدە ئۇچۇپ ھېچبىرىنى ئۆزىگە تەگكۈزمىدى، شاھزادىلەر ئۇـ نىڭ پەي ـ قاناتلىرى ئارىسىدا تىنچ ـ ئامان قالدى.

سۇمۇرغ شۇ ئۇچقانچە بارغانسېرى ئېگىزلەپ ۋە بارغانسېرى ئېگىز ئۇچۇشقا تىرىشىپ، ئاخىر 49 كۈن بولغاندا يەتتە خەتەرـ لىك دەريا ئۇستىدىن ھالقىدى، يەرگە قوندى، شاھزادىلەرمۇ يەرگە چۈشۈپ، كۆپ تەشەككۇرلەر ئىزھار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇمۇرغ خوشلىشىپ، ماكانىنى كۆزلەپ ئۇچۇپ كەتتى.

شاھزادىلەر سۇمۇرغنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن يولىنى داـ ۋام قىلدى، بىر ۋاقىتلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاق رەڭلىك چوڭ تۇتى پەيدا بولۇپ سورىدى:

ـــ ئەي باھادىرلار، مەلىكە شاھخۇبانىبانۇنىڭ جان تۇتىسىـ نى ئېلىپ كەلدىڭلارمۇ؟ شاھزادە ئابدۇلئەزىز جاۋاب قىلدى:

ـــ ئېلىپ كەلدۇق، تۇتى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، يەرـ

زېمىن لەرزىگە كەلدى، شاھزادە قەھرىمان گۇمان قىلدى «ئۇ بىر بەدنىيەت جادۇگەر بولسا كېرەك» دەپ.

شاھزادە قەھرىمان شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى ھوشيار تۇرۇشقا ئۈندىدى ۋە يولغا ئالدىراتتى ئەمما تۈتى پۇرسەت بەرمەي سېھىرىي- ئەپسۇن يولى بىلەن زېمىننى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇردى، ئۆزى ھەم بىر پارچە ئاتەش بۇلۇت بولۇپ، شاھزادىلەرگە ئېتىلدى، شاھزادە قەھرىمان قىلىچ ئۇرغانىدى، ئوت ئىككى پارە بولدى ئەمما قىلىچ يانغان ھامان يەنە بىر بولدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز يەر ئاستى سارايدا يولۇققان قىزىل دىۋىگە يەنە دۇچ كەلگەنىدى. قىزىل دىۋە ھۆركىرىدى:

— ئەي كەم ئەقىللەر، ھاياتلىقتىن ئۈمىدىڭلار بولسا قەپەسنى قالدۇرۇپ، كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار، بولمىسا جان بېرىشكە تەييارلىنىڭلار. شاھزادىلەر ئېيتتى:

— ئەي لەنەتكەردە، بەدنىيەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى ھامان ياخشى بولمايدۇ. قىزىل دىۋە مەلئۇننىڭ قەھر - غەزىپى جوش ئۇرۇپ، ئاغزى - بۇرنىدىن تۈتەك ۋە يالقۇن پۇركىلىپ، يەر يۈزىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ دەھشەت ئوت يالقۇنى قاپلاپ، ئۇلار تەرەپكە يامراپ كەلدى، شاھزادە قەھرىمان ئۆزى بىلىدىغان سېھىرىي - ئەپسۇن بىلەن تاقابىل تۇرماقچى بولدى لېكىن زەئىپ كەلدى. نائىلاج دېدى:

— ئەي دوستۇم، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— مېنى قالدۇرۇپ كېتىۋەرگىن، مەلىكە شاھخۇبانىبانۇنىڭ جان تۈتىسىنى ئېلىپ كەتكىن ئەجرىمىز بىكار كەتمىسۇن. شاھزادە قەھرىمان:

— كەتسەك بىللە كېتەرمىز، — دەپ لاچىن بولۇپ، شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى ئۈستىگە ئېلىپ كۆككە پەرۋاز قىلدى، بىراق قىزىل دىۋە ئوت ئەجدىھاسى بولۇپ قوغلاپ كەلدى، ئوت

پۇركىدى، پەي ـ قاناتلىرى ئۇتلەنگەن لاچىن سىياق شاھزادە قەھرىمان يەرگە موللاق ئاتتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز زەخىم يەپ يىقىلدى، قىزىل دىۋە يېتىپ كېلىپ قەپەسنى تارتىۋالدى ـ دە «ئەي نادانلار» دېدى قاقاقلاپ كۇلۇپ «ياخشىلىقچە تۇتمنى بەرـ مەي، بۇ بالاغا دۇچار بولدۇڭلار، ئامان قويماس ئىدىم، لېكىن مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ جان تۇتىسىنى ئېلىپ كەلگىنىڭلار ھۆرمىتى، جېنىڭلارنى ئۆزۈڭلەرگە قالدۇراي.»

ئارقىدىن بىر چىمدىم توپا چاچتى، شاھزادىلەر ئىككى تۇتىغا ئايلاندى، بويى بىر غېرىچ، رەڭگى ئاتەش مىسالى قىزغۇچ سېرىق ئىدى.

دىۋە ئاندىن يەرگە بىر تېگىپلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، تېزلا غايىب بولدى، تۇتى سۇرەتلىك شاھزادىلەر بولسا كۆپ بىسەرەمـ جان بولغان بولسىمۇ لېكىن قاناتلىق جانىۋارلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلغىنىغا شۇكۇرلەر ئېيتىپ، بار كۈچ ـ قۇدرىتىنى قاناتلىـ رىغا يىغىپ باغى مۇرغىزارغا قاراپ ئۇچتى، توققۇز كېچە ـ كۈندۈز ئۇچۇپ جان ھەلقۇمىغا كەلگەندە مەنزىلگە يەتتى. شاھزاـ دە قەھرىماننىڭ ئاتىسى شاھپەرىنىڭ بىلەكلىرىگە قوندى.

شاھپەرى بىيار ئەجەبلەندى: «نېمە ۋەجىدىن تۇتىلار قوـ لۇمغا قونار» دەپ.

شاھزادىلەرنىڭ تىلى بەند ئىدى، ئەسلى ـ ۋەسلىنى بايان قىلىشقا ئاجىز كەلدى، بىراق شاھپەرىنىڭ ھۇزۇرىدىكى سېھـ رىي ـ جادۇ ئىلمىغا كامىل بىر ھۆكۈما دېدى:

— ئەي كەرەملىك شاھ ئالىيلىرى، ئۇلار ئەسلى تۇتى بولمىسا كېرەك. شاھپەرى سورىدى:

— ئەسلى كىمدۇر؟ ھۆكۈمالار قۇرئىگە قاراپ دېدى:

— قىزىل دىۋە مەلئۇننىڭ سېھرىي ئىسكەنجىسىگە چۇـ شۇپ قالغان شاھزادە قەھرىمان بىلەن بىر ئادەمزات ئەۋلادى ئىكەن. شاھپەرى تاقەتسىزلىنىپ پەرمان قىلدى:

— دەرھال ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار، — دەپ. ھۆكۈمالار دېدى:

— ھازىر تەدبىرگە ئاجىزمىز، تا قىزىل دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى چاچمىغۇچە ئەسلىگە كەلمەس. شاھپەرى سورىدى:

— ئۇنى قانداق تاپارمىز؟ ھۆكۈمالار ئېيتتى:

— ئۇنىڭ جاي ماكانى مەشرۇق تەرىپىمىزدىكى ئاتەش قەلئەسىدۇر ئەمما ئۇنىڭ سېھرىي - ئەپسۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىزدۇرمىز.

شۇ چاغ شاھپەرىنىڭ ھۇزۇرىغا مەلىكە ماھئۇزاربانۇ بىلەن شاھزادە شىرئەلى كىرىپ سالام بەردى، شاھپەرى ئۇلارنى ئىززەتلەپ، ئۆز تەختى يېنىدىن جاي بەردى، ئاندىن سورىدى:

— ئەي قېرىنداشىمنىڭ قىزى، يۈرەك پارەم، بۇ يەرگە قۇتلۇق قەدەملىرىنىڭ يەتمەكتىن مۇددىئا نېمىدۇر. ماھئۇزاربانۇ دېدى:

— ئەي ھۆرمەتلىك كىچىك ئاتا، دوستىمىز ئابدۇلئەزىز دەريائى تىلسىم ئاستىغا شۇڭغۇغانچە غايىب بولغانىدى، تاپالماي ئاۋارە ئىدۇق، ھۆكۈمالار قۇرئى سېلىپ، ئۇنىڭ زۇلمەت سەپىرىدىن يېنىشىدا شاھزادە قەھرىمان بىلەن ھۇزۇرىڭىزغا كېلىۋاتقىنىدىن خەۋەر بەردى، ھايالسىز ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشماق بولۇپ، يولغا چىققانچە ئالدىڭىزغا كەلدۇق. شاھزادە غەمكىن بولۇپ دېدى:

— ئۇلار كۆز ئالدىڭلاردا تۇرغان تۇتىلاردۇر، كەلگىلى ئۇزاق ۋاقىت بولمىدى. شاھزادە شىرئەلى ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— نى سەۋەبتىن ئۇشبۇ ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇر؟ شاھپەرى دېدى:

— قىزىل دىۋىنىڭ سېھرىي - ئەپسۇنلىرى سەۋەبلىك

ئۇشبۇ هالغا چۈشۈپ قېلىپتۇر، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بىرەر چارە بولمىدى. مەلىكە ماھشۇزاربانۇ دېدى:

— قىزىل دىۋە كۆپ ۋاقىتتىن بىرى مەلىكە شاھخۇبانىبانۇنىڭ قەستىدە ئىدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز جان تۇتىسىنى تاپقان بولسا بۇ بالاغا يولۇقۇپتۇ. شاھزادە شىرئەلى دېدى:

— ئەمدى قانداق قىلارمىز؟

شاھپەرى ھۆكۈمالارنىڭ سۆزىنى بايان قىلدى. ھەممە غەمگە چۆكتى، ئاخىر شاھپەرى يەنە دېدى:

— ئەي قېرىندىشىمنىڭ قىزى، ئەمدى ئاتاڭ قېشىغا يانغىن، ئۇشبۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئاتەش قەلئە تامام ئاتلىناي، ئىككى پەرزەنتنى ئۆز هالىغا كەلتۈرمەك ئۈچۈن بار ئىمكانچە تىرىشىپ بېقىشىم لازىم.

— مەنمۇ سىز بىلەن بىللە بارىمەن، — دېدى مەلىكە ماھئۇزاربانۇ، ئاندىن شاھزادە شىرئەلىنى تۆت پەرى بىلەن ئاتىسىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ماڭدۇردى.

شاھپەرى دەرهال پەرمان بىلەن تەۋەسىدىكى سېهرىي - جادۇگەر، ئۆلىما - ھۆكۈمالىرى ۋە لەشكەرلەرنى يىغىپ، سەپراس قىلدى، مەشرىق تامام يول ئالدى، شاھپەرىنىڭ غەم قايغۇسىغا ئورتاق بولۇش ئۈچۈن ھېچ كىشى ئۇشبۇ خەتەرلىك سەپەردىن باش تارتمىدى.

ئۇلار يول ئۈستىدە ئاز ئارام ئېلىپ كۆپ يول يۈرۈپ، قىرىق كېچە - كۈندۈزدە ئاتەش قەلئەسى يېنىغا چۈشتى. كۆردىكى كۆز ئالدىدا بىر ئۇلۇغ ئوت، ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە ھەممە يېرى قىپقىزىل چوغلانغان بىر قەلئەيى ئاجايىبات تۇرۇپتۇ.

شاھپەرىنىڭ لەشكىرى قەلئەگە ھۇجۇم قىلىشقا هازىرلىنىپ تۇرغانىدى. ئوت ئىلگىرىكىدىن نەچچە باراۋەر ئۇلغىيىپ، ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمىدى بەلكى سانسىزلىغان ئوت ئەجدىهالار

ئېتىلىپ چىقىپ، شاھپەرى لەشكەرلىرى بىلەن جەڭگە چۈشتى،
شاھپەرىنىڭ سېھرىگەر، ھۆكۈمالىرى ئۇلارغا سېھرىي- ئەپسۇن
بىلەن تاقابىل تۇرۇپ بىرىنىمۇ ئامان قويمىدى.

شۇ ۋاقىت قىزىل دىۋە ھېسابسىز لەشكىرى بىلەن چىقىپ
جەڭگە چۈشتى. ئارىدا مىسالى كۆرۈلمىگەن قانلىق بىر جەڭگى-
جېدەل بولدى، يەر تەۋرەپ كۆك يۈزىنى ئاتەش بۇلۇتلار قاپلى-
دى، ھەر تەرەپتە غەزەپ چاقماقلىرى چېقىلىپ گۈلدۈرماما
ساداسى ئالەمنى لەرزىگە سالدى.

ئارىدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز جەڭ بولدى، شاھپەرىنىڭ
لەشكىرى بىيار جاسارەت بىلەن جەڭ قىلدى. ئەمما، دىۋىلەرنى
بەربات قىلالماي ئۆزلىرى زەئىپلەشتى، ھالى خاراب بولدى. شۇ
ۋاقىت بىر تەرەپتىن، پەلەككە يەتكۈدەك چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، بىر
ئۇلۇغ لەشكىرى باھادىرلەر چىقىپ كەلدى ۋە كەلگەنچە توختى-
ماستىن قىزىل دىۋە لەشكەرلىرىگە تاشلاندى، باغى مۇرغىزار
پەرلىرى كۈتمىگەن بۇ مەدەتكارلىقتىن روھلىنىپ، ئىلگىرىكى-
دىنمۇ نەچچە ھەسسە باھادىرلىق بىلەن جەڭگە چۈشتى.

قىزىل دىۋە لەشكەرلىرى كۆپ تالاپەت كۆردى، قالغانلىرى
دەرھال ئاتەش قەلئەسىگە چېكىندى، ئاتەش قەلئەسى ئوت يال-
قۇنلىرى ئۈستىگە ئۆرلەپ ، چاقپەلەكتەك چۆرگىلەشكە باشلى-
دى، پەرى لەشكەرلەر يېقىن بارالمىدى.

ئاندا شاھپەرى ئېنىقلاپ بىلدىكى ياردەمگە كەلگەنلەر قې-
رىندىشى باغۇ ئىرەم شاھىنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەن، كۆپ خۇر-
سەن بولۇپ، ئىككى توپ لەشكەرنى بىر قىلىپ، ھۆكۈمالىرى
بىلەن كېڭەش قىلدى، — قىزىل دىۋە مەلئۇن جەڭدە كۆپ
تالاپەت يېدى، ئەمدى سېھرىي - جادۇ بىلەن تېگىش قىلار،
قانداق تاقابىل تۇرماق كېرەك؟ — دەپ. ھۆكۈمالار ئېيتتى:

— لەشكەرلىرىمىزنى بىر ئاز چېكىندۈرۈپ، سېھىرگەر-
لەر بىلەن ھۆكۈمالار بىرلىشىپ قېلىپ قالغان ئول دىۋىنىڭ

سېھىرگە تاقابىل تۇرالىلى.

شاھپەرى بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، قازا قىلغان لەشكەرلىرىنىڭ مېيىتىنى ئېلىپ، قالغانلىرىنى چېكىندۈردى، سېھىرگەر - ھۆكۈمالار قالدى.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي ئاتەش قەلئەسىدىن ھەر تەرەپكە ئوت پۈركىلىپ، ئوت يالقۇنلىرى مىسالى كەلكۈندەك يامراپ بېسىپ كەلدى، باغۇ مۈرغىزار ۋە باغۇ ئىرەم سېھىرگەر ھۆكۈمالىرى ئىتتىپاق بولۇپ، بىر ئۇلۇغ سۇ پەيدا قىلدى، ئوتنىڭ يولى كېسىلدى، ئارقىدىن ئۇلار دەريائى تىلسىمدىن بىر بۆلۈك سۇنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، ئوت ئۈستىگە يامغۇر قىلىپ تۆكتى، قىزىل دىۋىنىڭ ئوتلىرى ئۆچتى، ئەمدى قىزىل دىۋە قەلئەسىدىن چىقىپ، يۈزتۇرا جەڭگە چۈشتى، ھېچبىر ھۆكۈما ۋە سېھىرگەرنىڭ تاقابىل تۇرۇشقا ماجالى يەتمىدى، قىزىل دىۋە ئاسماندا بىر ئاتەش بۇلۇت پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭدىن چوغلانغان مۆلدۈر ياغدۇردى، چاقماقلار چېقىلدى، ھەممەيلەن ئۆز جېنىنىڭ مۇھاپىزىتىدە قالدى، ئارقىسىغا ياندى. شاھپەرى بىلەن ماھئۈزاربانۇ بىئىلاج بولۇپ تۇراتتى، قىزىل دىۋە ئەمدى كۆكتە ئاجايىپ زور ۋە ھەيۋەتلىك ئوت ئەجدىھاسىغا ئايلىنىپ ئوت ۋە تۈتەك پۈركۈپ تۇرغان ئاغزىنى كۆلدەك ئېچىپ، ئۇلارنى دەم تارتتى، شاھپەرى بىلەن مەلىكە ماھئۈزاربانۇ خازان مىسالى ئۇچۇپ ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى، قۇتۇلۇشقا ئىلاجى يوق ئىدى، پەرى ھۆكۈما ۋە سېھىرگەرلەر، لەشكەر ۋە سەردارلار ئۇلارنىڭ ھاياتلىق كۆچىتىنىڭ ئەجدىھا قارنىدا كۆيۈپ كۈل بولمىقىغا كۆزى يەتتى - دە، يىغا - زارە قىلىشىپ، كۆكنى لەرزىگە كەلتۈردى.

شۇ ۋاقىت ئەجدىھانىڭ ئۈستىگە بىر سايە چۈشتى، قاراپ بولغۇچە بىر قانات كېلىپ ئۇرۇلدى، ئەجدىھانىڭ تاغدەك بېشى سەكپارە بولدى، شاھپەرى بىلەن مەلىكە ماھئۈزاربانۇ ھالاكەت

گىردابىدىن ياندى، ئاللاغا شۈكۈر ـ سانالار ئېيتىپ قارىسا ئاسمان يۈزىنى قاناتلىرى بىلەن يېپىپ، ئالتۇن رەڭلىك ئوتقاشتەك جۇلالىق، ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق، ئاجايىپ رەڭدار ۋە گۈزەل، ھەيۋەتلىك بىر قۇش قانات قېقىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ قانات قېقىشىدىن بۇلۇت ـ تۇمانلار دولقۇنلاپ گۈركىرەپ بوران چىقىپ تۇرار ئىدى.

ھەممە بىلدىكى، سۇمۇرغ كېلىپ دەستىيار بولۇپتۇ. ئاندا سۇمۇرغدىن ئاۋاز كەلدى:

— ئەي ھۆكۈما ـ سېھىرگەرلەر، دىۋە مەلئۇن زەئىپلەشتى، ئۆزگىرىپ ئۆز ھالىغا كەلگەن ھامان بەند قىلىڭلار، — دەپ.

ھۆكۈما ـ سېھىرگەرلەر دەرھال سېھىري ـ ئەپسۇن بىلەن بىر ئاق ئەجدىھا پەيدا قىلدى، بېشى سەكپارە بولغان ئوت ئەجدىھاسىنىڭ تېنى ئۆزگىرىپ ئەسلىگە كەلدى، ئاق ئەجدىھا دەرھال بېرىپ چىرماشتى، سۇدىن ھاسىل قىلىنغان بولغاچ دىۋە مەلئۇننىڭ ئۇنى بەربات قىلماققا قۇربى يەتمىدى، بىراق بىيار كۈچىنىپ قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى، شۇ ۋاقىت سېھىرگەر- ھۆكۈمالار ھەر تەرەپتىن قورشاپ، بىر سىقىمدىن تۇپراققا ئەپسۇن ئوقۇپ، قىزىل دىۋەنىگە چاچتى، دىۋە ئاغزىدىن ئاتەش شامال چىقىرىپ، ئۆزىگە تەگكۈزمىدى، قايتۇردى، ئەپسۇن ئوقۇلغان تۇپراقلار چاچقۇچىلارنىڭ ئۆزىگە بېرىپ ئۇرۇلۇپ، ئۇلاردىن بەزىلىرى تاشقا، بەزىلىرى تۈرلۈك جانىۋارلارغا ئايلىنىپ قالدى، ئەمما دىۋىنىڭ كەينىدىن سېھىري قىلغانلىرىنىڭ مەقسىتى ھاسىل بولۇپ، دىۋە بىر لەھەڭگە ئايلىنىپ قالدى چوغلانغان تۇپراقتا ھەدەپ پىلتىڭلاشقا باشلىدى، تىلىنى سېھىري ـ جادۇغا جارى قىلغۇچە يەنە ھۆكۈمالار سېھىري قىلىپ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ، تىلىنى بەند قىلدى، ئەمدى خالاسلىق تاپماققا ئىمكانى بولمىدى.

شاھپەرى ھايالسىز كېلىپ بىر قىلىچ ئۇردى، لەھەڭنىڭ تېنى ئىككى پارە بولۇپ ئىچىدىن ئۇزۇنلۇقى بىر غۇلاچچە بىر قىزىل ئەجدىھا چىقىپ قاچتى، سۇمۇرغ ئۇنى تۇتۇپ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، قانلىرى ئېرىق بولۇپ ئاقتى.

شۇ ھامان تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇچار قاناتلار ۋە باشقا ھايۋانلار يېتىپ كېلىپ بارچىسى قىزىل ئەجدىھا قېنىغا مىلەندى، ۋە دەرھال ئۆزگىرىپ، دىۋە ـ پەرى جىنلارغا ئايلاندى.

ئاندا ئىككى تۇتى ھەم كەلتۈرۈلدى، شاھپەرى ئۇلارغا قىزىل ئەجدىھا قېنىدىن چاچقانىدى، ئۇلار يەنە شاھزادە ئابدۇلئەزىز ۋە شاھزادە قەھرىمانغا ئايلاندى ۋە سوراشتى:

— مەلىكە شاھخۇبانۇنىڭ جان تۇتىسىنى دىۋە مەلئۇن بۇلاپ قاچقانىدى، بەلكىم قەلئەدە باردۇر، ئۇنى قولغا كەلتۈرسەك. سۇمۇرغ ئېيتتى:

— قىزىل دىۋىدىن مەنمۇ ئەيمىنەر ئىدىم، ئەمدى قەلئەنىڭ ئىشى ئاساندۇر.

ئاندا ئۇ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، چاقپەلەكتەك چۆرگىلەپ تۇرغان قەلئەگە قانىتى بىرلە ئۇردى، قەلئە پارچىلىنىپ، يەرگە چۈشتى ۋە كۇكۇم ـ تالقان بولدى، ئۇلاردىن چىققان جىن ۋە دىۋىلەرمۇ ئامان قالمىدى.

شاھپەرى دەرھال قەپەس بىرلە ئاق تۇتىنى تاپقۇزدى ھەم قازا قىلغان پەرىلەرنى دەپنە قىلغۇزدى.

ئاندىن ئۇلار ئۆز يوللىرىغا راۋان بولۇشتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىزمۇ باغۇ مۇرغىزارغا شاھزادە قەھرىمان بىلەن يېتىپ كەلدى، باغۇ مۇرغىزارغا يەتكەن ھامان شاھزادە قەھرىمان مەلىكە لالە قېشىغا كىردى، جان ھەلقۇمىغا كەلگەنىدى، گۇلھايات ئۇنىڭغا يېڭىدىن ھاياتلىق بېغىشلىدى، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى ۋىسال شادلىقىغا ئارتۇق سۆز توغرا كەلمەس، ئاندىن ئۇلار قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلدى، مۇرادى ھاسىل

قىلىندى.

مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ ئىشق دەردىدە تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان شاھزادە ئابدۇلئەزىز شاھپەرى ۋە شاھزادە قەھرىمانلارغا دېدى:

— ئەمدى مەنمۇ مەھبۇبەمنىڭ ۋۇجۇد نىھالىنى تاپسام، جان تۇتىسىنى ئاندا قوندۇرسام، مۇراد گۈلۈم ئېچىلىپ، بەخت شادلىقىغا مەنمۇ مۇيەسسەر بولسام.

شاھپەرى رازىلىق بەردى، ئەمما شاھزادە قەھرىمان بىرلە مەلىكە ماھئۇزاربانۇ ھەمدەم بولماقچى بولدى. شاھزادە ئابدۇل-ئەزىز دېدى:

— كۆپ دىشۋارچىلىقلار تارتىپ، ئاندىن ۋىسال تەختىگە ئولتۇردۇڭلار، تېخى يەتكۈچە بەھرە ئالمىدىڭلار، سىلەرنى مالال قىلىشقا زىنھار كۆڭلۈم ئۇنىماس، ئەمدى قالغان ئىشلار ئاسانىدۇر، مېنى تەنھا يولغا سېلىڭلار.

ئۇلار شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى كۆندۈرەلمەي ئۆز ئىختىيارىغا قويدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز ھۆكۈمالاردىن قۇرئى سې-لىپ، مەھبۇبىنىڭ قەيەردىلىكىدىن بېشارەت قىلىشنى ئىل-تىماس قىلدى.

ھۆكۈمالار ھايالسىز بەجا كەلتۈرۈپ دېدى:

— مەلىكە شاھخۇبانبانۇنىڭ ۋۇجۇد نىھالى جان تۇتىسىغا مۇنتەزىر ئىكەن، ئەمما بىز بىلمەيدىغان بىر جايى مەنزىلگە يۆتكىلىپ كېتىپتۇلەر، تۇتىنى قەپەسدىن ئازاد قىلىڭ، ئاندىن ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈڭ، سىزنى يېنىغا باشلاپ بارار.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز خۇرسەنلىك بىلەن تۇتىنى قەپەستىن ئازاد قىلدى ئەمما تۇتى چاقماق تېزلىكىدە پەرۋاز قىلىپ ئۇردى-دىن چىققىنىچە غايىب بولدى، ھەممە ھەسرەت - نادامەت چې-كىپ قالدى. شاھزادە قەھرىمان ئېيتتى:

— سۇمۇرغ بىر تال پېيىنى بېرىپ، كېرەك بولغاندا

شامالغا ئۇچۇرۇڭلار دېگەنىدى، شۇ پەيىنى شامالغا ئۇچۇرايلى، سۇمۇرغ هازىر بولۇپ، سېنى تۇتىغا يەتكۈزگۈسى.

شاهزادە ئابدۇلئەزىز دەرهال پەيىنى شامالغا ئۇچۇردى، بىر چاغلار ئاسماندا بۇلۇت ـ تۇمانلار دولقۇنلاپ، يەردە دەهشەتلىك قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، سۇمۇرغ يېتىپ كەلدى. شاهزادە ئابدۇلئە-زىز ئەهۋالىنى بايان قىلدى، سۇمۇرغ ئۆز ئۇستىگە ئېلىپ، تۇتى ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپنى كۆزلەپ ئۇچتى. بىر كېچە ـ كۈندۈز بار كۈچ ـ غەيرىتى بىلەن تېز ئۇچۇپ تۇتىغا يەتتى، ئارقىسىدىن كېتىۋەردى، تۇتى توققۇز كېچە ـ كۈندۈز ئۇچتى، ئۇستى تۇتەك ـ تۇمانلار بىلەن پۈركەندى، ئاسمان ـ پەلەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان بىر دېڭىز ئاسمىنىغا يەتتى، ئاندا غايىب بولدى، دېڭىز يۈزىدە بولسا دەهشەتلىك قارا بوران گۈركىرەپ، قىرغاق تامان كېتىۋاتاتتى.

شاهزادە ئابدۇلئەزىز تۆۋەندە بىر كىشىنى كۆردى، ئۆز ئاتىسىغا ئوخشاپ قالار ئىدى. قىرغاقتا پۈتلىرىنى يالاپ ـ يالماپ ئەكىرىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان دېڭىز تاشقىنىغىمۇ، دەه-شەتلىك قارا بورانغىمۇ پىسەنت قىلماي، يىراقلارغا قاراپ تۇرار ئىدى.

شۇ ۋاقىت يىراقتىكى دېڭىز يۈزىدىن مىسالى شەپەققە پۈر-كەنگەن بىر هالەت زاهىر بولۇپ، ئارقىدىنلا لېگەندەك چوڭلۇقتا پورەكلەپ ئېچىلغان بىر تال قىزىل ئەتىرگۈل كۆتۈرۈلۈپ چىق-تى. شۇ هامان دېڭىز دولقۇنلىرى تىنچىپ دەهشەتلىك قارا بوران غايىب بولدى، تەبىئەت قىزىل ئەتىرگۈل خاسىيىتىدىن ئاجايىپ مۇلايىملاشتى. قىرغاقتا تۇرغان كىشى توۋلىدى، — ئاه! نىجاتلىق گۈلى.

شۇ چاغ بىر قارا قول كېلىپ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇردى، بىهوش بولۇپ يىقىلدى، ئارقىدىن مەشرىق تەرەپتىن سوزۇلۇپ كەلگەن قارا قول قىزىل ئەتىرگۈلنى ئۈزۈپ كەتتى، تەبىئەتنىڭ

قەھر ـ غەزىپى يەنە قوزغىلىپ، دېڭىز دەھشەتلىك دولقۇنلاپ، ھۆركىرەشكە باشلىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ھەيرانلىق ئىچىدە ئاتىسى چۈشىدە كۆرگەن بۇ ئاجايىپ مەنزىرە ـ ھادىسىلەرنى كۆرۈپ سۇمۇرغقا ئېيتتى:

— ئەي قاناتلىقلار شاھى، ئول بىچارىنىڭ قېشىغا بېرىپ قونغىن، ئاتامغا ئوخشايدىغان كىشى ئىكەن، ھالىدىن خەۋەر ئالايلى.

سۇمۇرغ ئاندا قوندى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز تۆۋەنگە چۈ-شۈپ زېمىن تەۋرەۋاتقانلىقىنى سەزدى، بىھوش ياتقان كىشى قېشىغا بېرىپ كۆردىكى، ئۆز ئاتىسى شاھ باھادىرخاندۇر.

— ئاھ ئاتام، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ نالە قىلىپ، بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى، كۆز يېشى باھار يامغۇرىدەك تۆكۈل-دى. شاھ باھادىرخان يۈزىگە تامغان كۆز يېشىدىن ئەندىكىپ ھوشىغا كەلدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىزنى كۆرۈپ:

— ئاھ! جىگەر پارەم جېنىم ئوغلۇم، ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ نىجاتلىق گۈلىنى قولغا كەلتۈرگەن، ئاتاڭنى قۇتۇلدۇرغىن، ئۆز خەلقىڭنى قۇتقۇزغىن، — دەپ زار ـ زار يىغلاۋېتىپ تاشقا ئايلىنىپ قالدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىئىلاجلىقتىن زار قاقشاپ قالدى. سۇمۇرغ كېلىپ، تەسەللى ياغلىقىدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ دېدىكى:

— ئەي دوستۇم، نىجاتلىق گۈلىنىڭ كويىدا بولغىن، ئۇنى قولغا كەلتۈرسەڭ ئاتاڭ ھەم ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن، بىھۇدە يىغا ـ زارە پايدا بەرمەس، ۋاقتىنى زايە قىلما.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئورنىدىن دەس تۇردى، ئاتىسىنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمىنى قىرغاقتىن يىراق بىر جايغا پىنھان قىلدى، ئاندىن سۇمۇرغنىڭ دۈمبىسىدە ئولتۇرۇپ كۆككە ئۆر-

لىدى. سۇمۇرغ دېڭىز ئاسمىنىنى قاپلىغان بۇلۇت ـ تۇمانـ
لارنى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك دولقۇنلىتىپ، مەشرىق تامان پەرۋاز
قىلدى.

ئۇلار ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۇچتى، بىر ۋاقىتلار كۆك
ئاسمان قەھرىدە مۇئەللەق تۇرغان بۇلۇت ئۈستىدىكى بىر قەلئەـ
نى كۆردى، قەلئە ئىچىدە بىر نۇر شولا جىلۋە قىلار ئىدى.

قەلئەدىن گاھلىرى قىزىل ۋە گاھلىرى سېرىق ئەجدىھا
مىنگەن دىۋىلەر تەۋرەپ چىقىشتى، قوللىرىدا گۇرزە ـ قىلىچ،
ئومۇت ـ پالتىلار بار ئىدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز دەرھال
قىلىچىنى يالىڭلاچلاپ جەڭگە ھازىرلاندى، دەھشەتلىك بىر جەڭ
بولدى، كۆپلىگەن دىۋىلەر مىنگەن ئەجدىھالىرى بىلەن قوشۇلۇپ
سەكپارە بولۇپ دېڭىزغا تاشلاندى، دېڭىزدا بولسا كۆز كۆرگۈـ
سىز بەتبەشىرە دېڭىز مەخلۇقاتلىرى ئۇلارنى تالىشىپ، تارتىـ
شىپ دېڭىزنى داش قازاندەك قاينىتىۋەتتى.

سۇمۇرغ بۇ جەڭدىن ئالدىراپ نۇسرەت قازانغىلى بولماسلىـ
قىنى ھېس قىلىپ، ئالدىغا دۈچ كەلگەنلىرىنى قاناتلىرىدا ئۇـ
رۇپ ـ سوقۇپ تېنىنى تېرىقتەك چېچىپ، دىۋىلەر سېپىنى
بۆسۈپ ئۆتتى. شۇ ھالدا ئۇچۇپ بىر ئارال ئۈستىگە يەتتى،
ئارال ئۈستىدە قارا بۇلۇتلار، لەيلەپ يۈرەر ئىدى، ئارال ئاستىـ
دىن بولسا قارا تاش ـ تۇپراقلارنى يېرىپ، قىپقىزىل نۇرلار
چاقناپ تۇرار ئىدى.

سۇمۇرغ ئارالغا قوندى، شۇ ھامان بىر تەرەپتىن ھەيۋەتـ
لىك بىر سادا كەلدى:

— ئەي سۇمۇرغ، ئەي ئادەمزات، ئارالغا نېمە مەقسەت
بىلەن كەلدىڭلار؟ شاھزادە ئابدۇلئەزىز جاۋاب قىلدى:

— ئۆزىڭىزنى كۆرمىگۈنچە جاۋاب قىلماسمىز. يەنە سادا
كەلدى:

— دورىغانغا جاۋاب قىلماي، ئۆزگە سۆز قىلارغا جۈرئەت

قىلغان كىمدۇرسەن؟ شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— شەمئى جاھان مەملىكىتىنىڭ شاھزادىسى ئابدۇلئەزىز-مەن.

قاقاقلاپ كۈلگەن بىر كۈلكە ساداسى ياڭرىدى. تەرەپ - تەرەپتىن ئەكس سادا ياڭرىدى:

— ئەي بەختسىز ئادەمزات، سېنى بۇ يەرگە قىساس زەنجىرى سۆرەپ كەپتۇ، بىلگىنكى، زۇلمەتتە جان تۇتىسىنىڭ بوينى ئۈزۈلگەن قارا دېۋىنىڭ قېرىندىشىمەن، قىساس ئوتىدا سېنى كۆيدۈرمەك ئۈچۈن تاپالماي ئاۋارە بولۇپ يۈرەر ئىدىم، ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەپسەن.

شۇ ۋاقىت ئاسماندا لەيلەپ تۇرغان بىر قارا بۇلۇتتىن بىر قارا قول يىلاندەك سوزۇلۇپ كەلدى، ئالىقىنى ئول ئارالچە كېلەر ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز خەۋپسىرەپ بىر قىلىچ ئۇردى، قىلىچ ئۈزۈراپ بېرىپ، قارا قولنىڭ ئۈچ بارمىقىنى كېسىپ تاشلىدى، كېسىلگەن بارماقلار دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى.

قارا بۇلۇت ئىچىدىكى مەلئۇن قولىنى تارتىۋېلىپ، قەھر-لىك ھۆركىرىدى: «ئەي ئادىمى نادان، بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلىمەكتە يوق، تېخى ماڭا زەخىم يەتكۈزگۈچى بولدۇڭمۇ؟»

ئۇنىڭ سۆزى ئاياغلىشىپلا قارا بۇلۇت ئىچىدە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چۈشتى ئەمما شاھزادە ئابدۇلئەزىزمۇ، سۇمۇرغمۇ ھوشيار تۇرۇپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى، چاقماق ئارال-غا چۈشۈپ، ئارال يېرىلدى، بىر قىسمى دېڭىزغا غۇلاپ چۈش-تى، ئارىدىن قىزىل ئەتىرگۈل زاھىر بولدى، دېڭىز ئاسمىنى روشەن بولدى، قارا بۇلۇت - تۇمانلار تارقىلىپ، ئاسماندا بىر دېۋە مەلئۇن پەيدا بولدى، ۋۇجۇدى قارا تۇماندىن پۇتۇلگەن مىسالى بىر مەخلۇقات ئىدى ئەمما ئاجايىپ زور ۋە بەدھەيۋەت ئىدى. سۇمۇرغ ئېيتتى:

— ئاق گۆھەرنى ھەم ئەتىرگۈلنى قولۇڭغا ئال، ئاندىن ئۈستۈمگە ئولتۇرغىن، ئول ئىككى ئەڭگۈشتەر بولسىلا دىۋە مەلئۇننى يوقاتماق ئاساندۇر، ئۇ ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى، ھەيـ ۋەتلىك كۆرۈنگىنى بىلەن جىسمى بار - يوقنىڭ ئارىلىقىدا ئىكەن. ئۇ نۇردىن، يورۇقلۇقتىن قورقىدۇ.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز قويىنىدىن گۆھەرنى ئالدى، گۆھەر ۋە ئەتىرگۈلدىن تارالغان نۇر ۋە يورۇقلۇقتىن قارا دىۋە ئۈركۈپ قاچتى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز سۇمۇرغ بىلەن قوغلىدى، قارا دىۋە سېھىر قىلدى، ھېسابسىز قارا ئەجدىھالار پەيدا بولۇپ خىرىس قىلدى ئەمما شاھزادە ئابدۇلئەزىز قىلىچ ئۇرۇپ پارە- پارە قىلدى. قارا دىۋە يەنە سېھىر قىلدى، دەھشەتلىك دېڭىز تاشقىنىدەك بۇلۇت - تۇمانلارنى ھەيدەپ كەلدى ئەمما ئاق گۆ- ھەرنىڭ نۇرى چۈشكەن ھامان غايىب بولدى. دىۋە يەنە سېھىر قىلدى، دېڭىز يۈزىدىن تاغدەك بىر دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ سۇمۇرغ كۆكسىگە ئۇرۇلدى ئەمما قىلچە زەرەرى يەتمىدى.

قارا دىۋە ئەمدى دېڭىز يۈزىدىن قۇرۇقلۇق ئاسمىنىغا چد- قىپ قالدى، ئۇپۇقتىن قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، ئالەم - جاھان يورۇقلۇققا چۆمدى، قارا دىۋە يورۇقلۇقتىن قورقار ئىدى، ئەمدى تۇرارغا تاقەت قىلالماي يەر ئاستىغا كىرىپ كەتتى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز سۇمۇرغدىن سورىدى:

— ئەي قاناتلىقلار شاھى، ئەمدى بۇ كاساپەتكە قانداق تەدبىر قىلۇرمىز؟ سۇمۇرغ ئېيتتى:

— يورۇقلۇقتىن قورقىدىغىنى ئۈچۈن قىزىل ئەتىرگۈل ئارال ئاستىغا بەند قىلىنغان، دېڭىز ئۈستىنى قارا بۇلۇت، تۇمانغا پۈركىگەنىكەن، تۈن قاراڭغۇسىدىلا ھەرىكەت قىلار ئى- كەن، شۇڭا ئاق گۆھەر ۋە قىزىل ئەتىرگۈلنىڭ خاسىيىتىدىن، قۇياش نۇرىدىن قورقۇپ، ئۆزىنى ئۆزى يەر قەھرىگە بەند قىلـ دى، ئەمدى تەدبىرىنى مەن قىلاي.

شۇنىڭدىن كېيىن يىراقتىكى بىر تاغ چوققىسىغا ئۇچۇپ بېرىپ، ئۇنى قاماللاپ، زور كۈچىنىش بىلەن يۇلۇۋېلىپ، دېۋە ئۆزىنى پىنھان قىلغان جايغا تاشلىدى، تاغ چوققىسى يەرگە ئون نەچچە غۇلاچچە چۆكۈپ ئورۇنلاشتى. يەر تەكتىدىن نالە ـ پەرياد كەلدى: «ئەي سۇمۇرغ، ئەمدى زىنھار دۈشمەنلىك قىلماسمەن، مېنى ئازاد قىلغىن.» سۇمۇرغ غەزەپلىنىپ توۋلىدى:

— ئەي لەنتى، تېخى ئاۋازىڭ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغۇ، سېنىڭ تىرىكلىكىڭ جاھان ئەھلى ئۈچۈن بىر بالايىئاپەت، شۇ سۆزدىن كېيىن سۇمۇرغ قانتى بىلەن تاغ چوققىسىغا بىرنى ئۇردى، تاغ يەنە نەچچە ئون غولاچ چۆكتى، دېۋىنىڭ زۇۋانى ئۆچتى.

سۇمۇرغ كۆڭلى تىنچلىنىپ ئېيتتى:

— قىزىل ئەتىرگۈلدە بىر سېھرىي پىنھان باردۇر. ئۇ-نىڭ ماكانىغا بارايلى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز سۇمۇرغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى، ئۇ-لار يەنە ئۇچۇپ، بۇلۇت ئۈستىگە قەلئە يېنىغا كەلدى، سان-ساناقسىز دېۋە لەشكەرلىرى ئەجدىھالەرگە سۇۋارى بولۇپ، قەل-ئەدىن چىقىپ كەلدى ئەمما قىزىل ئەتىرگۈلنى كۆرۈپ دەرھال قاچتى، بىراق ئەتىرگۈلدىن تارالغان نۇردىن ئۇلارنىڭ بارچىسى-غا بىر ئوت چۈشۈپ، ھەممىسىنىڭ جىسمى كۈل بولۇپ توزۇ-دى.

سۇمۇرغ بېرىپ قەلئە ئۈستىگە قوندى، شاھزادە ئابدۇلئە-زىز سۇمۇرغنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ، نۇرلىنىپ تۇرغان بىر قەسىرگە كىرىپ كۆردىكى، مەلىكە شاھخۇبانىنۇ زۇمرەت تەخت ئۈستىدە ياتقان ئەمما جان تۇتىسى كۆرۈنمەس، شاھزادە ئابدۇل-ئەزىز قايغۇ ـ نادامەتلەر ئىچىدە قەسىردىن چىقتى.

سۇمۇرغ تەسەللى بېرىپ ئېيتتى:

— ئەي شاھزادە، كۆرمىڭ مۇشكۇلاتلارنى بەربات قىلىپ

ئاخىر ئۇنى تاپتىڭ، ئاتاڭنىڭ مۇراد گۈلىمۇ قولۇڭغا چۈشتى، يولىمىزنى داۋام قىلايلى، ئىزدىنەيلى، بۇ يەردىكى سىر ـ ھېكمەتلەر ئاچقۇچىمۇ قولۇڭغا چۈشۈپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز يەنە سۇمۇرغنىڭ دۈمبىسىدىن جاي ئالدى. سۇمۇرغ نەچچە كېچە ـ كۈندۈز دېڭىز ئاسمىنىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ بىر ئارالغا يەتتى. يەتتە ئىقلىم دېڭىز ـ ئوكيانلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭدەك يەنە بىرى چىقماس. ئۇل ئارالنىڭ تاشلىرى مارجان، تۇپرىقى ئەنبەر، ئارال ئەتراپىدا ئالتۇن رەڭلىك قۇلۇلىلەر مەرۋايىتلارنى نۇرلاندۇرۇپ ياتار ئىدى، ئارالنىڭ گۈل ـ گىياھلىرى يېشىل زۇمرەت مىسەللىك، گۈل ـ چېچەكلىرى مىسالى ياقۇت ئىدى. ئەمما، ئارالدىن ھاياتلىق نۇرى ئۆچكەنىدى. نە گۈل ـ گىياھلىرى تەۋرىنىپ، نە سۇلىرى شىلدىرلاپ ئېقىپ، سالقىن سابالىرى غۇرقىراپ ئۆتمەس ئىدى.

كۆزى ئۆتكۈر سۇمۇرغ ئېيتتى:

— ئارال ئوتتۇرىسىدا بىر قارا نەرسە يېتىپتۇ. شاھزادە ئابدۇلئەزىز دېدى:

— ئارال گىرۋىكىگە قونغىن، بېرىپ كۆرۈپ باقاي.

سۇمۇرغ ئۇنى ئارال گىرۋىكىگە يەتكۈزدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئارالغا ئىچكىرىلەپ يۈرۈپ كەتتى، ئارال ئوتتۇرىسىغا بارغاندا كۆردىكى، بېشى قازاندەك زور بىر قارا يىلان يۆگىلىپ كۈشۈلداپ يېتىپتۇ، كۆزى ئۇيقۇدا ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىر قىلىچ ئۇرۇپلا قۇيرۇقىنى ئۈزدى، يىلان ئويغىنىپ تىلىنى نەيزىدەك چىقىرىپ ھەيۋە قىلدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىز يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپ يىلاننىڭ بېشىنى ئىككى پارە قىلدى، شۇ ھامان گېلىدىن ئاق تۇتى ئۇچۇپ چىقتى، قىزىل ئەتىرگۈلنى كۆرۈپلا مىڭلارچە بۇلبۇل تەڭلا سايرىغان مىسالى خۇشناۋا قىلدى. ھاياتلىق شۇ ھامان ئەسلىگە كەلدى ـ شاماللار غۇرقىراپ چىقىپ، سۇلار شىلدىرلاپ ئاقتى.

ئارقىدىنلا قارا يىلاننىڭ بېشى يوق تېنىدىن بەزىلىرىنىڭ پەي ـ قاناتلىرى ئەتلەستەك ۋە بەزىلىرى ئوتقاشتەك تۈتىلار ئېتىلىپ چىقىپ، گۈل شاخلىرىغا قونۇشۇپ، ئاق تۈتىغا جور بولدى، خۇشناۋالىرىنى ئەۋجىگە چىقاردى، سۇدا ئالتۇن بېلىقلار، گۈللەر ئارا كېپىنەكلەر ئۇسسۇلغا چۈشتى، ئۇشبۇ مەنزىرىدىن كىشىنىڭ ئەقلى لال، تىلى گال ئىدى.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز خۇشال بولۇپ، تاماشىغا مەشغۇل بولۇپ تۇرغانىدى. ئاق تۈتى چاقماقتەك شۇڭغۇپ چۈشۈپ، قىزىل ئەتىرگۈلنى قاماپ ئالغانچە كۆككە پەرۋاز قىلدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئىزتىراپ بىلەن سۇمۇرغ قېشىغا يۈگۈردى، سۇمۇرغ ئۇنى ئۈستىگە ئېلىپلا تۈتىنى قوغلاپ ئۇچتى، تۈتى ئاخىر بۇلۇت ئۈستىگە قۇرۇلغان قەلئەگە كىرىپ غايىب بولدى.

سۇمۇرغ ھەم قەلئە ئۈستىگە قوندى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئىچىگە كىردى، مەلىكە شاھخۇبانبانۇ زۇمرەت تەخت ئۈزرە چېھرى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە نۇرلىنىپ، يېڭىلا ئۇيقۇدىن بىدار بولغان ھالەتتە ئولتۇرۇپتۇ، قولىدا بولسا غۇنچە ئەتىرگۈل ئۇنىڭ غۇنچە لەۋلىرىدىن رەڭ تالىشىپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، ئىلگىرىكى بىر ئىشقى مىڭ بولۇپ ئۇلغىيىپ، تىلى بۇ نەزمىگە جارى بولدى:

بىر كۆرۈپ كۆيدۈم ئەجەب، ئول سەنەم دىلدارىغا،
لەۋلىرى غۇنچە يەڭلىغ ئول كۆزى خۇمارىغا.
ياندى مىڭ ئاتەش ھەۋەس ـ ئىشتىياق بىر دىل ئارا،
مىسالى يېگانە جاھان ئول بىر قۇياش رۇخسارىغا.

مەلىكە شاھخۇبانبانۇ شېرىن ـ شېكەر لەۋلىرىدىن سۆز دۇردانىلىرىنى چاچتى: «مەرھابا، ئەي نىجاتكارىم، قۇتلۇق

قەدەملىرىڭگە جېنىم پىدا بولسۇن.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىيار خۇش ۋە خۇرسەن بولۇپ دېدى-
كى:

— ئەي خۇرشىد ئۇزارىم، ئەمدى بالا دەشتىنى كېزىپ، ۋىسال گۈلشەنىڭىزگە ئۇلىشىپتۇرمەن، جان تۇتىڭىزنىڭ تەنە قەپىسىڭىزدىن ئول تىلسىم قەپەسكە ئۆتۈپ قالغانىنىڭ سەۋەبىنى ماڭا ئايان قىلسىڭىز نە بولغاي.

مەلىكە شاھخۇبانبانۇ ئىلتىپات داستىخىنىنى كەڭرى ئې-
چىپ، شېرىن - شېكەر سۆز دۇردانىلىرىنى چاچقۇ قىلدى:

— ئەي باھادىرىم، مەن ئەسلى چوڭ ئوكياندىكى يېگانە ئارال رەنايى جاھان مەملىكىتىنىڭ مەلىكىسى، شاھىنشاھىنىڭ يېگانە كۆز گۆھىرى ئىدىم. يېشىم ئون ئالتىگە قەدەم قويىدى، ھۆسن - جامالىم كامالىغا يەتتى، تەئرىپى داستانلىرىم تارال-
دى. بەلكى كېمە كارۋانلىرى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىن ھال-
قىپ، چەت ئەللەرگىمۇ يېتىپ باردى. يىراق مۇساپىلەر بېسىپ ھەر تەرەپتىن شاھزادىلەر كېلىشكە باشلىدى، ھەربىرى ھەددى-
ھېسابسىز سوۋغا - سالاملار بىلەن كېلەر ئىدى. بەزىلىرى تېخى تەھدىت سالار ئىدى. شاھ ئاتام كۆڭلىرىنى مېنىڭ توغرۇمدىكى مەسلىھەت، گەپ - سۆز ۋە ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش، ئۇزد-
تىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بەزى شاھزادىلەر كۈچ - قۇدرىتىنى پەش قىلىپ، پوپوزا قىلار ئىدى. شۇ ۋاقىت شاھ ئاتام كېسەلگە مۇپتىلا بولدى، كۆن بويى ياستۇقتىن باش كۆتۈرەلمىدى ئەمما پىكىر- خىيالى يەنىلا مەندە ئىدى، شۇ چاغلار بىر سېھىرگەر ھۆكۈما ئىچ ئاغرىتىپ دېدى:

— قىزىڭىزنىڭ جان تۇتىسىنى تەن قەپىسىدىن جۇدا قىلىپ، ئۆز ماكانىم بولغان بىر ئارالغا ئاپىرىپ قوياي، مەلد-
كىنىڭ ۋۇجۇد گۆھىرىدىن ھاياتلىق نۇرى ئۆچكەن بىر ھالەت زاھىر بولسۇن، مەلىكە ۋاقىتسىز قازا قىلدى، دەپ جاكار

قىلالايلى. ئەلچىلەر نائۈمىد بولۇپ قايتسۇن، بېشىڭىزغا چۈش-
كەن غەم تېغى ئۆزلۈكىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكۈسى، مەلىكىنىڭ
تەقدىرىگە دىۋە - پەرىلەر، جىن - شاياتۇنلارنىڭ زىيانكەشلىكى
پۈتۈلگەنىكەن، تېنى بىر تىلسىم تەخت ئۆزرە ياتسۇن، كىمكى
ئۇنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرسە ۋە جان تۇتىسىنى تېپىپ
ۋۇجۇد نىھالىغا قوندۇرسا، ھېكمەتلىك قىزىل ئەتىرگۈلنى ھەم
تەخت ئۆزرە قويسا مەلىكە ھەممە بالادىن خالاسلىق تېپىپ ئۆ-
مۈرلۈك بەختكە مۇيەسسەر بولسۇن، ئاتام بەخت - ئىقبالىمنى
كۆزلەپ رازىلىق بەردى. ھۆكۈما سېھرىي - ئەپسۇنلىرى بىلەن
دېگەنلىرىنى بەجا كەلتۈردى. كېيىن نە ئىشلار بولغىنى نامە-
لۇم، پەقەت ھۆكۈمانىڭ: «ئەي قىزىم، مېنىڭ نەچچە كۈنلۈك
ۋاقتىم قالدى، كېيىنكى ئىشلاردىن بېشارەت بېرىپ قويايكى،
ياخشىلىقنى كەسىپ قىلغان بىر يىگىت ئاخىر سېنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇل ۋاقىت ئۆزۈڭنى بىر ھاۋايى مۇئەللەقتە
كۆرۈرسەن ۋە يىگىت بىلەن ئاندا ئۇچرىشارسەن» دېگەن كۆر-
سەتمىسى بويىچە سېنىڭ نىجاتلىق بېغىشلىغۇچى ئىكەنلىكىڭنى
بىلدىم.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز چەكسىز خۇرسەنلىك بىلەن ئۇنىڭ نازۇك قوللىرىدىن تۇتۇپ دېدىكى:

— ئىشق ئوتىدا نى بالالارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگىنىمنى تەسەۋۋۇر قىلالماسمەن، بىراق ھەممىسى جامالىڭدىن بىر لەھزە بولسىمۇ بەھرە ئالماق بەختى ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس، ئۈمىدىم شەمئى جاھان شەھىرىگە بىللە قايتساق، ئۆمۈرلۈك جۈپتى - نىگارىم بولساڭ.

مەلىكە شاھخۇبانىبانۇ مەرھەمەت قىلىپ ئېيتتى:

— خاھىشىڭىزچە بولسۇن.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز بۇ سۆزدىن بېشى پەلەككە يەتكۈدەك خۇش بولدى، ۋۇجۇد خەزىنىسىگە شادلىق گۆھىرى سىغماي

قالدى.

ئاندىن ئۆلار قول تۇتۇشۇپ ھۇجرىدىن چىقتى، سۇمۇرغ مۇبارەكلىدى ھەم ئېيتتى:

— ئەمدى بۇ جايدىن كېتەيلى.

ئىككەيلەن سۇمۇرغنىڭ ئۇستىگە جايلاشتى، سۇمۇرغ يۇقىرى ئۆرلەپ قانىتى بىلەن ئول قەلئەگە بىرلا ئۇرغانىدى، ئاستىدىكى بۇلۇت سەكپارە بولۇپ، قەلئە دېڭىزغا موللاق ئاتتى.

سۇمۇرغ شۇ ئۇچقانچە ئۇلارنى شاھ باھادىرخاننىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى پىنھان قىلىنغان جايغا يەتكۈزدى، قىزىل ئەتىرگۈلدىن تارام - تارام نۇر تارىلىپ، شاھ باھادىرخان ئەسلىگە كەلدى. شاھزادە ئابدۇلئەزىز باغرىغا تاشلىنىپ، ھال - ئەھۋالىنى سورىدى. شاھ باھادىرخان ھەم ئاتىلىق مېھرى بىلەن باش - كۆزىگە سۆيۈپ، بىيار ناۋازىش قىلدى، ئاندا ئاق تۇلپار ئويناقشىپ كەلدى، شاھزادە ئابدۇلئەزىزنىڭ خۇشاللىقى زىيادە بولدى.

شاھ باھادىرخان دېدى:

— ئەي يۈرەك پارەم، مەن تۇلپارغا سۇۋرى بولۇپ، قارا دىۋە مەلئۇننى قوغلاپ مۇندا كەلگەنىدىم، يەنە ئۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمگە قايتاي، سىلەر تېزرەك سۇمۇرغ بىلەن بېرىڭلار، مەملىكەت ئەھۋالىنى كۆرۈپ تەدبىر قىلىڭلار.

شاھزادە ئابدۇلئەزىز ئاتا پەرمانىغا مۇناسىپ دەرھال سۇمۇرغ ئۇستىگە ئولتۇردى، مەلىكە شاھخۇبانبانۇ ھەم بىللە بولدى، ئاندىن ئۇلار يولغا چىقىشتى.

بىر چاغلار مەنزىلگە يەتتى، قارىسا شەھەر ئاسمىنى قارا تۇتەك ۋە تۇمان بىلەن پۈركەنجىلەنگەن، شەھەر ئىچىدە ھېچبىر ھاياتلىقتىن نىشانە يوق، تۆۋەنگە چۈشۈپ كۆردىكى بارچە ئەھلى شەھەر تاشقا ئايلانغان، دەل - دەرەخلەر، ئۇچار - قاناتلارمۇ تاشقا ئايلانغان.

مەلىكە شاھخۇبانبانۇ ھېكمەتلىك قىزىل ئەتىرگۇلنى ئېگىز كۆتۈردى، تارام ـ تارام نۇرلار چېچىلدى، تۇتەك ـ تۇمانلار تارقاپ، شەھەر ئاسمىنىدا قۇياش پارلىدى.
ئارقىدىن ئەتىرگۇل بەرگى قىياھلىرى ھەريان چېچىلدى، ئاستا ـ ئاستا قاپقارا سىياھتەك بىر تۇتەك كۆتۈرۈلۈپ، تېزلا غايىب بولدى، شەمئى جاھان ئىچىدە ئەمدى سالقىن سابا غۇيۇلداپ، گۇل ـ گىياھلار ئۇسسۇلغا چۈشكەندەك ئىرغاڭلاشقا، ئۇچار قاناتلار ۋىچىرلىشىپ، ھاشاراتلار چىرىلدىشىپ كىشىلەر ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇشقا باشلىدى. قىسقىسى بۇ يەردىكى جانلىق مەۋجۇداتلار، سېھرىي ـ جادۇدىن خالاس بولدى.
شۇ ۋاقىت شاھ باھادىرخان يېتىپ كەلدى، سۇمۇرغ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، رەھمەت ـ تەشەككۇر سادالىرى ئىچىدە ئۆز ماكانىغا قاراپ پەرۋاز قىلدى، شاھ باھادىرخان بولسا دەرھال مەملىكەت ئەھلىگە قىرىق كېچە ـ كۈندۈزلۈك توي ـ تاماشا بەزمە ـ زىياپەت قىلىپ بېرىپ، نەغمە ـ ناۋا سادالىرىنى پەلەككە يەتكۈزۈپ، شاھزادە ئابدۇلئەزىز بىلەن مەلىكە شاھخۇبانبانۇنى مۇراد ـ مۇددىئاسىغا يەتكۈزدى.

# شاهزاده نەۋرۆز ھەققىدە قىسسە

راۋىلار ئۇچۇن تۇرلۇك - تۇمەن خىل رىۋايەت گۇللىرى ۋە ئەپسانە چىچەكلىرى پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرىدىغان ۋە قەلەمكەشلەرنىڭ ئۆزىدىن گۇلدەستىلەر تىزىۋېلىشنى كۇتۇپ تۇرغان يىراق، ئۆتمۇش زامانلاردا، بار - يوقنىڭ ئارىلىقىدا باھارىستان مەملىكىتىنىڭ پادىشاھلىق زەر تەختىدە دىل شەبىستانىدا تېخى پاراسەت يۇلتۇزلىرى چاقنىمىغان ۋە ۋۇجۇد نىھال كۇچ- قۇۋۋەت بۇلىقىدىن قېنىپ سۇ ئىچمىگەن يەتتە ياشلىق گۆدەك شاھزادە نەۋرۇز ئولتۇرۇپ، بويىدىنمۇ ئېگىزرەك ھۆكۇمدارلىق سەۋلە جانىنى كىچىككىنە قوللىرىدا تۇتۇپ ۋە ئۆزىگە نامۇناسىپ يوغان شاھلىق تاجىنى كىيىپ، بېشىنى ئاران - ئاران كۆتۇرۇپ، باللارچە پىكىر - خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولۇپ، نىجاتلىق گىرۋەكلىرىنى ئىزدەپ ئۇزمەكتە ئىكەن.

ئاۋۋال مېھرىبان ئانىسى ۋە ئارقىدىنلا غەمگۇزار ئاتىسى، يەنە كەينىدىن تەربىيىچى ئۇستازى بىر - بىرلەپ ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلىنىپ، ئۇ ئۆزى يېتىم - يېگانە قالغان ۋە رەسمىي، يوسۇن بويىچە گۆدەكلىككە قارىماي تەختكە ئولتۇرغۇزۇلغانىكەن.

بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن نەپسانىيەتچى ۋەزىرلەر خەزىنە مۇلكىگە خىيانەت قىلسا، زوراۋان ئەمەلدارلار ئەل ئۇستىدە زۇلۇم قامچىسى ئوينىتىپ قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالماپتۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك مەنسەپدارلار يۇقىرىغا ياماشسا، يۇقىرىدىكىلەر بىر- بىرىگە تۇزاق قۇرۇشۇپ ۋە ئورا كولىشىپ، بىر - بىرىنى قەستلەپ غۇلاتماق كويىغا چۇشۇپتۇ. ياخشىلار ھىيلە-

گەر- مەككارلارنىڭ پىتنە - پاسات ئوقلىرىغا نىشان ۋە شۇملۇق قاپقانلىرىغا تۇتقۇن بولۇپ، ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ، ئوردا ئىچى مالىمانلىشىپ، سەلتەنەت تەختى ئاسمىنىدا قارا بۇلۇت - تۇمانلار پەيدا بولۇپ، ئادالەت ئاپتىپى ئۆچۈپتۇ، ئەل خارابلىشىپتۇ، بۇ ئىشلاردىن مۇناپىقلار ۋە جاسۇسلارنىڭ مەلۇماتلىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان دۈشمەن مەملىكەتلەر جەڭ ناغرىسىنى ساداغا كەلتۈرۈپ، باھارىستان مەملىكىتىنى تالان - تاراج قىلىش ۋە زېمىن ياپرىقىنى پىلە قۇرتىدەك غاجاپ يېيىشكە باشلاپتۇ، باھارىستانغا مۇنقەرزلىك يۈزلىنىپتۇ.

شۇنداق بىر ھالدا يەتتە يىل ئۆتۈپتۇ، شاھزادە نەۋرۇز بىر ئاز ئەقلىنى تاپقاندىن باشلاپ، سەلتەنەت تەختى - بەختىگە ۋە كېچىكلەپ قالغان مەملىكىتىگە كېلىۋاتقان تەھدىت ۋە خەتەرنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، زەئىپ - ناتاۋانلىقىدىن كېچە يۇ كۈندۈز كۆزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ. دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا تاپالماي، يېگەن - ئىچكىنى زەھەر زوقۇم بىلىنىپ، سۇ ۋە تائامنى كۆڭلى تارتماپتۇ.

شۇ كۈنلەردە ئۇ مېھرىبان ئانىسىنىڭ قەبرە بېشىغا چىقىپتۇ، دۇئا - تىلاۋەتتىن كېيىن قەبرىگە تاشلانغىنىچە ئۆز ھالى خارابلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ، زار - زار يىغلاشقا باشلاپتۇ.

شۇ چاغ قەبىرە يېرىلىپتۇ، ئارىسىدىن چېھرى قۇياشتەك نۇرلىنىپ تۇرغان خانىش ئانىسى چىقىپ كەپتۇ - دە، كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلىغىنىچە شۇنداق دەپتۇ:

— ئەي بىچارە ئوغلۇم، نى سەۋەبتىن مۇندا يىغلاپ تۇرارسەن؟

شاھزادە نەۋرۇز ھەيرانلىق ۋە شادلىق تۇيغۇلىرى تەڭلا جۇش ئۇرغان ھالىتىدە:

— ئەي مېھرىبانىم، — دەپتۇ كۆز يېشىدىن توختاپ

كۆكسىگە يۆزىنى يېقىپ، — بىچارە ئوغلۇڭ يېتىم - يېگانە قېلىپ، ئاجىزلىقىدىن غەم دەرياسىغا غەرق بولدى، مەملىكىتى ئاسمىنىدا مۇنقەرزلىك بۇلۇتلىرى لەيلەپ، سەلتەنەت تەختى خەتەر ۋە تەھدىت ئىچىدە قالدى، بۇ ھالەتتە بىئىلاجلىقتىن يىغلىماي قانداق قىلسۇن!

ئانىسى يەردىن بىر جاڭگال تۇپراق ئېلىپ شاھزادە نەۋرۇز-غا سۇنغانىكەن، تۇپراق قىزىرىپ پىشقان بىر توقاچقا ئايلىنىپ قاپتۇ، ئۇنىڭدىن ئانا سۈتىنىڭ ھىدى كېلىدىكەن.

شاھزادە نەۋرۇز قوش قوللاپ قولىغا ئالغىنىدا ئانى-سى:

— توقاچنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە تاناۋۇل قىل، — دەپتۇ ئىشەنچ بىلەن، — زەئىپ - ناتاۋانلىقتىن قۇتۇلۇپ، پالۋانى باھادىر بولۇرسەن، ساڭا بەخت يار بولغاي.

خانىش سۆزىنى تاماملاپلا يەنە قەبرىگە كىرىپ غايىب بول-دى، يېرىلغان قەبرە ئەسلى ھالىغا كەلدى.

شاھزادە نەۋرۇز: «ئاھ ئانام» دەپ زار قاقشاپ قالدى. ئاقىۋەت توقاچنى كۆزى قىيمىغان ھالدا يېيىشكە باشلىدى، بالدەك شېرىن بىلىندى، ئۇۋۇقىنى يەرگە چۇشۇرمەي يەپ بول-غىنىدا ھېس قىلدىكى، ۋۇجۇدى كۇچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، تاغقا پەنجە ئۇرسا كۇكۇم - تالقان بولغۇدەك ھالغا كېلىپتۇ.

شاھزادە نەۋرۇز بىيار خۇرسەن بولۇپ، ئاللاغا ھەمدۇسانا-لار ئېيتتى، ئانىسى ئۇچۇن كۆپ دۇئا - تىلاۋەتلەر قىلدى. ئاندىن كەينىگە ياندى، قەبرىستان سىرتىدا ئۇنى كۇتۇپ تۇرغان مۇلازىملىرى ئۇنىڭ ھەر قەدەمدە زېمىننى لەرزىگە كەلتۇرۇپ، ھەيۋەت بىلەن چىقىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق چىش-لىرىدا بارماقلىرىنى چىشلەشتى، گويا باشقا بىر شاھزادە نەۋ-رۇزنى كۆرگەندەك ھېس قىلدى. ئەمما، پالۋاننىڭ باھادىرلارچە ئەلپازىنى دېمىگەندە، باشقا تەرەپلىرى ئەسلى ھالىتىدىن پەرق-

سىز ئىدى.

شاھزادە تەختىراۋاننى تاشلاپ، زەر ئېگەر - توقۇملۇق تۇلپار كەلتۈرگۈزۈپ، مىنىپ ئوردىغا راۋان بولدى. كۆرگەنلەر ئەقلى لال، تىلى گال بولۇپ، قارىشىپ قالدى.

تاڭلا سەھەردىن ئېتىبارەن شاھزادە نەۋرۇز زەر تەخت ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ، تۈرلۈك پەرمانلار چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئىلگىرى پۇرسەتپەرەسلىك قىلغان ۋە تەپتارتماستىن ئۆزى خالىغاننى قىلغان ۋەزىرلەر، گىدىيىپ يۈرگەن باش - باشتاق ئەمەلدارلار ئىچىگە بىر قورقۇنچ، زىلزىلە چۈشۈپ، ئەمدى ئۇنىڭ پەرمانلىرىغا غىڭ قىلماي ئىجرا قىلىدىغان ۋە يۈزىگە تىك بېقىپ قاراشقا پېتىنالماي دائىم قول باغلاپ، باش ئېگىپ، خوش - خوشلاپ تۇرىدىغان بولدى.

شاھزادە نەۋرۇز بارغانسېرى غەيرەتلىنىپ، ھىيلىگەر - مەككار، نەپسانىيەتچى، خىيانەتكارلارنى جازالاپ، زالىملارنى زىندانغا بەند قىلدى، ئاقىل، دانىشمەن، پاك - دىيانەتلىكلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، يامانلارغا قاتتىق جازا ۋە ياخشىلارغا كۆپلەپ مۇكاپاتلار بەلگىلەپ، دۆلەتنى بار ئىمكانىچە ياخشى باشقۇرماققا تۇتۇندى ئەمما ئالدىدا شۇنداق بىر قىيىنچىلىق بار ئىدىكى خەلقى نامراتلاشقان، خەزىنە قۇرۇقدالغان، ياتلارنىڭ تالان - تاراجلىرى ۋە ئۆز ئىچىدىكى زالىملارنىڭ زۇلۇم - ستەمكارلىقى تۇپەيلىدىن ھەممىسىنىڭ ھالى خارابلاشقانىدى، بۇ ھالەتنى پات پۇرسەتتە ئۆزگەرتمەككە قۇربىتى يەتمىدى، شۇ غەمدە يۈرەر ئىدى، بىر كېچىسى ئاتىسى چۈشىگە كىردى ۋە دېدىكى: «ئەي، پەرزەنتى جان ئارامىم، سېنىڭ ھالى خارابلىقىڭدىن لەھەتتە تىنچ ياتالمىدىم، بىر خەزىنەئى تىلىسمات ھازىرلاپ، ساڭا قالدۇرغانىدىم ئەمما بەلگە نىشانلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي باقىي ئالەمگە رىھلەت قىلدىم ئەمما ئۇنىڭدىن خەۋەر بېرەي، تاڭلا سەھەر چاھارباغقا كىرگىن، ئاستى قۇملۇق بىر

كۆل بار، بۇ گۈلنى كۆلگە تاشلىساڭ خەزىنە ئىشىكى ئايان بولار، ساڭا بەخت يار بولغاي.» شۇ سۆزدىن كېيىن غايىب بولدى، شاھزادە نەۋرۇز ئەندىكىپ ئويغاندى، قولىدا چوغدەك جۇلالىق بىر گۈلنى كۆردى، كۆپ خۇرسەن بولدى، تاڭغىچە ئويغاق ئولتۇرۇپ، ئاتىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ تىلاۋەت قىلدى، ئاندىن كۆل بويىغا چىقتى، گۈلنى تاشلىغانىدى، گۈلدىن ھالقا-ھالقا نۇرلار تاراپ، كۆل سۈيى قۇرۇدى، قۇملار غايىب بولدى. ئاستىدا بىر ئالتۇن ئىشىك زاھىر بولدى، شاھزادە نەۋرۇز تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئىشىككە قول سوزغانىدى، بىر ھەيۋەتلىك سادا كەلدى: «كىمسەن؟»

شاھزادە نەۋرۇز قولىنى تارتىپ نام - نەسەبىنى بايان قىلدى، — مەرھابا! — دېگەن خۇش ئاۋاز ياڭراپ، ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى، شاھزادە نەۋرۇز ئىچىگە كىردى، خەزىنە ئىچى ئوتقاشتەك جۇلالىق لەئەل - جاۋاھىر، ئۈنچە - مەرۋايىت-لار ۋە تىللا - يامبۇلار بىلەن تولغانىدى ۋە نۇرغا چۆمگەنىدى، ئاندا ياتقان زەر ۋە گۆھەرلەرنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولغىلى بولماس ئىدى.

ئاندا بىر ئىشىكنى كۆردى، ئىشىك بېشىغا ئالتۇن لەۋھە ئېسىلغان، لەۋھەگە لەئەل - ياقۇتلار بىلەن بىر قۇر ھۆسنخەت نەقىش قىلىنغانىدى. ئوقۇدى: «مەرھابا، ئەي شاھزادە نەۋ-رۇز، مۇندا ئەجدادلىرىڭ ساڭا دۈشمەنلىرىڭگە خارلىق ۋە دوست-لىرىڭغا شادلىق بېغىشلىغۇچى، دۆلىتىڭنى تىنچ - ئاسايىش ۋە ئىقبالىڭنى قۇياشتەك پارلاق قىلغۇچى، بەخت قەسرىنىڭ ئاچقۇ-چى،» بىباھا گۆھەرلەرنى قالدۇرغاندۇر، — دېيىلگەنىدى.

شاھزادە نەۋرۇز ئۇل ئىشىكتىن كىرىشنى ئىختىيار قىل-دى. ئىشىك ئۆزلۈكىدىن ئېچىلدى، ئىچىگە كىردى، قۇياش پارلىغاندەك بىر روشەنلىككە دۇچ كەلدى، قارىدى، ئاندا بىر تەخت، تەخت ئۈستىدە تاغقا ئۇرۇلسا تاغنىمۇ ئىككى پارە قىلغۇ-

دەك بىر ئالماس قىلىچ بىرلە تۇندىكى يۇلتۇزلارنىمۇ ئېتىپ چۇشۇرگىلى بولغۇدەك بىر ئالتۇن ئوقيا تۇرۇپتۇ، قىلىچنىڭ بىسى ۋە يا ئوقنىڭ ئۇچىدىن نۇر چاقناپ، قاراڭغۇ خەزىنە ئىچىنى ئاپتاپتەك روشەن قىلىپتۇ.

يەنە بىر تەرەپتە كۆردى، بىر تەخت، تەخت ئۇستىدە زۇمە-رەت ۋە مەرۋايىت، ئالماس ھەم جاۋاھىرلاردىن كۆز قويۇپ، گۈل- نەقىشلەر ھاسىل قىلىنغان، ئالتۇن قولاقلىق، ئالتۇن تارلىق ئاجايىپ ئېسىل بىر ئۇد سازى قويۇلغانىدى، جاھاندا جۈپتى يوق ئېسىل مۇزىكا ئەسۋابى، خاسىيەتلىك بىر گۆھەر ئىدى.

يەنە بىر تەخت كۆردى، ئۇستىدە شىر بېشى نەقىشلەنگەن ۋە ئالماس، كۆك ياقۇتلاردا بېزەلگەن ئالتۇن قالقان ۋالىلداپ نۇرلىنىپ تۇرۇپتۇ، تاغنى تالقان قىلغۇدەك زەربە يەتسىمۇ زەر-رىچە كار قىلماس.

شاھزادە نەۋرۇز چەكسىز خۇرسەنلىك بىرلە ئاۋۋال قىلىچ-نى قولىغا ئالدى، يالتىراپ تۇرغان تىغىدا جەڭ چېلىشلارنىڭ زەپەر شولىسىنى كۆردى، ئاندىن ئوقيا ۋە قالقاننىمۇ ئالدى، كەينىگە ياندى، ئۇ چىققان ھامان ئىشىكلەر ئۆزلۈكىدىن يېپى-لىپ باردى، كىرەك بولسا ئېچىلىپ تۇردى. شاھزادە نەۋرۇز ئاخىر خەزىنەئى تىلسىماتتىن چىقىپ ئوردىسىغا كىردى، يولىغا تەلپۈنۈپ تۇرغان ئوردا ئەھلى ئۇنىڭ بىباھا گۆھەرلەرگە ئېرىش-كىنىنى مۇبارەكلەپ، تەنتەنە ناغرىسىنى ساداغا كەلتۇردى.

شاھزادە نەۋرۇز شۇ كۈندىن باشلاپ مەملىكەت ئەھلىگە زەر ۋە گۆھەرلەرنى چاچقۇ قىلىپ، پېقىر - مىسكىنلەرنى شاد ۋە نامراتلارنى باياشات قىلدى، دۆلەت خەزىنىسىنى ھەم تولدۇردى، ئاندىن قولىدىن كەتكەن دۆلەت زېمىنىنى دۈشمەنلىرىنىڭ ئىپ-لاس ئاياغلىرى ئاستىدىن ئازاد قىلماق كويىغا چۈشتى.

ئەلقىسسە: شاھزادە نەۋرۇزنىڭ پالىۋانى باھادىرلىق سۇپە-

تى ۋە ياراغلىرىنىڭ ئىسىلىلىق شۆھرىتى، دۆلىتىنىڭ باي، قۇدرەتلىنىشىگە يۈزلەنگىنى جاھانغا پۇر كېتىپ، دۈشمەنلەرنىڭ يۈرەكلىرىگە ساراسىمە ئوتى ياقتى، تەنلىرىنى قورقۇنچ شامىلىدا ياپراقتەك تىترەتتى. جۈملىدىن باھارىستان مەملىكىتىگە ئەڭ ئاۋۋال تاجاۋۇزچىلىق قولىنى سوزۇپ، تالان - تاراج قىلىشتا باشلامچى بولغان شىمال مەملىكەتلىرىنىڭ بىرى خارىستان پادىشاھى جاھانگىرنىڭ يۈرەك - باغرىغا ۋەھىمە خەنجىرى سانجىلدى.

جاھانگىر شاھ شاھزادە نەۋرۇز ئۆزىگە جازا قىلىچىنى تەڭلەپ كېلىپ بولغۇچە ئۆز جايىدىلا يوقلۇق ئالىمىگە ئۇزاتماقنى ئويلاپ، پىكىر - خىيالى شۇنىڭغىلا بەند بولۇپ، گېلىدىن بىرلوقما تائام، بىر تامچە سۇمۇ ئۆتمەي تۇرار ئىدى، ئالدىغا بىر لەنەتگەردە ئوبۇشقا كەمپىر كىرىپ سالام بەردى ۋە دېدىكى:

— ئەي شەۋكەتلىك شاھ ئالىيلىرى، شۇنچە كاتتا پادىشاھى دەۋران تۇرۇپ، نى سەۋەبتىن قانات - قۇيرۇقى قاتمىغان بىر يېتىمەك شۇڭقار بالىسىدىن غەم يەيلا.

جاھانگىر شاھ قورسىقىدىكى ۋەسۋەسىدىن خەۋەردار بولۇپ قالغان كەمپىرگە غەزەپ بىلەن ئالىيىپ دېدى:

— ئەي قېرى ئوبۇشقا، تېخى قانات - قۇيرۇقى قاتمىغان شۇڭقار بالىسى دەرسەن، بىلمەپسەنكى نى سەۋەبكىن كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ، پالىۋانى باھادىر بوپتۇ، خەلقى پېقىرلىقتىن قۇتۇلۇپ غېنى بوپتۇ، مەملىكىتى ئاسمىنىدا ئىقبال قۇياشى پارلاپتۇ، ئەمدى ئۇنى مىسالى ئالتۇن قاناتلىق هارماس شۇڭقار دېمەسكە نە ھەددىم، ئېھتىيات قىلمىسام كېلىپ، نېسىۋەمگە چاڭگال سالىدۇ، تەختى - بەختىمدىن ئايرىيدۇ.

كەمپىر قىقىلداپ كۈلۈپ كېتىپ دېدى:

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، ئاچچىقلىرىغا هاي بەرسىلە، ئۇ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان دەپ تەرىپلەنگىنى بىلەن مۇرچىغا كۈچى

يەتمەس پېقىر كەمپىرگە ئەسىر بولىدۇ.

جاھانگىر شاھ كەمپىرنىڭ ھىيلىگەر - مەككارلىقتا شەي-
تانغا ئۇستاز بولغۇچىلىكى بارلىقىنى بىلىدىغان بولغاچ قىزىقىپ
سورىدى:

— ئۇنى قانداق قىلىپ ئەسىر قىلۇرسەن؟ دەللە كەمپىر
دېدى:

— ئەي، بۈيۈك شاھىنشاھ، ئارتۇق سۆز سورىغۇچە بېرە-
دىغان ئىنئاملىرىنىڭ گېپىنى قىلسىلا، ئەسىرنى ئالدىلىرىغا
ھازىر قىلغىنىمدا قانداق تەدبىر ئىشلەتكىنىمنى ئاندىن سۆزلەر-
مەن. جاھانگىرشاھ دېدى:

— تىرىكى كېرەك ئەمەس، تىرىك ئېلىپ كەلسەڭمۇ
بەربىر ئۆلتۈرەرمەن، ساڭا ۋەدە بېرەيكى ئۇنى ئەزرائىلغا تاپ-
شۇرساڭ، بويۈڭ بىلەن تەڭ ئالتۇن ۋە توققۇز تاۋاق لەئەل -
ياقۇت ئىنئام قىلىمەن، ئۆز ئانام ئورنىدا بىلىپ، بۇ دۇنيا
غېمىدىن خالاس قىلۇرمەن. كەمپىر:

— ۋاقتى كەلگەندە ۋەدىگە ۋاپا قىلغايلا، — دېگىنىچە
دوڭغاسلاپ جاھانگىر شاھ ئوردىسىدىن چىقىپ كەتتى، ھىيلە-
مىكىر دەستۇرىنى قولتۇقىغا قىستۇرغىنىچە باھارىستان مەملى-
كىتىگە قاراپ جۈنىدى.

نەچچە كۈنلەردىن كېيىن ئۇ باھارىستان شەھىرىدە پەيدا
بولۇپ، ئوردا ئالدىغا يەتتى - دە، ياپپېشىل مەخمەلدەك چىم-
لىق مەيداننى بىگىزدەك تىرناقلىق، قۇرۇق ئۇستىخان قارا
قوللىرىدا تىلغاپ، توپا ئېلىپ باشلىرىغا سورۇپ: «ئاھ! دەر-
دىم، ئاھ! دەردىم،» دېگىنىچە ئورىدەك كۆز چاناقلىرىدىن
يۇندا ئېقىتىپ، ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈپ، ھەممىسىنىڭ دىققى-
تىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. توپلاشقانلار ئۇنىڭ ھالىغا يەتمەك
بولۇپ ھال سورىدى ئەمما ھىيلىگەر كەمپىر بىر شاھتىن ئۆز-
گىگە دەردىنى بايان قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يىغا - زارىنى

ئەۋجىگە كۆتۈردى، تۇرغانلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېچىنىش تۇيغۇلىرى بىلەن تىلغىدى، ئاقىۋەت كۆپچىلىكنىڭ سۈلھى - سالاسى بىلەن ئىككى ياساۋۇل ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ، ئوردىغا — شاھزادە نەۋرۇز ئالدىغا ئېلىپ كىردى.

شاھزادە نەۋرۇز ئۇنىڭ ئەپتىگە قاراپ، ئىچ ئاغرىتىپ سورىدى:

— ئەي بىچارىۋار، نى دەردىڭ بولسا بايان قىل، چوقۇم دەردىڭگە دەرمان قىلۇرمەن.

كەمپىر يەنە بىر خىلدا يىغا - زارى، نالە - پىغان قىلىۋەر-دى، ئوردا ئەھلى ئەمدى ئۇنى ساراڭ كۆرۈپ قوغلاپ چىقارماق بولدى ئەمما شاھزادە نەۋرۇز توختىتىۋېلىپ يەنە سورىدى:

— ھەقتائالانىڭ ھەققى - ھۆرمىتى، نېمە دەردىڭ بولسا بايان قىل، ھالىڭغا يېتەرمەن، نى سەۋىلىك «ئاھ دەردىم» دەپ نالە قىلىۋېرىسەن؟

كەمپىر شۇ سۆزلەرنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك نالە - پىغاندىن پارىغ بولۇپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئېغىز ئاچتى:

— ئەي كەرەملىك شاھ ئالىيلىرى، دۆلىتىڭ زىيادە، شۆھرىتىڭ ئالەمگە پۇر بولسۇن، ياراتقان ئىگىمىزنىڭ نامىنى تىلغا ئالدىڭ، ئەمدى دېمەسكە ھەددىم ئەمەس، ھالىمنى بايان قىلاي، ئاندىن ۋەدەڭگە مۇۋاپىق دەردىمگە دەرمان قىلۇرسەن.

ئاندىن ئۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ دېدىكى:

— ئەي پادىشاھ دەۋران، ئاجىزلارنىڭ باشپاناھى، بىر خىلۋەت تاغ جىراسىنى ماكان قىلغان ئاجىز پۇقرايىڭ ئىدىم، ئاندا دۇنيالىقتا بىرگىنە ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىز ھايات كەچۈ-رەر ئىدۇق، ئۇ قېرىغاندا تايانچىم، كۆزلىرىمنىڭ گۆھىرى ئىدى، ۋاپادارلىق رەسمىنى كامالىغا يەتكۈزۈپ، بار ئىمكانىچە مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن خىزمىتىم قىلار ئىدى. ئۇنىڭسىز ياشاشقا مەندە تاقەت ۋە ئىمكان يوق ئىدى ئەمما ئۇچ

كۆن ئاۋۋال، نى گۆناھىم ئۆچۆنكى بېشىمغا تەقدىرنىڭ غەزەپ
چاقمىقى چۈشتى، ئول يۈرەك پارەمنى بىر ۋەھشىي يولۋاس
خامتالاش قىلىپ، قۇرۇق ئۇستىخىنىنى قويدى، نە قۇتقۇزۇشقا
ئامالىم، نە قىساسىنى ئالماققا ئىلاجىم يوقىدىن زار - زار
يىغلىدىم، پايدىسى بولمىدى ۋە ياكى دەردى - ھالىمغا يەتكۈدەك
بىر مەردۇ مەردان باھادىر چىقمىدى. شۇ سەۋەبلىك زامانىمىز-
نىڭ پالۋانى باھادىرى ۋە ھەق - ئادالەتنىڭ نۇرلۇق قۇياشى،
پېقىرلارنىڭ غەمگۇزارى، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ دادىغا يەتكۈ-
چى جانابىي ئالىيلىرىدىن شەپقەت تىلەپ كېلىپتۇرمەن، ئول
ۋەھشىي مەخلۇقاتتىن يۈرەك - پارەمنىڭ قان - قىساسىنى
ئېلىپ بېرەر دېگەن ئۈمىد بىلەن تۇرۇپتۇرمەن.

شاھزادە نەۋرۇز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ئەي بىچارىۋار، ئۈشبۇ مىنۇتلارنىڭ ئۆزىدە مېنى
جايى- مەنزىلگە باشلىغىن، ئول ۋەھشىينى يوق قىلىپ، ئوغ-
لۇڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرەي، ئەل بېشىدىن بىر ئاپەتنى تۈگى-
تەي، ئاندىن ئۆزگە تەلەپ ئىلتىماسىڭ بولسا ھەم بەجا كەلتۈ -
رەي، — دېدى.

ئەمما دانىشمەن ۋەزىرلەر ئۇنى بۇ پەيلىدىن يېنىشقا ئۈندەپ
دېيىشتى:

— بىر يولۋاس ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلماق بىھا-
جەت، باھادىر ياساۋۇللىرىمىز، ماھىر ئوۋچىلىرىمىز سەپ-
سىپى بىلەن پەرمانلىرىغا مۇنتەرىز تۇرۇپتۇ، ئۇلاردىن بىر بۆ-
لىكىنى ئەۋەتەيلى، مىڭ يولۋاس بولسىمۇ بىرىنى قويماي يوقى-
تار.

كەمپىر بۇ مەسلىھەتنى ئاڭلاپلا قان - يامغۇر مىسلى ياش
تۆكۈپ دېدى:

— ئەي پادىشاھ زامان. ئەي پالىۋانى يېگانە جاھان،
شۇنچە كىشى بارسا يولۋاس ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن ئۈركۈپ قاچ-

ـماسمۇ، ئول ۋاقىت ئوغلۇمنىڭ قان قىساسىنى قانداق ئالۇر-
مىز، شەپقەت ۋە ئىلتىپاتىڭنى كامالىغا يەتكۈزۈپ، ئاندا بىر
ئۆزۈڭ بارغىن، مىڭ ئەمەس، بىر گىنە يولۋاستۇر، مىڭى بول-
غاندىمۇ سەنچە باتۇر ئوغلاننىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلماس،
ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغىن، پالىۋانلىق شۆھرىتىڭنى ۋە ئادالەتپەرۋەر-
لىك خىسلىتىڭنى ئەلگە نامايان قىلغىن.

قېرى دەللىنىڭ هىيلە - مىكىرلىك سۆزلىرى شاهزادە
نەۋرۇزنىڭ يىگىتلىك غۇرۇرىغا تېگىپ دېدى:

— ئەي دانىشمەن ئۇستازلار، مېنى يولدىن توسماڭلار،
ۋەدىگە مۇناسىپ بىر ئۆزۈم ئاتلىنۇرمەن. ئاندىن شاهزادە نەۋرۇز
شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئاتلىنىپ يولغا چىقتى، قېرى ئوبۇشقا
هەم تۆت ئاتلىق بىر مەپىگە چۈشتى، يول باشلىدى.

ئۇلار يۈردى، يۈردى، ئاخىر بىر ئېگىز تاغ باغرىغا يەتتى،
كەمپىر توختاپ ئارام ئېلىشقا ئۈندەپ دېدىكى:

— ئەي پادىشاهى دەۋران، بىر ئاز ئارام ئالغىن، بۇ
يەردىن نېرىراقتا غېرىبانە كۆلبەم بار، باشلاي دېسەم بىساتىم-
نىڭ تايىنى يوق، سەندىن ئۇيىتارمەن، بېرىپ بىر تاۋاق سوغۇق
سۈيۈم بولسىمۇ ئېلىپ كېلەي، بۇ يەردە مېهمىنىمسەن.

شاهزادە نەۋرۇز ماقۇللۇق بىلدۈردى. دەللە بىر تەرەپكە
كېتىپ تېزلا بىر چۆگۈن بىلەن ئىككى تاۋاق كۆتۈرۈپ كەلدى-
دە، تاۋاقلارغا سوغۇق چاي قۇيۇپ بىرىنى شاهزادە نەۋرۇزغا ۋە
بىرىنى مەپىكەشكە تۇتتى. ئۇلار ئۇسساپ - چاڭقاپ كەتكەچ بىر
كۆتۈرۈشتىلا تاۋاقلارنى بوشاتتى ئەمما هايالسىزلا باشلىرى قې-
يىپ، كۆزلىرى تورلىشىپ، لايەك ئېزىلىپ يىقىلىپ يېتىش-
تى. قېرى ئوبۇشقا بولسا بىر قىڭراقنى يېڭىدىن چىقىرىپ،
مەپىكەشنىڭ بوينىغا ئۇردى، بويۇن تومۇرى كېسىلىپ، قىپقىد-
زىل قانلىرى ئېرىق بولدى، نەچچە - نەچچە رەت كۆچەپ
چاپتى، ئاقىۋەت كاللا سويمىسىنى تەن پېلىكىدىن ئۈزدى، ئاز-

دىن قىقىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆز ـ ئۆزىگە شۇنداق دېدى: «بار كەمپىر، ئەمدى جاھانگىر شاھتىن مۇكاپات تەلەپ قىل، بۇنىڭ كاللا سويىمىسىنىمۇ ئۇزۇپ بارساڭ مۇكاپات ۋەدىسىدىن يېنىۋې- لىپ قالسا ئەجرىڭ بىكار كېتەر، بىھوش ھالىتىدە قالدۇرۇپ بېرىۋەر، سەندىن ئۆزگە بىرى ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈشنى بىل- مەس، مۇكاپات ئېلىپ بولغىنىڭدىن كېيىن كېلىپ بېشىنى ئۈزۈپ بەرسەڭمۇ كېچىكمەيسەن.»

شۇ سۆزدىن كېيىن مەيىنى ئۆزى ھەيدەپ جاھانگىر شاھ ئالدىغا يۈردى، ئوردىغا يېتىپ بارغىنىدىن كېيىن قىلغان ـ ئەتكىنىدىن مەلۇمات بېرىپ، ۋەدە قىلىنغان مۇكاپاتىنى تەلەپ قىلدى.

جاھانگىر شاھ بولسا دەللە مەلئۇننىڭ شاھزادە نەۋرۇزنى تاغ باغرىدا بىھوش قالدۇرۇپ مۇندا كەلگىنىدىن بىيار ئەندىشىگە چۈشۈپ، قەھر بىلەن توۋلاپ كەتتى:

— ئەي شەيتاننىڭ ئۇستازى دەللە مەلئۇن، ئەي نەپسى ئاۋارىسى ناكەس قېرى، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپلا كەلسەڭ بول- ماسمىدى، ئۇنىڭ بېشى ساڭا ۋەدە قىلىنغان مۇكاپاتلار قىممى- تىدىن نەچچە ئون باراۋەر قىممەتلىك ئىدى، شۇ ھالدا سېنى نائۇمىد قالدۇرارمىدىم، سەن ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقىمدىن ئەندى- شە قىلىپ، ئۇنى تىرىكلىكىچە قالدۇرۇپ مۇندا كېلىپسەن، مۇكاپات ۋەدىسىنى ئادا قىلمىسام ئول بالا تېغىنى بېشىمغا يىقىتماق قەستىنى كۆڭلۈڭگە پۈكۈپسەن، مېنى ھەم ئۆزۈڭدەك بىۋاپا، قارا كۆڭۈل ھېسابلاپسەن، قەسەم قىلۇرمەنكى، ئەگەر بېرىپ ئۇنى تاغ باغرىدا يوق قىلالمىسام ئورنىغا سېنى قوي ئورنىدا بوغۇزلاپ ئاچچىقىمنى چىقىرارمەن.

قېرى دەللە ۋەھىمىگە چۈشۈپ، جاھانگىر شاھنىڭ كۆڭلى- نى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى ئەمما جاھانگىر شاھ- نىڭ يۈرىكى قورقۇنچ ئوتىدا چوغ بولۇپ يېنىۋاتقاچ، تىنچلانما-

دى، يەتمىش مىڭ لەشكىرى ۋە پالىۋان باھادىرلىرى بىلەن قېرى ئوبۇشقىنى ئالدىغا سېلىپ ھېلىقى تاغ باغرىغا قاراپ تېز سۈرئەتتە ئاتلاندى.

ئۇلار ئارام ئالماستىن يۈرۈپ مەنزىلگىمۇ يەتتى، قارىسا شاھزادە نەۋرۇز ئاندا يوق. كۆپلەرگە مەلۇملۇق ئاجايىپ زور بىر قورام تاش زەربە كۈچىدە سەكپارە بولۇپ، قۇم - تۇپراقتەك چېچىلىپ يېتىپتۇ، ئاندا ھەم ئېرىق بولۇپ ئاققان قان ئىزى ۋە يېڭىلا دۈۋىلەنگەن توپا دۆۋىسى تۇرۇپتۇ.

بۇلارنى كۆرۈپ جاھانگىر شاھنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقـ. تى: «ۋاھەدرىخا! پۇرسەت ئۆتۈپتۇ،» دەپ بار ئاچچىق ھەسرەتىنى قىلىچىغا مۇجەسسەم قىلىپ، ھەرتەرەپكە ئالاڭلاپ قاراپ، پۇشايمان ئوتىدا پۇچىلىنىپ، بارماقلىرىنى چىشلەپ قالغان دەلـ. لىنى چېپىپ - چېچىپ، تېنىنى قەلەمچە قىلدى، ئاندىن تەـ. خىرسىز ئۆز شەھىرىگە ياندى.

ئەلقىسسە، سۆزنى شاھزادە نەۋرۇزدىن ئاڭلىماق كېرەك. شاھزادە نەۋرۇز بىھوش ھالىتىدە ياتقىنىدا كۆز ئالدىدا دانىشمەن ئۇستازىنىڭ سىماسى غىل - پالغىنا زاھىر بولۇپ: «ئەي شا - گىرتىم، — دېدى بېشىنى سىلاپ، — ئەقىلسىزلەر قازاغا يېقىندۇر، ئالدىراڭغۇلۇق پالاكەتكە دۇچار قىلۇر، تۇر، بېشىڭـ. غا ئەجەل ئەجدىھاسى چاڭگال سوزۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمدىكى ھەر بىر ئىشىڭدا ئەقىل - پاراسەت پەرمانىغا ئىتائەت قىل، بولسا ئىلىم - ھېكمەت كۈچىگە تايانغىن.»

شاھزادە نەۋرۇز ئىچكەن سۇغا قېرى دەللە 10 پىلىنىمۇ بىھوش قىلىپ يىقىتقۇدەك دورا سالغانىدى ئەمما ئۇ ئەمدى ئۇستازىنىڭ روھى مەدەتكار بولغىنى ئۈچۈن ھوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن دەس تۇردى، قارىسا مەپىكەش تېنى بىر ياندا، بېشى بىر ياندا ياتقان، قېرى كەمپىرنىڭ بولسا سايىسىمۇ كۆرۈنمەس ئىدى.

شاھزادە نەۋرۇز قېرى دەللىنىڭ ھىيلە ـ مىكرى بىلەن ئاندا كېلىپ قالغىنى ۋە شۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچ كەلگىنىدىن پىغانى ئۆرلەپ، قەھر ـ غەزىپى بىرلە ئاندا تۇرغان بىر چوڭ قورام تاشقا پەنجە ئۇردى، تاش كۇكۇم ـ تالقان بولدى، ئاندىن ھەرتەرەپكە يۈزلىنىپ دەللە كەمپىرنى ئىزدىدى، تېپىلمىدى، نائىلاج مەيكەشنىڭ مۇردىسىنى بىر ئورا كولاپ كۆمدى، ئان- دىن تۇلپارىغا مىندى ـ دە، ئۆز مەملىكىتىگە ياندى. ئەمما، كەلگەن يولىدىن ئېزىپ، باشقا تەرەپكە كېتىپ قالدى، نەچچە كۈنلەر يول يۈردى، شامال ئاياغ تۇلپارى ئۇنى ئاخىر ئاجايىپ بىر ۋادىغا يەتكۈزدى. تۇپرىقى قۇم ـ شېغىل ۋە تونۇردەك قىزىق ئىدى ئەمما نېرىسىدا بىر يېشىل كۆكلەمزار كۆرۈنۈپ تۇرار ئىدى، قىزىقىپ ئۇل كۆكلەمزار تەرەپكە ئات سالدى. ئەمما يېقىنلا يەردە كۆرۈنگەن كۆكلەمزارغا ئۈچ كۈن شامالدەك تېز يۈرۈپمۇ يېتەلمىدى، ئاخىر نائۈمىد بولۇپ، توختىغانىدى، كۆكلەمزار ئۆزىلا سۈرۈلۈپ ـ سۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. كۆردىكى ئەتراپى چىتلاقسىز ۋە توسۇقسىزلا بىر لالە- زارلىق باغچە ئەمما ئۇل لالەزارلىقتىكى لالە گۈللەر ئۇ ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ ئېسىل گۈللەر بولۇپ، گۈل ساپىتى بىلەكتەك ۋە گۈلچىنىسى سېۋەتتەك كېلەر ئىدى، بەزىلىرى ئالتۇندەك سېرىق ۋە بەزىلىرى قاردەك ئاق، يەنە بەزىلىرى ئاي- يۇلتۇزسىز تۈن رەڭگىدە قارا ئىدى ئەمما تېخى ھەممىسى ئېچىل- مىغان غۇنچە ھالىتىدە ئىدى.

شاھزادە نەۋرۇز ھېس قىلدىكى بارچە گۈللەر ئۆزگىچە، ئەمما بىر ئاق لالە ھەممىسىدىنمۇ ئاجايىپراق ئىدى، ئۇل لالە- نىڭ غولى باشقىلىرىدىنمۇ تومراق ۋە ئېگىز، گۈلچىنى ھەم باشقىلاردىن ئىككى باراۋەر چوڭ ئىدى، گويا بۇ گۈللەرنىڭ سەرخىلى، پادىشاھدەك تۇرار ئىدى.

شاھزادە نەۋرۇز گۈللەرنىڭ خۇشبۇيلۇقىدىن مەستخۇش

بولۇپ يىقىلدى، شۇھامان كۆز ئالدىدا يەنە بىر ئاجايىپ كۆرۈ-
نۈش زاھىر بولدى، گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ ھەرگۈل ئېچى-
لىش بويى بىر غېرىچ، ئەمما چېھرى ئاي ۋە كۈن مىسالى نۇرلۇق
ساھىبجامال ھۆر قىزلار چىقىپ كېلىشتى، سېرىق لالەدىن
چىققانلىرى سېرىق تەنلىك ۋە ئاق لالەدىن چىققانلىرى ئاق
تەنلىك، قارا لالەدىن چىققانلىرى بولسا قارا تەنلىك ئىدى. ئۇلار
بىر - بىرىدىن ئۇزراق ۋە بىر - بىرىدىن خۇش قامەت ئىدىكى
قايسى - قايسىدىن ئارتۇقلىقىنى ئايرىماق بىيار مۇشكۇل ئىدى.
ئول ھۆر - پەرىلەر يەرگە چۈشۈپلا ئاستا - ئاستا چوڭقى-
يىپ، ئون سەككىز ياشلاردىكى نازىنىن دىلرەبالەرگە ئايلاندى-
دە، تېخى ئېچىلمىغان ھېلىقى ئەڭ يوغان ۋە ئەڭ كۆركەم ئاق
لالە گۈلنى چۆرىدەپ قول تۇتۇشۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئېچىلغىنا، ئېچىلغىن،
قىلمىغىن سەن ئىنتىزار سەن، ئاق لالە.
كەلدى ئاخىر كۈتكىنىڭ،
بولغانتىڭ بەك ئىنتىزار سەن، ئاق لالە.
قىلغىن ئايان ئۆزۈڭنى،
ماھى تەلئەت، ئىنتىزار سەن، ئاق لالە.
ھەلقە ئەيلەپ زۇلچىڭنى،
تاشلا، تاپتىڭ غەمگۇزار سەن، ئاق لالە.
كەلدى پۇرسەت، ئاز بىراق،
قىلغانتىڭ كۆپ نالۇ زارسەن، ئاق لالە.
كەتسە كەلمەس يول يىراق،
ئارماندا قېپ، خارۇزارسەن، ئاق لالە.
ئېچىلغىنا، ئېچىلغىن، ئەي ئاق لالە،
ساڭا قۇچاق ئاچسۇن قۇچاق ئىقبالە.

ھېلىقى ئاق لالە ئاخىر ئاستا ـ ئاستا پورەكلەپ ئېچىلىپ، بىر ھۆر ـ پەرى چىقىپ كەلدىكى ھۆسن ـ زىبالىقى، خۇش رەفتار، خۇش قامەتلىكىنى تەسۋىرلەشكە تىل زەئىپ ۋە قەلەملەر ئاجىز ئىدى، كۆرگەن كىشىنى ئەقىل ـ ھوشىدىن جۇدا قىلار ئىدى.

نازۇك پۇتلىرى يەر يۈزىگە تەگمەك بىلەنلا ئۇ لالەزار ھاۋاسىنى خۇش ھىدقا تولدۇرۇپ، گىلاستەك لەۋلىرىدىن ئۇشبۇ سۆز دۇردانىلىرىنى چاچقۇ قىلدى:

— ئەي سادىق دوستلىرىم، مېنى تىلسىم بۆشۈكتىن تۇرغۇزدىڭلار، ئەگەر ئۇل يېگانە يىگىت بىر نامەرد، بىۋاپا، قورققاق بولسا قانداق قىلۇرمىز، دىۋە مەلئۇنلارنىڭ ئىپلاس ئاياغلىرى نازۇك چىمەنلىرىمىزنى چەيلىسە، خارلىق تۇپراققا كۆمۈلمەسمىزمۇ؟ ئالدىراقسانلىق قىلدىڭىزلەر. ھۆر قىزلار دېدى:

— ئۇل يىگىتنىڭ قۇياش مىسالىك تەلئەتىدىن ۋاپا ـ مەردلىك ئاپتىپى پارلاپ، ۋۇجۇد گۆھىرىدىن جاسارەت نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ. بولمىسا مۇندا قەدىمى يەتمەس ئىدى. ئەي مەلىكە نەفىسە، دىل خامىنىڭغا ئېشەنچ چەشلىرىنى جەمئى قىل، ئۇل قەھرىمانگە دىل رىشتىڭنى كەمەند قىل، قولدىن كەتسە كەلمەس شۇڭقاركەن، تەقدىر قىسمىتىڭگە پۇتۇلگىنى شۇدۇر، ئۇنىڭغا ئۇلاشقىنىڭ ئۇچۇن شۇكۇر ـ سانا ئېيتقىن.

مەلىكە نەفىسە بۇ سۆزلەردىن رىغبەتلىنىپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن شاھزادە نەۋرۇز تامان قەدەم باستى ۋە ھال ـ ئەھۋال سوراپ سوئال قىلدى:

— ئەي يىگىت، قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسىز؟ ۋە قانداق قىسمەت شامىلىدا ئۇشبۇ تىلسىم باغقا كەلدىڭىز؟

شاھزادە نەۋرۇز زور غەيرەت بىلەن ئېسىنى يىغىپ، ئۆزد-

نى توختىتىپ، نام ـ ئەمەلى ۋە بارچە سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى، ئاندىن قايتۇرۇپ سوئال قىلدىكى:

— ئەي ئۇشبۇ چىمەنزارنىڭ گۇلى رەناسى، گۈزەللىك ئېلىنىڭ شاھبانۇسى، بۇ قانداق ئاجايىباتكىم لالەگۇللەر ئىچىنى ماكان تۇتۇپسىزلەر، لالە زارلىق بولسا پايانسىز چۆل ـ جەزىرە ئىچىدە يېيىلغان رەڭدار گىلەمدەك كۆكۈل ئاسمانلىرىنى ھەي-رانلىق تۇمانلىرىدا پەردىلەپ يېتىپتۇ، ئاندا ئاجايىپ سىر ۋە غارايىپ ھېكمەتلەر پىنھان بولسا كېرەك؟ ئول سىر قۇلۇپلىرى-نى ئېچىپ، كۆكۈل ئاسمىنىمنى روشەن قىلسىڭىز.

مەلىكە نەفىسە سىر تۈگۈنلىرىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى مۇبا-رەك لەۋلىرىنى ئۇشبۇ سۆزگە جارى قىلدى:

— ئەي شاھزادە نەۋرۇز، دوستلىرىم نەچچە يىللىق تىل-سىم ئۇيقۇنى تەرك قىلغان ھامان مەن ھەممىنى سەزگەن ۋە ئۇشبۇ سوئاللارغا مۇنتەزىر ئىدىم. قۇلاق سېلىڭكى پەرىلەر شاھزادىسى بىلەن ئادەمزات مەلىكىنىڭ ئارالىرىدا يىلتىز تارت-قان مۇھەببەت كۆچىنىڭ يېگانە گۇلىمەن، ھۆسن ـ جامالىم-نىڭ ئۇزلۇقىغا مۇناسىپ نەفىسە ئاتىم مەشھۇردۇر. ۋاقتىتىكى يېشىم ئون بەشكە يەتكەندى، ھەر تەرەپتىن كۆزلەر تىكىلدى ئەمما تىكىلگەن كۆزلەرگە غەزەپ تىكەنلىرى ئاتار ئىدىم، ۋەسلى گۇلنىھالىمدىن ئۈمىد قۇشلىرىنى قوغلار ئىدىم. تەنھالىقنى خالار ئىدىم، شۇنداق كۈنلەر دىۋىلەر شاھى ئىبلىس قولىنى سوزدى، مەن ئۈچۈن دىۋە ـ پەرىلەر ئارا ماجىرا بولدى، بىھې-ساب قانلار تۆكۈلدى، ئاقىۋەت سان جەھەتتە كەملىك قىلغان پەرىلەرگە مەغلۇبىيەت يۈزلەندى. ئامالسىز قالغان شاھ ئاتام مېنى ئۇستازى مەۋلانە يۇسۇپكە تاپشۇردى، ئۆزى جەڭگاھتا ھاياتىنى تامام قىلدى. مەملىكىتىمىز مۇنقەرز بولدى ئەمما مەۋلانە يۇسۇپ ئۇستاز ئىلىم ـ ھېكمەتكە بىسيار كامىل ۋە پاراسەتلىك كىشى ئىدى، بىراق قېرىلىق كۈچ مادارىدىن ئايرى-

غاچ نە مەملىكەتنى مۇنقەرزلىكتىن خالاس قىلالماي، نە ئاتامغا مەدەتكار بولالماي كۆپ قايغۇدا ئىدى. ئاقىۋەت ئاخىرقى كۈنلە-رى مېنى ئۇشبۇ جەزىرىگە چۈشۈرۈپ، تىلسىمات بۆشۈكى لالە گۈلگە بەند قىلدى، مەخلۇقات كۆزىدىن پىنھان قىلدى. دېۋە مەلئۇنلار قولىغا چۈشۈپ خارلانماقتىن خالاس قىلدى، ئول ھەزرەتكە بىيار تەشەككۈرۈم بار ئىدىكى بىلدۈرۈشكە پۇرسەت بولماي، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى، بۇنىڭغا بىرنەچچە يىل بولۇپ-تۇ، ۋاقىت بىز ئۇچۇن توختاپ قالغاندۇر. شۇ ھالەتتە نىجاتكا-رىمىزنىڭ قۇتبەخش قەدەملىرىگە تەلپۈنۈپ تۇرار ئىدۇق، ئۇشبۇ چاغ مۇندا يېتىپ كەلدىڭىز، دوستلىرىم سىزگە كۆرۈنمىكىمنى ۋە بۇ تىلسىماتقا قەدەم قويمىقىڭىزنى ئىختىيار قىلدى، بىزگە دىدارلاشماق شۇ تەرىقىدە نېسىپ بولدى.

شاھزادە نەۋرۇز خۇش بولۇپ دېدى:

— ئەي مەلىكە نەفىسە، دىدارلاشماق تەقدىر - قىسمىتى-مىزگە پۈتۈلمىشكەن، ئەمدى ئىختىيار قىلىڭكى باھارىستاندا بىر ئۆمۈر سائادەت تەختىنى بىللە ماكان تۇتقايمىز. مەلىكە نەفىسە دېدى:

— ئىختىيار تىزگىنى قولۇمدا ئەمەس، ئۇشبۇ تىلسىماتقا بەندمەن، تىلسىمات يوق بولمىغۇچە بىزگە سائادەت تەختىڭىزدە بىللە بولماق نېسىپ بولماس.

— بەلكىم بۇ تىلسىماتنى يوق قىلماقنىڭ يولى باردۇر، — دېدى شاھزادە نەۋرۇز ئىشەنچ بىلەن، — ۋىسال بەختىدىن ئۈمىدۋارمەن.

— تىلسىمات ئاچقۇچى بىر قەدىمي ئود سازىدۇر، — دېدى مەلىكە نەفىسە، — ئۇنىڭ مەن بىلەن بىر كۈن، بىر سائەتتە دۇنياغا كەلگەن بىر شاھزادىنىڭ نامىغا پۈتۈلگەن تىلسىم خەزىنىدە ئىكەنلىكى، ئۇنى تاپقان ۋە ساداغا كەلتۈرۈشكە مۇيەس-سەر بولغۇچىلار بىزنى بۇ تىلسىم بەندلىكىدىن خالاس قىلىدىغا-

نىلا ماڭا ئايان، قالغىنى ماڭا ھەم قاراڭغۇ، ئەگەر شۇ سازنى تاپقان ۋە ساداغا كەلتۈرگەن بولسىڭىز بىزنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرۈپ، ئۆزىڭىز ھەم ۋەسلى گۇلنىھالىمدىن مۇراد گۇلچېچەكلىرىنى ئۈزەرسىز.

— ئەي دىلئۈزارىم، — دېدى شاھزادە نەۋرۇز خۇش بولۇپ، — ئەجدادلىرىم تىلسىم خەزىنىدە بىر ئۇد سازى قالدۇرغانىكەن، ئۇنىڭ نى مەقسەتتە قالدۇرۇلغىنىدىن بىخەۋەر ئىدىم، ئەمدى بىلدىم، تىلسىمات ئاچقۇچى شۇدۇر، ئىشلىرىمىز ئاساندۇر.

شۇ ۋاقىت يىراقلاردىن تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قاپقارا بۇلۇت - تۇمانلار كۆرۈندى، مەلىكە نەفىسە ئىزتىراپقا چۈشۈپ:

— ئەي شاھزادەم، مۇندا تېز ئايرىلىك، كۆرگەن ۋە بىلگىنىڭىزنى كۆڭۈل ساندۇقىڭىزدا سىر قىلىپ ساقلاڭ، دىۋىلەر شاھى تېخى ھايات ئىكەن، ئۆزۈمنى ئاشكارا قىلغان ئۇشبۇ چاغ ئۇ مېنى كۆردى، سىر - ئەسرارىمدىن خەۋەردار بولدى، تېزرەك مەملىكىتىڭىزگە قايتىڭ، مەن ئەمدى يەنە تىلسىم بۇشۇكىدىن ئامانلىق تاپاي.

ئارقىدىنلا ئۇ ۋە باشقا ھۆر - پەرىلەر كىچىكلەپ - كىچىكلەپ ئاخىر لالە گۇللەر قويىنىغا بەند بولدى، لالە گۇللەر تۇگۇلۇپ غۇنچە بولدى، شاھزادە نەۋرۇزنى بىر قۇيۇن چىقىپ يىراقلارغا ئۇچۇرۇپ كەتتى، ئۇ بىر پىنھانغا جايلىشىپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن لالەزاردا نى ئىشلار يۈز بېرىشىنى كۆزىتىپ ئولتۇردى.

شۇ ۋاقىت قارا بۇلۇت - تۇمانلار لالەزارلىق ئاسمىنىغا كېلىپ توختىدى، ئارىسىدىن بەدھەيۋەت، بەتبەشىرە دىۋە مەلئۇنلار چىقىپ يەر يۈزىگە چۈشتى، شۇ ھامان لالەزار شارىسىمان بىر مەۋجۇتلۇق ئىچىگە بەند ھالىتىدە يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ

تىنىمسىز پىرقىراشقا باشلىدى، دىۋىلەر قورشاپ تۇتماق قەستىدە كۆپ ھەرىكەت قىلدىيۇ ئىمكانى بولمىدى، ئاخىر گۇمبەز چوڭقۇلۇقىدا گۇرزە ـ ئومۇتلار ۋە ئاجايىپ زور قىلىچ ـ پالتىلار بىلەن ھۇجۇم قىلدى، شارسىمان مەۋجۇتلۇق يېرىلمىدى، بەلكى قىلچىلىك كار قىلمىدى، دىۋىلەر ئۆيدەك ـ ئۆيدەك تاشلارنى ئاتقانىدى، قاڭقىپ كېتىپ ئۆزلىرىگە زەخىم يەتكۈزدى.

يەنە بىر چوڭ قارا بۇلۇت كېلىپ توختىدى، ئىچىدىن بوي ـ بەستى مىسلى بىر تاغدەك، ئاتەش كۆزلۈك بىر دىۋە چىقىپ، يەر يۈزىگە چۈشتى. بارچە دىۋىلەر ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا باش قويدى. ئول دىۋە لەنىتىنىڭ ئالىقىنىدا سېرىق يۈزلۈك قىزىل چاچلىق، قىزىل كۆزلۈك، يالاڭ ئېغىز زەر تاجلىق بىر دىۋە زەر تەخت ئۈستىدە ئولتۇرار ئىدى.

ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن چوڭ دىۋە شارسىمان تىلسىم قورغانغا يەنجە ئۇردى، تىلسىم قورغان يەرگە ئۆرۈلۈپ، قاڭقىپ چىققاندە كۆك قەھرىگە ئۆرلەپ ھايالسىزلا كۆزدىن يىتتى، دىۋىلەر قارىشىپ قالدى. بىر چاغدا ئاقار يۇلتۇزدەك ساقىپ چۈشۈپ، نەچچە يۈزلىگەن دىۋىنى يەرگە چاپلىۋەتتى، قالغان دىۋە مەلئۇنلار ھەرتەرەپكە قېچىشتى، دىۋىلەر شاھى يەنە چوڭ دىۋىگە ئەمر قىلدى، چوڭ دىۋە ئۇنى زەر تەخت بىلەن زېمىنغا قويۇپ، شارسىمان تىلسىم قورغاننى قوش قوللاپ تۇتۇپ، توپ كۆتۈرگەنچە كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى، ئاندىن بارچە دىۋىلەر يەنە قارا بۇلۇتلار قوينىغا كىرىپ، كەلگەن يولىغا يۈرۈپ كەتتى.

شاھزادە نەۋرۇز بولسا ھەسرەت ـ نادامەتلەر ئىچىدە دىلى غەملىك، كۆزلىرى نەملىك بولۇپ، مەملىكىتى يولىغا راۋان بولدى، نەچچە كۈنلەر يول يۈردى، مول يۈردى، ئاخىر بىر كۈن ئۆز شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىغا يەتتى.

كۆردىكى شەھەر خەلقى قارا كىيىنىپ، مۇسىبەت قايغۇسىدا يۈرۈپتۇ ئەمما ئۇنى كۆرمەك ھامان بارىنىڭ چېھرى شادلىق-

تىن پارلاپ، قايغۇ تۇمانلىرى تارقىلىپ كەتتى، قارىلىق كە-يىملىرىنى يىرتىپ سەكپارە قىلدى، ئوردىغا بېرىپ بىلدىكى ئۆزى ئۇزۇنغىچە يوقاپ كەتكىنى ئۈچۈن مەملىكەت خەلقى ماتەم قايغۇسىغا چۆمگەن، قايتىپ كەلگىنىدە بولسا بارچىسىنىڭ دىلى ئاپتاپ مىسالى ئېچىلىپ، زەررىچە غەم - قايغۇسى قالمىغاند-كەن.

شاھزادە نەۋرۇز تىلسىم خەزىنىگە كىردى، ئود سازىنى ئېلىپ چىقتى، خاس قەسىرگە كىرىپ، ئاراملىق تەختىگە چىد-قىپ، ئاندىن ئود سازىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراشقا باشلىدى. سىر - ھېكمىتىنى بىلمەك بولدى ئەمما چارچاپ قالغىنى ئۈچۈن ئۇيقۇ لەشكىرىگە ئەسىر بولدى، قانچىلىك ئۇخلىغىنى نامەلۇم، بىر ۋاقىتلار ئۇ قاتتىق سىقىلىشتىن چۆچۈپ ئويغاندى، غايەت زور بىر قارا قول چاڭگاللاپ ئېلىپ كېتىۋېتىپتۇ، قۇتۇلۇش تەدبىرىنى ئويلاپ بولغۇچە ئاجايىپ زور بىر ئوردا ئىچىگە تاشلاند-دى. ئوردا ئاجايىپ ئېگىز قارا تاش سېپىل بىلەن قورشالغان ۋە ئىچىدە قارا ئىس - تۇمانلار لەيلەپ تۇرغان بىر مۇدھىش جاي ئىدى. شاھزادە نەۋرۇز كۆردىكى ئۇدۇلدىكى زەر قەسىر ئىچىدىكى زەر تەخت ئۈستىدە سېرىق دىۋە شاھ غادىيىپ ئولتۇ-رۇپتۇ، خىلمۇخىل بەدھەيۋەت، بەدسۇرەت دىۋە ئۆمەرالىرى ئىككى ياندا سەپ تارتىپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە نەۋرۇز بىر قولنى قىلىچ سېپىغا قويغىنىچە زەر قەسىر ئىچىگە قەدەم باستى، دىۋە شاھ سورىدى:

— ئەي ئادەمزات، بۇ يەرگە نېمە سەۋەبلىك كەلتۈرۈلگە-نىڭنى بىلەمسەن؟

— ئەي لەنتى، — دېدى شاھزادە نەۋرۇز غەزەپ بىد-لەن، — سېنىڭ شۇم نىيەت، سۇيىقەستلىرىڭنى مەن نېمە بىلەي.

دىۋە شاھ ئاغزى - بۇرنىدىن قەھر - غەزەپ ئوت -

تۈتەكلىرىنى پۈركۈپ توۋلىدى:

— ئەي ئادىمى نادان، بىر پەنجە ئۇرسام خاك - تۇپراققا قوشۇلۇپ كېتەرسەن، شۇ ھالىڭغا نى سەۋەبلىك ماڭا ھاقارەتلىك سۆزلەرسەن، خەير، ساڭا ھاجىتىم بار، بولمىسا رەھىم قىلماس ئىدىم، ئىككى يالماپلا خامتالاش قىلىپ يۇتار ئىدىم.

شۇ چاغ ئۇنىڭ قول ئىشارىسى بىلەن بىر دىۋە نەچچە ئود سازىنى ئېلىپ كەلدى، دىۋە ئۇنى قولىغا ئېلىپ دېدىكى:

— ئەي ئادەمزات، مەلىكە نەفىسە بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىڭ يەر يۈزىگە ئەۋەتىلگەن جاسۇسلىرىمىز ئارقىلىق بىزگە يەتتى، ئۇلارنىڭ كۆز - قۇلىقىدىن يەر ئاستىدىكى قۇرت - قوڭغۇزلارمۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاجىز تىۋۇشلىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالماس ئىدى، نەچچە كۈنلۈك نېرىدا بولغان سۆزلەرنىمۇ ئېنىق ئاڭلاپ بىلەر ئىدى. شۇ سەۋەبلىك بىز ئود سازى بىلەن سېنى مۇندا كەلتۈردۇق، ئودنى ساداغا كەلتۈرمەك سەن ۋە مەلىكىگىلا خاس ئىكەن، ئۇشبۇ ۋاقىت ئول سازىنى ساداغا كەلتۈرگىن، مەلىكە نەفىسەنى تىلسىم بەندىدىن خالاس قىلغىن، بەدىلىگە ھەرنە تەلىپىڭ بولسا بەجا كەلتۈرۈپ، خالىساڭ يەتتە ئىقلىمغا شاھ قىلاي، خالىساڭ يەتتە ئىقلىم شاھلىرىنىڭ مۈلكىنى بىر خەزىنەڭگە جەم قىلاي.

شاھزادە نەۋرۇز ئودنى قولىغا ئالدى، تېرىقتەك ئالماس پارچىلىرى بىلەن تىزىپ ھاسىل قىلىنغان «يا شاھزادە نەۋرۇز، يا مەلىكە نەفىسە» دېگەن بىر جۈملە ھەرىپ ئاندا زاھىر ئىدى. دىۋە شاھ دېدى:

— ئەي ئادەمزات، قېنى ئىشىڭغا مەشغۇل بولغىن.

شاھزادە نەۋرۇز نى قىلارىنى بىلمەي ئىككىلىنىپ تۇرار ئىدى، قۇلاق تۈۋىدە مەلىكە نەفىسەنىڭ: «ئود سازىنى ساداغا كەلتۈرۈڭ، تىلسىم بۆشۈكتىن ئازاد بولاي، ئەمما تىلسىم قور-

غان بەربات بولغۇچە توختىتىلىك، ماڭا خەۋپ يەتمەس.»

شاھزادە نەۋرۇز ئۇد سازىنىڭ ئالتۇن تارىغا بارماقلىرىنى قويدى، تاغ ـ تاشلارنى سىمابتەك ئېرىتىپ، يەر ۋە كۆكنى لەرزىگە سالغۇدەك ئاجايىپ بىر ساداغا كەلتۈردى. شۇ ھامان قارا تاش سېپىل ۋە ئوردا ـ قەسىر گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى ۋە بىر تەرەپتىن تىلسىم قورغان كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، ئۇل شارسىمان قورغان ئىچىدە لالە گۇللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، گۇل پورەكلىرى ئىچىدىن ھۆر قىزلار چىقىپ كەلمەكتە ئىدى. بارچىنىڭ ئىچىدە گۈزەللىك مەملىكىتىنىڭ شاھبانۇسى مەلىكە نەفىسە يۇلتۇزلار بەزمىسىدىكى تولۇن ئاي مىسالى ئايان بولدى.

شاھزادە نەۋرۇز خۇش بولۇپ قولىنى يىغدى، يەنە داۋام قىلسا تىلسىم قورغانمۇ ۋەيران بولىدىغىنىنى سەزدى، جاھانغا زىلزىلە سالغان مۇزىكا ئاۋازى چىپپىدە توختاپ قالدى.

شۇ ۋاقىت ئوردا خارابىسى ئىچىدە دىۋە شاھ مەلئۇن ئۆمىلەپ چىقىپ دېدى:

— ئەي ئادەمزات، ئەمدى يەنە بىر مەرتىۋە ساداغا كەلتۈرگىن، مەلىكە نەفىسە تىلسىم قورغاندىنمۇ خالاس بولسۇن.

ئەمما، مەلىكە نەفىسە تىلسىم قورغان ئىچىدە تۇرۇپ، تەن كۇچىنىڭ نازۇك نىھالى بىر جۇپ قولىنى سۇنۇپ: «ئەي نىجاتكارىم ، — دېدى شاھزادە نەۋرۇزغا، — دىۋە مەلئۇننىڭ سۆزىگە قۇلاق سالما، ئۇدنى ماڭا تاشلاپ بەرگىن، كېرەك بولسا ئۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن قالغان تىلسىم بالاسىدىن ئۆزۈم خالاسلىق تاپارمەن.» دىۋە شاھ توۋلىدى:

— ئەي ئادەمزات، ئۆز جېنىڭنى ساقلىماق كويىدا بولغىن، ئۆز بەختىڭنى كۆزلىگىن، مەن دېگەنچە قىلغىن، ئاندىن خالىساڭ يەتتە ئىقلىمغا شاھەنشاھ قىلاي، خالىساڭ يەتتە ئىقلىم خەزىنىسىگە ئىگە قىلاي، يەنە خالىساڭ بىر مەلىكە نەفىسەدىن ئۆزگە جىن ۋە پەرى، دىۋە ۋە ئادەمزات ئەللىرىنىڭ بارچە

مەلىكىلىرىنى كېنىزىكىلىك قىلىپ بېرەي...

ئاندا مەلىكە نەفىسە تەلمۈرۈپ، شېرىن سۆخەندان لەۋلىرىدىن سۆز ئۈنچىلىرى تۆكتى:

— ئەي شاھزادە نەۋرۇز، دىۋە مەلئۇن سۆزىگە كىرسىڭىز ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالارسىز، ئول لەنەتكار ۋەدىگە ۋاپا قىلماس، ئود سازىنى ماڭا تاشلاپ بېرىڭ، ئاندىن ئۆزىڭىزنى ياقىغا ئېلىڭ، بولسا تىلسىم قورغانىمغا كىرىڭ، ھەرنە كۆرسەك ئورتاقلىشارمىز.

شاھزادە نەۋرۇز دەرھال ئودنى تىلسىم قورغانغا ئاتتى، دىۋە شاھ لاچىن مىسالى ئود سازىنى تۇتۇۋالماققا قەست قىلدى. ئەمما ئۈلگۈرمىدى، ئۇ ئاقار يۇلتۇزدەك بېرىپ مەلىكە نەفىسەنىڭ نازۇك قوللىرىغا چۈشتى، شاھزادە نەۋرۇز ئۆزى ھەم قورغانغا ئېتىلدى ئەمما ئاردا دىۋىلەر كېلىپ توسۇق بولدى.

دىۋە شاھ قەھر - غەزەپ بىلەن تۈۋلىدى:

— ئەي ئەقىلسىز، ياخشىلىق ۋەدە قىلسام قۇلاق سالمىدىڭ، پەرمانىمغا زىت ئىش قىلدىڭ، ئەمدى شۇنداق جازا بېرەيكى تا قىيامەتكىچە تارتقان ئازابلىرىڭ بۇرنۇڭدىن تېمىپ تۇرسۇن.

ئاندىن جاللات دىۋىلەرگە ئەمر قىلدى: «ئۇنى تۇتۇپ دوزاخ ئازابىغا مەھكۇم قىلىڭلار» دەپ.

بىراق شاھزادە نەۋرۇز تۇتۇق بەرمەي مىسران قىلىچىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ قول سوزغانىنىڭ قولىنى، يېقىن كەلگەننىڭ بېشىنى كەستى، باھادىرلىقى بىلەن دىۋىلەر ئېچىگە ۋەھىمە ئوتى چاچتى. دىۋىلەر ئەمدى ياراغلىرىنى ھازىرلاپ باراۋەر ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم ياسىدى. شاھزادە نەۋرۇز خاسىيەتلىك قىلىچ ۋە جاسارىتى بىلەن كارامەت جەڭ قىلدى. ئاقىۋەت شاھزادە نەۋرۇزغا زەخىم يەتكۈزەلمىگەن، بەلكى ئۆزلىرى كۆپ تالاپەت كۆرگەن دىۋىلەر ئۆزلىرىنى ياقىغا ئېلىپ، بارچىسىدىن كاتتا

قارا دىۋىنى جەڭگە چىقاردى. شاھزادە نەۋرۇز ھەم تەمتىرىمەس-
تىن قارا دىۋىنىڭ پۇتلىرىغا قىلىچ ئۇردى، ئاجايىپ ئىشكى قارا
دىۋىنىڭ تىرنىقچىلىك يوق ئالماس قىلىچ ئۇزىراپ بېرىپ،
ئۇنىڭ پۇتلىرىنى چورتلا ئۈزۈپ تاشلىدى. قارا دىۋە قولىدىكى
تاغدەك زور ئومۇتىنى ئۇرۇشقا پۇرسەت بولمايلا ئالدىغا دۈم
چۈشتى، شاھزادە نەۋرۇز چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى ياقىغا ئالدى،
نەچچىلىگەن كىچىك دىۋىلەر قارا دىۋىنىڭ زەر تاغدەك تېشى
ئاستىدا قېلىپ يانجىلىپ كەتتى، قارا دىۋە ھەم قانلىرى دەريا-
دەك ئۆركەش ياساپ ئېقىپ - ئېقىپ، ئاخىر جېنى ھەم جەھەن-
نەم سەپىرىگە ئاتلىنىپ كەتتى.

دىۋە شاھ شاھزادە نەۋرۇزنى سەل چاغلىغىنىدىن ئەپسۇس-
نادامەت چېكىپ، تىلىنى سېھىرىي - ئەپسۇنغا جارى قىلدى،
ئاغزىدىن ئوت ۋە زەھەرلىك تۇتەك ئېتىلىپ چىقىپ شاھزادە
نەۋرۇزغا پۇركەلدى، شاھزادە نەۋرۇز ئاق ئالتۇن قالقىنى بىلەن
ئۆزىنى ھىمات قىلدى، پۇركەلگەن ئوت ۋە تۇتەك قالقانغا تېگىپ
ئارقىغا ياندى - دە، دىۋە - شاھنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى
كۆيدۈردى، قېشىدىكى بىرقانچە ئۆمەرالىرىنى جېنىدىن جۇدا
قىلدى. دىۋە شاھ جان ئاچچىقىدا ئاجايىپ سەت بىر ئاۋازدا نالە-
پەرياد قىلغانىدى، ئارقىسىدا بىر قىزىل تۇتەك پەيدا بولۇپ،
تۇتەك ئىچىدىن ئەپت - بەشىرىسى قورقۇنچلۇق بىر قېرى دەللە
پەيدا بولدى ۋە ئەپسۇن بىلەن دىۋە شاھنىڭ چاچ - ساقاللىرىدى-
كى ئوتنى يوق قىلىپ، شاھزادە نەۋرۇزغا ئېتىلدى، ئۇنىڭ
قوللىرى ئارىدەك، تىرناقلىرى بىگىزدەك ئىدى، شاھزادە نەۋ-
رۇز ئۇنىڭغا ھەم ئەجەل شەربىتى ئىچكۈزمەككە ھازىرلانغانىدى
دەللە قىزىل تۇتەك بولۇپ كېلىپ، شاھزادە نەۋرۇزنى ئورىۋال-
دى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە شاھزادە نەۋرۇز تاش ھەيكەلگە
ئايلىنىپ قالدى.

قېرى دەللە ئەسلىگە يېنىپ دىۋە شاھقا دېدى:

— ئەي سېرىق دىۋە شاھ ئوغلۇم، ئول ئاپەتنى ۋاقتىدا يوقلۇق ئالەمگە ئۇزاتماي، ئۆزۈڭگە شۇنچە جاپا قىلدىڭ، ئەمدى ھەر ئىشتا ئېھتىيات قىلكى قايتا ئەپسۇس - نادامەتتە قالما.

— ئەي بۆزرۈكۋار ئانا، — دېدى دىۋە شاھ كۆچۆكلىنىپ، — تەلىمىڭ ئەقلىمگە قۇۋۋەت بەرگۇسى، ئەمدى شۇنداق تەدبىر قىلكى، ئول تىلسىم قورغان بۇزۇلسۇن، مەلىكە نەفىسەگە ئېرىشەي. جادۇگەر دەللە دېدى:

— ئەمدى ئۇنىڭ ۋەسلى ئۇمىدىدە بولما، تىلسىم قورغاننىڭ ئاچقۇچى ئىچىدە، ئۇنىڭسىز مەقسىتىڭ ۋۇجۇدقا چىقماس، قورغاننى سېھرىي - ئەپسۇن بىلەن يەر ئاستىغا بەند قىلايلى، تا قىيامەتكىچە ئاندا تۇرسۇن، قايغۇ - نادامەت ياشلىرىنى ئىچىملىك، پۇشايمان ۋە ھەسرەتنى ئوزۇقلۇق قىلىپ ياشىسۇن، ساڭا ئۆزگە پەرىلەر ئىقلىمى ۋە جىنلار قوۋمىدىن ۋە ئادەمزات ئارىسىدىن ساھىبجامال گۇلبەدەنلەرنى كەلتۇرەيلى، ئىشرەت بەزمىسىنى ئۇلار بىلەن قىزىتقىن.

— ئەي جادۇگەرلەرنىڭ سەردارى، — دېدى دىۋە شاھ، — سۆزلىرىڭ ئورۇنلۇق ئەمما زامانىمىزدا مەلىكە نەفىسە مىسالى گۈزەل نازىنىندىن يەنە بىرى تېپىلماس ئىدى، ئۇنى كۆزۈمدىن نېرى قىلماققا رايىم يوق، تىلسىم قورغان بىلەن مۇندا تۇرىۋەرسۇن، بىز ئۆز ئىشىمىز بىلەن بولىۋېرەيلى.

— خەير، يەنە ئۆز بىلگىنىڭچە ئىش قىل، — دەپلا جادۇگەر دەللە قىزىل تۇتەككە ئايلىنىپ كۆزدىن يوقالدى.

شۇ چاغ تىلسىم قورغان ئىچىدە ئاجايىپ يېقىملىق ئود ساداسى ياڭراپ، بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى، دىۋە شاھنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى زېمىن تەۋرەپ يېرىلدى، ئۇنى بېلىگىچە يۇتتى، ئارقىدىن ئاسمان كۆمتۇرۇلۇپ، يەر ئۆڭتۇرۇلگەندەك ئاجايىپ دەھشەتلىك سادالار ياڭراپ، ئود ساداسى توختىدى، ھەممە تەرەپنى ئاق تۇتەك پۇركەنجىلىدى، بىر چاغلاردا ئاق تۇتەكلەر

تارقاپ، دىۋە شاھ ھوشىنى تاپتىدە بىرلا كۈچىنىش بىلەن يەر يۈزىگە چىقىپ كۆردىكى تىلسىم قورغاندىن ئىزنە يوق، شاھزادە نەۋرۇزنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمى ھەم كۆرۈنمەس. قاتتىق ئاھ تارتىپ توۋلىدى:

— ئەي دىۋىلەر، ئەي باھادىرلىرىم، قېنى سىلەر، مەلىكە نەفىسە بىلەن پەرىلەر، تاشقا ئايلاندۇرۇلغان ئادەمزاتنى ئېلىپ قېچىپتۇ، دەرھال قايدا بولسا تۇتۇپ كېلىڭلار.

شۇ ھامان خارابىلىكلەر ئىچىدىن ۋە ئەتراپتىن پارچە - پۇرات قارا بۇلۇتلار كۆتۈرۈلۈپ، ھەر تەرەپكە تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ ئۇچۇپ كەتتى، ئاسمان يۈزىنى قۇتراپ يۈرگەن قارا بۇلۇتلار قاپلىدى ئەمما بىر چاغلاردا بىر - بىرلەپ قايتىپ كېلىشتى، ھېچبىرىدىن دىۋە شاھنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب كەلمىدى، دىۋە شاھ غەزەپ ئاچچىقىدا تىپىرلاپ قالدى.

ئەلقىسسە، مەلىكە نەفىسە شاھزادە نەۋرۇزنىڭ تاشقا ئايلىنىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، سەۋر - تاقەت چەشلىرى كۆيۈپ كۆل بولغان ۋە ئۇد سازىنى ساداغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرى تىلسىم قورغاننى يوق قىلغان، ئازادلىققا ئېرىشكىنىدىن كېيىن شاھزادە نەۋرۇزنىڭ تاشقا ئايلانغان جىسمىنى كۆتۈرگىنىچە كېنىزەكلىرى بىلەن كۆككە پەرۋاز قىلىپ، ئۆزلىرىنى ياقىغا ئالغانىدى. ئۇلار بار ئىمكانىچە تېز ئۇچۇپ، بىر ئېگىز تاغ چوققىسىغا قوندى، ئاندا ئارقىسىدىن تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇت، تۇمانلارنى كۆردى - دە، دەرھال ئۆزلىرىنى پىنھانغا ئالماق كويىغا چۈشتى ۋە شۇ ھالدا تاغ باغرىدا بىر چوڭ غارنى كۆردى.

مەلىكە نەفىسە كېنىزەكلىرى بىلەن دەرھال غارغا كىردى، شۇ ھامان بېشى گۈمبەزدەك ۋە پۇتلىرى چىناردەك بىر بەتبەشىرە، بەدھەيۋەت ئۆمۈچۈك پەيدا بولۇپ، غار ئاغزىنى قاتمۇقات تور تارتىپ پەردىلەپ ئالدى.

مەلىكە نەفىسە ۋە كېنىزەكلەر بۇنى كۆرۈپ، ۋۇجۇدلىرى تىترەپ توختىدى، ۋەھىمىگە چۆمۈپ قالدى.

ئۇلار شۇ ھالدا بىر مەزگىل غار ئىچىدە تۇردى، ئاندىن دىۋىلەرنىڭ كەتكىنىگە كۆز يەتكۈزۈپ، چىقىپ كەتمەككە تەرەد-دۇت قىلىپ، كېڭەشكە چۈشتى، — ئول جانىۋار بەتبەشىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلۇرمىز، تور پەردىلىرى ۋە زەھەرلىك پەنجىلىرى بىلەن يولىمىزنى توراپتۇر، بىر تەدبىر بىلەن ئول بالادىن ھەم خالاسلىق تاپساق، — دەپ.

ئەمما، ھېچبىرىنىڭ ئەقلى ئول بالادىن قۇتۇلماق تەدبىرىگە يەتمىدى، شۇ سەۋەبلىك ھەممىسى جىمىپلا قالدى، ھېچبىرىدە قارىغان كىشىنى شۈركۈندۈرىدىغان ئول بەتبەشىرە زەھەرلىك ھاشاراتقا تاقابىل بولغۇدەك رىغبەت يوق ئىدى.

شۇ چاغ غار ئىچكىرىسىدىن ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بىر ئاۋاز كەلدى، — ئەي پەرىلەر، بۇ غاردىن چىقىپ كەتمىكىڭلار بەسى مۈشكۈل ۋە خەتەرلىك، قورقماستىن بۇيان كېلىڭلار.

مەلىكە نەفىسە كېنىزەكلىرىنى باشلاپ، تەۋەككۇل قەدىمى-نى ئاندا باستى، بىر سەيناغا چىقىپ قالدى، ئۇدۇلىدا بىر جۈپ ئوت شارچىسى مۇئەللەق تۇرۇپتۇ.

ئۇلار يەنىمۇ ئالدىغا بېرىپ كۆردىكى ئوت شارلىرى ئەسلى قوش مۈڭگۈزلۈك، كۆل رەڭ يۈزلۈك، مايمۇن تەلەتلىك، پۈتۈن تېنىنى كۆل رەڭ موي قاپلىغان بىر غەلىتە مەخلۇقنىڭ كۆزلىرى ئىكەن.

ئۇنى كۆرۈپ پەرىلەر يەنە بىر شۈركۈنۈپ توختىدى، چۈنكى ئول مەخلۇقاتنىڭ جىنلار شاھىنىڭ ئوغلى ئىكەنى ئۇلارغا ئايان-دى، ئىلگىرى ئۇمۇ مەلىكە نەفىسە كويىدا كۆپ ئاۋارە بولغان-دى، ئويلاشتىكى: «بۆرىدىن قېچىپ، يولۋاسقا دۈچ كەپتۇق»، — دەپ.

— ئەي ھۆر - پەرىلەر، — دېدى جىنلار شاھزادىسى

كۆلۈپ تۇرۇپ، — مەندىن ئەندىشە قىلماڭلار، قول - پۇتلى-
رىم بەندتە، ئەركىنلىكتىن مەھرۇممەن.

پەرىلەر يەنىمۇ يېقىنلاپ كۆردىكى جىنلار شاھزادىسىنىڭ پۇت - قوللىرىغا سېھىرلىك زەنجىر - كىشەنلەر چۈشكەن ۋە ئاستىدىكى غەلىتە بىر تەختكە چېتىلغانىدى. مەلىكە نەفىسە سورىدى:

— ئەي جىنلار شاھزادىسى، قۇدرىتىڭ دىۋە - پەرى ۋە جىنلار ئىقلىمىنى زىلزىلىگە سالار ئىدى، كارامەتتە تەڭداشسىز ئىدىڭ، نى سەۋەبلىك بۇ ھالغا كېلىپ قالدىڭ. جىنلار شاھزادى-
سى دېدى:

— جادۇگەر دەللە ئەھمەر بىلەن ئارىمىزدا بىر ئاداۋەت بار ئىدى، قاتتىق جەڭلەر بولۇپ، دەللە ماڭا غالىب كېلەلمەي، ئاخىر ئول مەخلۇقات ئۆمۆچۈكنى ئىشقا سالدى، ئۇنىڭ تىلسىم تورىغا گىرىپتار بولدۇم، مۇندا كەلتۈردى، ئاقىۋەت ئۇشبۇ ھالدا بەند بولدۇم، غار ئول كاساپەت ئۆمۆچۈكنىڭ جايى ماكاند-
دۇر. مەلىكە نەفىسە سورىدى:

— ئۇشبۇ غاردىن ساق - سالامەت چىقىپ كەتمەكنىڭ يولى بارمىدۇر؟

— قولۇڭدىكى ئود سازىنى ساداغا كەلتۈرگىن، — دېدى جىنلار شاھزادىسى، — ئۇنىڭ سېھىرلىك كۈي - ناۋاسىدىن ئۆمۆچۈك مەست بولۇپ ئۇيقۇغا كېتەر، شۇ پۇرسەتتە ئىككى كۆزنى چەنلەپ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تال ئوق ئۈزسەك جېنىدىن جۇدا بولغۇسى، مۇندا ئامان - ئېسەن چىقىپ كېتىش ئاندىن نېسىپ بولغۇسى.

مەلىكە نەفىسە دەرھال ئودنى ساداغا كەلتۈردى، ياڭرىغان كۈينىڭ مۇڭىدىن كېنىزەك پەرىلەر بىھوش بولۇپ تاغ ئورنىدا تەۋرىدى، غارغا بىر زىلزىلە چۈشتى، مەلىكە نەفىسە يەنىمۇ زوق - شوق بىلەن كۈي - ناۋاسىنى ئەۋجىگە چىقاردى،

ئودتىن ئالتۇن نۇرلار چاقناپ، قاپقاراڭغۇ غار ئىچىنى روشەن قىلدى، شۇ ۋاقىت غار ئاغزىنى قامالىۋالغان ئۆمۈچۈك مەست - مۇستەغرەق بولۇپ، تۆرەلمىشىدىن تا شۇ كەمگىچە تۇنجى غەپلەت ئۇيقۇسىغا ئەسىر بولدى. مەلىكە نەفىسە ئود سازىدىن قولىنى تارتتى، شاھزادە نەۋرۇزنىڭ تاش جىسمىدىن ئەپسۇن كار قىلماي، ئەسلى ھالىتىدە قالغان ئالتۇن كامان، كۆمۈش ئوقلىرىنى ئالدى - دە ئىككى تال ئوقنى كىرىچكە تارتىپ، تولۇن ئاي شەكلىدە كېرىپ، تەڭرىگە سىغىنىپ، ئۆمۈچۈكنىڭ كۆزلىرىنى نىشانلاپ قويۇۋەتتى، ئوقلار ۋىژىلداپ بېرىپ، كۆز- لىگەن نىشانلارغا قادالدى. ئۆمۈچۈك جان ئاچچىقىدا سەككىز ئايىغى بىلەن تاغنى قامالاپ تەۋرەتتى، غار ئۈستى يېرىلىپ، تاغ گۈمۈرۈلدى، مەلىكە نەفىسە ۋە پەرىلەرگە كۆمۈلۈپ قالماق خەۋپى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى.

مەلىكە نەفىسە جان ئۈمىدىدە دەرھال ئودنى قولىغا ئېلىپ، ئالتۇن تارىدىن ئالتۇن نۇر چاقنىتىپ، ئاجايىپ مۇڭلۇق بىر كۈيگە ياڭراتتى، گۈمۈرۈلگەن تاغ ۋە تاشلار ئۇنىڭ بېشىغا تاقىشىپ دېگۈدەك لەيلەپ قالدى ۋە ئاخىر ئود ناۋاسى ئەرجىگە چىققاندا پارە - پارە بولۇپ، ھەر تەرەپكە تېرىقتەك چېچىلدى، ئالەم - جاھاننى چاڭ - توزان قاپلىدى، كۆزنى ئېچىپ بولماس ئىدى، چاڭ - توزانلارمۇ بىر تەرەپ بولغاندا مەلىكە نەفىسە كۆردىكى ئەتراپ زېمىننى نەچچە ئون گەز قېلىنلىقتا چاڭ - توزان، قۇم - شېغىل قاپلىغانىدى.

مەلىكە نەفىسە يەنە بىر بالادىن خالاس بولغىنىغا خۇش بولۇپ، ئودنىڭ ئالتۇن تارلىرىدىن قولىنى يىغدى، جاھانغا زىلزىلە سالغان كۈي چىپپىدە توختىدى. مەلىكە نەفىسە ئاللاغا شۈكۈر - سانالار ئېيتىپ ئەمدىلا يۈرىكى ئىزىغا چۈشۈپ تۇرار ئىدى، شۇ ۋاقىت چاڭ - توزانلار ئارىسىدىن تۇيۇقسىزلا كۆزلە- رىگە كۆمۈش ئوقلار قادالغان ئۆمۈچۈك قەددىنى كۆتۈردى،

چاڭ ـ توزانلار توزۇپ ساماغا كۆتۈرۈلدى، ئۆمۈچۈك ئەمدى ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە زور ۋە بەدھەيۋەت، بەد قىياپەتلىك ئىدى.

ئۇنى كۆرۈپلا مەلىكە نەفىسەنىڭ تەنلىرى كۆز شامىلى سوقتقان ياپراق مىسالى تىترەپ توختىدى، ھوش تۈتىسى تەن قەپىسىدىن ئايرىلاي دەپ قالدى. ئۆمۈچۈك بولسا پۇراق سېزىمى بىلەن ئۇنىڭغا ھەملە قىلىپ كەلدى.

شۇ خەتەرلىك مىنۇتلار كۆك يۈزىنى بىر ئالغان چاڭ ـ توزانلارنى يېرىپ بىرى شۇڭغۇپ چۈشكەنچە ئۆمۈچۈككە تىغ ئۇردى، ئۆمۈچۈكنىڭ كىچىك بىر تاغدەك تېنى ئىككى پارە بولدى، جېنى جەھەننەمگە ئۇزىدى.

مەلىكە نەفىسە ھوشىنى يىغىپ كۆردىكى ئۆمۈچۈك ئالۋاستىنى جەھەننەمگە يوللىغۇچى جىنلار شاھزادىسىدۇر.

— ئەي پەرىلەر مەلىكىسى، — دېدى ئۇ، — مېنى بەندىتىن خالاس قىلدىڭ، مەنمۇ سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇم، بىر ـ بىرىمىزدە ياخشىلىق قەرزىمىز قالمىدى، ئەمدى مۇددىئايىم شۇكى، ساڭا مۇناسىپ خۇش سۈرەت ۋە خۇش قامەت بىر ھالغا كەلسەم، ئىختىيار تىزگىنىڭنى بەرسەڭ، تاج، دۆلىتىمنىڭ گۆھىرى، بەخت گۈلشەنىمنىڭ گۈلى رەناسى بىلىپ، ئۆمۈرلۈك ۋاپادارىڭ بولسام.

— ۋەسلىمدىن ئۈمىد كۈتمە، — دېدى مەلىكە نەفىسە ئۆزرە ئېيتىپ، — گەپ ھۆسن ـ جامالدا ئەمەس، سەن كۆرۈپ تۇرغان تاش ھەيكەل مېنى بارچە تىلسىم بالاسىدىن ئازاد قىلغان بىر مەرد ـ باھادىر ئادەمزات ئىدى، جادۇگەر دەللە ئەھمەر ئۇنى شۇ ھالغا كەلتۈردى، بارلىقىمنى بىر ئۇنىڭغا بېغىشلاشقا ئەھدى قىلغانمەن، پەرىلەر رەسمىدە ئەھدىگە ۋاپا قىلماقتىن ئۇلۇغراق ئىش يوق. بار ئامال ـ ئىمكانىمچە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرمەككە ھەرىكەت قىلۇرمەن، ئىختىيار تىزگىـ

نىمنى ساڭا تاپشۇرالماسمەن.
جىنلار شاھزادىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — ھەيكە-لىڭنى تىرىك ئىنسانغا ئايلاندۇرماق ئۈچۈن جادۇگەر ئەھمەرنىڭ قىزىل قېنى كېرەك ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشمەك بەتخىيالدۇر، قېنى ھەرىكەت قىلىپ كۆر، يا ئارزۇ بوستانلىرىڭدا گۈللەر ئېچىلغاي يا مۇشەققەت قۇيۇنلىرى ئۇنى خاراب قىلغاي، ئۇشبۇ ۋاقىت ئۆمۈچۈك بالاسىدىن قۇتۇلماق يولىدا ياخشى ھەمكارلاش-قىنىمىز ھۆرمىتى سېنى ئۆز ئەركىڭدە قالدۇراي ئەمما يەنە بىر كۈنلەردە ماڭا دۇچ كەلسەڭ ئىختىيار تىزگىنىڭنى چاڭگىلىمغا ئالماي قويماسمەن، مېنىڭ قولۇمدىن ھېچكىمەرسە قۇتۇلغان ئەمەس. مەلىكە نەفىسە دېدى:
— ئۈمىدۋارمەنكى بىر كۈنى ئەھمەر جادۇنىڭ قىزىل قانلىرىنى تۆكۈپ، سېھرىي - ئەپسۇنلىرىنى يوق قىلۇرمەن.
جىنلار شاھزادىسى خوشلىشىپ، تۇتەككە ئايلىنىپ غايىب بولدى، ئورنىدا ئۇ تاشلاپ كەتكەن شاھزادە نەۋرۇزنىڭ ئالماس قىلىچى قالدى، مەلىكە نەفىسە قىلىچنى ئالدى.
شۇ چاغ بىھوشلۇقىدىن خالاس بولغان پەرىلەر ئۇنىڭ ئەترا-پىدا ھازىر بولدى، مەلىكە نەفىسە دېدى:
— ئەي دوستلىرىم، ئەي ۋاپادارلىرىم، بۇ يەردە تۇرىۋېرىش خەتەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ، مەسلىھەت قىلىڭلار، مۇۋاپىق بىر جايغا بارايلى، شاھزادە نەۋرۇزنىڭ تاش جىسمىنى ئاندا پىنھان قىلىپ ئەھمەر جادۇنىڭ پېيىغا چۈشەيلى. پەرى قىزلارنىڭ دانىشمەنرەك بىرى دېدى:
— ئەي مەلىكە، ئانىڭىز رەھمەتلىكنىڭ پىر ئۇستازى بار ئىدى، دىلدار بوۋى ئاتلىق، ئۇنى سېھرىي - جادۇگەرلىكتە تەڭداشسىز دەر ئىدى، ماكانى كوھى ئاتەش چۆلىدە ئىمىش، ئاندا بارايلى، غەمخۇرلىقتا مۇيەسسەر بولساق ئەجەب ئەمەس.
— ئەي ۋاپادارلىرىم، — دېدى مەلىكە نەفىسە، —

كوهى ئاتەش چۆلى ھەممىگە ئايان، ھەر قەدەمدە مىڭ ئەجەل قاپقىنى قۇرۇلغان چۆلدۇر، تۇپرىقى چوغلىنىپ ياتقان جايدۇر، بېرىشقا ئىختىيار يوقلار قىلىڭلار، ئىختىيار قىلغانلار بېرىڭ-لار، ھازىر بىزگە ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئىلاج يوقتۇر.

تۆت يۈز پەرى بىر ئېغىزدىن ئېيتىشتى: — ھەرنە بول-ساق بىللە بولۇرمىز، سىزدىن ھەرگىز ئايرىلماسمىز.

ئۇلار ھەممىسى شامال چىقىرىپ تاش ھەيكەلنى ئۇچۇرۇپ، كوهى ئاتەش تەرەپكە راۋان بولدى، كۆرمىڭ مۇشەققەتلەر ئىچى-دە بىر چىمەنزارغا يەتتى، چەت - ياقىسىغا كۆز يەتمەس ئىدى. شۇ يەردە ئارام ئالماق بولۇپ، تۆۋەنلىگەنىدى. چىمەنزاردىكى ھەرتال گىياھ بىردىن يىلان - چايانغا ئۆزگىرىپ مىغىلدى-شىپ، ئۇلارغا نەشتەر سالماق قەستىگە چۈشتى، پەرىلەر ئارى-سىدىن قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى، شاھزادە نەۋرۇزنىڭ تاش جىسمى ئاندا تاشلىنىپ قالدى، پەرىلەرنىڭ ئۇنى ئۇچۇرۇپ مېڭىشقا ماجالى قالمىغانىدى.

شۇ ۋاقىت مەلىكە نەفىسەنىڭ قولىدىكى ئود سازى ۋاللى-داپ، نۇرلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ خاسىيىتىنى نامايان قىلىدىغان پەيت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان مەلىكە نەفىسە دەرھال ئۇنى ساداغا كەلتۈردى، ئود ساداسى جاھانغا زىلزىلە سالدى، يىلان - چايانلار مەست - مۇستەغرەق بولۇپ، ئاستا - ئاستا جىمىپ قالدى ۋە ئاخىر يېشىل چۆپ، ئوت - گىياھلارغا ئايلىنىپ قالدى.

ھاردۇق يەتكەن پەرىلەر ئەندىكىش ئىچىدە چىمەنزارغا قايتا پۇت قويدى، قورقىدىغان ئىش يۈز بەرمىدى، ئارام ئېلىشقاندىن كېيىن يەنە شاھزادە نەۋرۇزنىڭ تاش جىسمىنى ئۇچۇرۇپ مې-ڭىشتى.

ئۇچتى، ئۇچتى، بىر چاغلار قارشى قىرغىقىغا كۆز يەتكۈ-سىز ئەزىم دەرياغا دۇچ كەلدى، ئۇلار ئۇچۇشنى داۋام قىلىۋەر-

دى ئەمما دەريا ئاسمىنىدا كېتىۋاتقاندا تېپتىنچ ئېقىۋاتقان دەريا بىردىنلا دولقۇنلىنىپ ئىچىدىن ئەجدىھا ۋە لەھەڭلەر، بەدھەي-ۋەت، بەتبەشىرە مەخلۇقاتلار ئېتىلىپ چىقىپ، پەرىلەرنى يۇ-تۇپ كەتمەك قەستىگە چۈشتى. پەرىلەر ئاللا ـ چۇقان كۆتۈ-رۈپ، پاراكەندە بولدى. مەلىكە نەفىسە دەرھال ئودنى مۇڭزار-لىق بىر ساداغا ياڭراتتى، ئاسمان يۈزىنى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، سىمىلداپ يامغۇر تۆكۈلۈشكە باشلىدى. دەريا يۈزى ھەم تىنچلى-نىپ سۇ مەخلۇقاتلىرى سۇ ئاستىغا چۆكتى، ئەمدى پەرىلەرنىڭ سەپىرى تىنچ داۋام قىلدى.

ئۇلار ئۇچتى، ئۇچتى، دەريا ئۈستىدىنمۇ ھالقىدى ئەمما ئوت يالقۇنلىرى ئاسمان ـ پەلەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر دەشتى سەرايى ئەزىمگە دۇچ كەلدى، ئۇنىڭدىن ھالقىش بەسى مۈشكۈل ۋە خەتەرلىك ئىدى.

مەلىكە نەفىسە دەرھال يەنە ئود سازىنى مۇڭلۇق بىر پەدىگە سايراتتى، ئىلگىرىكىدىنمۇ، نەچچە ھەسسە ياخشىراق چالدى، ئاخىر ئاسماندا توپ ـ توپ قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ، گۈلدۈرما-ما گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىلدى، ئالەمنى زىلزىلىگە سال-دى، ئارقىدىنلا چېلەكلەپ قۇيۇۋاتقاندەك يامغۇر تۆكۈلۈشكە باشلىدى، ئوت يالقۇنلىرى چىپپىدە پەسلەپ ئۆچۈپلا قالدى پەرى-لەر يولىنى داۋام قىلىپ ئاخىرى شۇنداق بىر جايغا يەتتىكى، تۈپرىقىدىن تاش ـ داڭگاللىرىغىچە يېشىل مەخمەل بىلەن قاپلان-غاندەك، ئاجايىپ بىر جاي ئىدى، يېشىل رەڭدىن ئۆزگە بىر رەڭ ئۇچراتماق خىيالى بىھۇدە ئىدى، ھەتتا گۈل ـ گىياھلىرى-نىڭ غۇنچە پورەكلىرىگىچە يېشىل ئىدى.

ئۇلار ھەيرانلىق چىشلىرىدا لەۋلىرىنى چىشلەپ، ھەر تە-رەپكە كۆز تاشلاپ تۇرار ئىدى، يېشىل رەڭلىك بىر قۇيۇن كېلىپ ئۇلارنى ئوراپ ئالدىدە ياپراقتەك ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ بىر جايغا تاشلىدى، كۆردىكى يېشىل زۇمرەت تەخت قويۇلغان،

يېشىل ياقۇت گۈمبەز ئىچىگە ئەكىرىپ تاشلاپتۇ، ئۇل گۈمبەز-
نىڭ ئىچىنىڭ ئازادە ۋە چوڭلۇقى ۋە ئۇنى بەرپا قىلغۇچىنىڭ
ھۈنەر - سەنئەت ماھارىتىگە ھەر كىم ئاپىرىن ئېيتماي تۇرال-
ماس.

شۇ چاغ يېشىل زۇمرەت تەخت ئۈستىدە يېشىل لىباسلىق
يېشىل چاچلىق بىر پەرىزات پەيدا بولدى. گويا بار بىلەن
يوقنىڭ ئارىلىقىدا ئەلەڭگۈپ تۇرغان بىر كۆلەڭگىدەك ئىدى.

— ئەي مەلىكە نەفىسە، — دەپ سادا كەلدى ئۇنىڭدىن،
— كۆرمىڭ مۇشەققەت ۋە خەۋپ - خەتەرگە قارىماي مۇندا
كەلمەكتىن مۇددىئايىڭ نېمىدۇر.

مەلىكە نەفىسە تىز پۈكۈپ تەۋەززۇ بىلەن دېدى، — ئەي
بۇزرۇكۋار ئۇستاز، ھۇزۇرىڭىزغا قەدەم قويماقتىن مۇددىئا،
جادۇگەر ئەھمەرنى يوق قىلماق تەدبىرىنى سورىماق ئىدى.

ئاندىن ئۇ يەنە بارچە سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى، تارام
- تارام كۆز ياشلىرىنى راۋان قىلدى، ياردەم تىلىدى، تۆت يۈز
پەرى ھەم باراۋەر تىزلىنىپ ئۇنىڭغا ھەمنەپەس بولدى.

يېشىل كۆلەڭگىدىن ئاۋاز كەلدى:

— بىر ئادەمزاتنى دەپ مۇنچە قىلۇرمۇسەن، ئەگەر شا-
گىرتىم ئاپاڭنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلمىسام سېنى ئۇل تاش
ھەيكەلگە جۈپ قىلار ئىدىم، باشقا مەقسەت - مۇددىئالىرىڭ
بولسا بايان قىل، مۇرادىڭ ھاسىل قىلاي، بولمىسا كەلگەن
يېرىڭگە كەت، غەزەپ قىلىچىمدىن يىراق بول.

مەلىكە نەفىسە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكىرەك زارلىنىپ دېدى-
كى:

— ئەي غەمگۈزارىم، ئەي باشپاناھىم، ئۇل ئادەمزاتنى
قۇتقۇزماسلىق ۋاپاسىزلىق، نامەردلىكتۇر، بۇ بىزگە نامۇناسىپ
ئىش، ئۇنىڭ بىر تال مويى ئۈچۈنمۇ جان پىدا قىلىشقا رازىمەن-
كى شۇ ھالىتىدە تاشلاپ قويۇشقا رازى ئەمەسمەن...

ئۆنىڭ سۆزى تامام بولماي تۇرۇپ يېشىل كۆلەڭگە قولىدا بىر تال تالى مەجبۇن نوتىسىنى پەيدا قىلدى ۋە — ئەي بەت-بەخت، سۆزۈمگە كىرمەسكە نى هەددىڭ ئىدىكى قېنى بىر كۆرەي، — دەپ مەلىكــە نــەفىسەنــى ئۇردى، مەلىكــە نەفد-سە مىڭلارچە قامچا ئۇرۇلغانچە ئازاب ھېس قىلدى، جان تۇتىسى تەن قەپسىنى تەرك قىلغان مىسالى بىھوش بولۇپ يىقىلدى، كېنىزەك پەرىلەر: «ئاھ مەلىكە» دەپ پەرياد قىلغانچە ئۇستىگە تاشلاندى، كۆز ياشلىرى گويا بىر ئېقىن بولدى.

يېشىل كۆلەڭگە قولىنى شىلتىغانىدى، ئۇلارنىڭ ھەممد-سىنى بىر يېشىل قۇيۇن ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ گۇمبەز تاملىرىغا ئۇردى، بەزىلىرى بىھوش ۋە بەزىلىرى نىمجان بولدى.

ئاندا يېشىل كۆلەڭگىدىن سادا كەلدى:

— ئەي پەرىلەر، مەلىكەڭلارنى كۆتۈرۈپ كۆزۈمدىن يو-قىلىڭلار ياكى ئۇنىڭدىن كېچىپ، ماڭا شاگىرت بولۇڭلار. پەرىلەر دېدى:

— ئۇنىڭ پەرمانىسىز ھېچ يەرگە تەۋرىمەسمىز، ئۇنىڭدىن ھېچ ۋاقىت كەچمەسمىز. يېشىل كۆلەڭگىدىن يەنە ئاۋاز كەل-دى:

— سۆزۈمنى قوبۇل قىلمىساڭلار تېخىمۇ ناچار ھالغا قالارسىلەر. پەرىلەر دېدى:

— باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز.

شۇ ۋاقىت مەلىكە نەفىسە ھوشىغا كېلىپ دېدى:

— ئەي سېھرىگەرلەر شاھى، مېنى نى قىلساڭ قىلغىن ئەمما دوستلىرىمغا ئازار قىلما، جېنىمنى ئالساڭمۇ ئالغىن، ئول ئادەمزاتنى نىجاتلىق ئاپتىپىڭدىن جۇدا قىلما.

يېشىل كۆلەڭگىدىن ئەمدى جاننى يايراتقۇچى يېقىملىق بىر ئاۋاز كەلدى:

— ئەي مەلىكەم، سەن ۋە دوستلىرىڭ ساداقەت ۋە ۋاپادار-

لىقنىڭلار بىلەن مېنى رام قىلدىڭلار، چىدام - غەيرەت ۋە ئىسىل
پەزىلىتىڭلارغا قايىلمەن، ئەمدى ساڭا بىر گۈل سېۋىتى يادىكار
قىلاي، ئەھمەر جادۇ قەسرىنىڭ ئاچقۇچى بولغاي، يەنە ئۇنىڭ
سىرلىرىدىن بايان قىلايكى ئىپلاس جىنىنىڭ جەھەننەمگە يول
ئالمىقىغا سەۋەب بولغاي.
مەلىكە نەفىسە مىننەتدارلىق نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا تەلپۈن-
دى، يېشىل كۆلەڭگە ئۇنىڭغا:
— ئەھمەر تېغىغا يول ئالغىن، ئەمما يولۇڭدا ئۈچ خەتەر
باردۇر، ئاۋۋالقى «جەزىرەئى تىكەنزار»، ئول جەزىرە زەھەر
بىلەن سۇغىرىلغان تۆمۈر تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان، مەيلى ئات-
لىق، مەيلى پىيادە، مەيلى قاناتلىق بولسۇن ئاندىن ئامان -
ئېسەن ئۆتەلمەس، ئول جەزىرە يىراقتىن قاپقارا كۆرۈنەر، ئاندا
بارغان هامان گۈل سېۋىتىدىن ئاق رەڭلىك گۈلنى ئېلىپ تاش-
لا، ئىككىنچى قېتىم «ۋادەئى مۇزغىزار» غا يېتەرسەن، ئاندا
ھېسابسىز يىرتقۇچ قۇشلار ماكانلاشقان، قەدىمى يەتكەنلا مەخلۇ-
قاتنى خوردا قىلۇر، ئاندا بارغان هامان قىزىل رەڭلىك گۈلنى
تاشلا، ئۈچىنچى قېتىم «چەشمەئى ئەجدىها» غا يېتەرسەن، ئاندا
بارساڭ چەشمىدىن بىر ئەجدىها باش كۆتۈرگەيكى بېشى بىر تاغ
چوققىسىدەك كېلەر، قورقماستىن ئالدىغا بارغىن، دەم تارتى-
دۇ، ئاغزىغا كىرمىگۈچە ھېچ ئىش قىلما، بولمىسا بىر ئوت
پۈركۈيدۇ، بىر سىقىم كۈل بولۇرسەن، ئاغزىغا كىرگەندە بولسا
كۆك رەڭلىك گۈلنى تاشلا، ئەجدىهانىڭ قارنى بىر لەخمىدۇر،
ئەھمەر جادۇنىڭ ئاتەش قەسرىگە تۇتىشار، قەسىر چوغدىن
پۈتۈلگەن، كىرمەك بولساڭ گۈلخان بولۇپ كۆيدۈرەر، ئاندا
گۈل سېۋىتىنى تاشلىغىن، ئول قەسىر يوق بولغاي، ئاندىن
قوش باشلىق شىر سۈرەتلىك تەخت كۆرەرسەن، چوققىسىدا ئۈچ
كۆزى بار، بىرى ئوچۇق، ئىككىسى يۇمۇق، ئود سازىڭنى ناۋاغا
كەلتۈرگىنكى ئاسمان يىغلاپ، يەر تەۋرىسۇن، تاغ - تاشلار

ئېرىپ سۇ بولسۇن، شۇ ۋاقىت ئۇچۇق كۆزمۇ يۇمۇلار، ئالتۇن كامانغا كۈمۈش ئوقنى بەتلەپ يېڭىلا يۇمۇلغان كۆزىگە ئاتقىن، جېنى جەھەننەمگە ئۇزىغاي، ئاگاھ بولغۇنكى شۇ بىر نىشاندىن غەيرىگە ئاتساڭ ئۈمىد يوقكى ئىشلىرىڭ بەربات بولۇر، ئەھمەر جادۇ ئورنىدا ئۆزۈڭ ئاخىرەتكە يول ئالارسەن. ئەگەر ئىقبال يۇلتۇزۇڭ پارلاپ، مەقسەت گۆھىرىدىن تۆشۈك ئاچساڭ، تەخت يېنىدىكى زەر شىرەدە بىر جۈپ لوڭقا كۆرەرسەن، بىرى تۆمۈر-دىن، بىرى زەردىن، تۆمۈر لوڭقىغا بىر قوشۇقچە قېنىنى ئال، ئاندىن كەلگەن يولىڭ ئەكسىگە ماڭ، ئالدىڭغا ئۇچراركى تۈر-لۈك - تۈمەن خىل جاندارلار، ئالدىغا يېمەكلىكلەر قويۇلغان ئەمما ئۇلارغا دەل يېمەيدىغانلىرىنى بېرىپ ئۆت، بولمىسا ئاماد-لىق يوق، خەير، ئەمدى ماڭغىن، ئەھمەر جادۇنى يوقىتىش قەستىدە بۇ سىرلاردىن كۈرمىڭ ھىيلە - تەدبىرلەر خەۋەردار بولغان ۋە بۇ سېھىرلىك گۈل سېۋىتىنى ھازىر قىلغانىدىم ئەمما كۈچ - مادارىم قۇرۇپ، تېنىم قاقشال دەرەختەك بىر ھالغا كەلدى، روھ - ئەرۋاقتەك بولۇپ قالدىم، مەن ئۈچۈن ۋە ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئول نابكارنى جاھاندىن يوقىتار بولدۇڭ، ھەر ئىشتا ئېھتىيات قىلغىن، — دېدى - دە، ئۈچ خىل رەڭلىك گۈل سېلىنغان كىچىككىنە بىر گۈل سېۋىتىنى بەردى.

مەلىكە نەفىسە كۆپتىن كۆپ تەشەككۈرلەر ئېيتىپ، قاي-تىشقا ئىجازەت سورىدى، يېشىل كۆلەڭگە غايىب بولۇپ، بىر يېشىل قۇيۇن ھازىر بولدى - دە، غۇيۇلداپ كەلگەنچە مەلىكە نەفىسە ۋە پەرىلەرنى ئورىۋېلىپ ئۇچۇرۇپ ماڭدى، قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنى نامەلۇم، بىر چاغلاردا ئۇلارنى بىر جەزىرىگە ئاپىرىپ تاشلىدى - دە، كەينىگە ياندى.

مەلىكە نەفىسە ۋە پەرىلەر بۇ يەردە يىراقتىكى بىر تاغنى كۆردى، شەكلى ئولتۇرغان دېۋىدەك، چوققىسى يالماۋۇزنىڭ بېشىدەك ئىدى. بىلمىدىغان پەرىلەر ئەندىكىپ دېدى:

— ئەھمەر تېغىغا يېقىنلاپتۇق.

— ئەي دوستلىرىم، — دېدى مەلىكە نەفىسە ئۇلارغا، — ئەمدى ىسەپىرىمىز بىيار خەتەرلىك ۋە مۈشكۈل، سىلەر بۇ يەردە قېلىپ شاھزادە نەۋرۇزنىڭ تاش بولغان جىسمىنى ھىمايە قىلىڭ-لار، مەن ئاندا تەنھا بارارمەن.

پەرىلەر ئۇنى يالغۇز ئەۋەتىشكە كۆنمىدى، مەلىكە نەفىسە ئاخىر ئىككى پەرىنى ھەمراھ قىلدى، قالغانلار ھەرشاخىدا يۈز-لەپ گۈللەر پورەكلەپ، ئېچىلغان گۈل كۆچەتلىرىگە ۋە ئۇلارغا چىرمىشىپ ئۆسكەن ياۋا پىلەك - چىڭگىلىكلەرگە ئايلىنىپ شاھزادە نەۋرۇزنىڭ تاش جىسمىنى ئارىلىرىغا پىنھان قىلدى.

مەلىكە نەفىسە بىر پەرىگە ئالتۇن كامان، كۈمۈش ئوقلار-نى، يەنە بىرىگە ئودنى بېرىپ، ئۆزى گۈل سېۋىتىنى كۆتۈرگە-نىچە يولىغا راۋان بولدى. ھايالسىزلا قارا تۇپراقلىق بىر ئاجا-يىپ مەنزىلگە يېقىنلاپ قالدى، بىلدىكى «جەزىرەئى تىكەنزار» غا دۇچ كېلىپتۇ، ئاندا بارغان ھامان ئاق گۈلنى تاشلىدى، يەر يۈزىدىن قارا تۇتەك كۆتۈرۈلۈپ، ئارقىدىنلا بۇ يەردە سان-ساناقسىز ئاق ئەتىرگۈل كۆچەتلىرى كۆكلەپ، ھەرشاخىدا يۈز-لەپ گۈل پورەك ئاچتى. ئۇلار يولىنى خۇرسەنلىك ئىچىدە بىمالال داۋام قىلدى، ئاندىن ئۆتۈپ «ۋادەئى مۈزغىزار» غا يەتتى، ئاندا كۆرگەن كىشىنىڭ يۈرىكى قورقۇنچتا يېرىلغۇدەك بەتبەشىرە، بەدھەيۋەت، ئاجايىپ - غارايىپ ئۇچار قاناتلار ئۇ-چۇپ يۈرەر ئىدى، دەھشەتلىك قاقىلداش، جارقىراشلىرى كى-شىنىڭ قۇلاق پەردىسىنى ھېلىلا يىرتىۋېتىدىغاندەك تىترىتەت-تى، بەزىلىرى شىر باشلىق، يولۋاس باشلىق، بەزىلىرى بۆر-كۈت باشلىق، شىر تەنلىك، يولۋاس تەنلىك، بەزىلىرى ئۈچ باشلىق ۋە بەزىلىرى قاناتلىق يىلان، ئەجدىھاغا ئوخشار ئىدى.

پەرىلەرنى كۆرۈپلا قىچۇلىشىپ، بوراندەك ئېتىلىپ كې-لىشتى، مەلىكە نەفىسە دەرھال قىزىل گۈلنى تاشلىدى، شۇ

هامان يەر يۈزىدە بىر ئوت دېڭىزى پەيدا بولۇپ، ئاسمان - پەلەككە تۇتاشقۇدەك ئوت يالقۇنلىرى ئۆرلىدى - دە، يىرتقۇچ قۇشلارنى تۇگەل كۆيدۈرۈپ كۇل قىلدى. ئارقىدىنلا ئوت دېڭىزى غايىب بولۇپ، يەر يۈزىدە ھەددى - ھېسابسىز قىزىل ئەتىرگۇل كۆچەتلىرى پەيدا بولۇپ، ھەر شاخىدا يۈزلەپ گۇل پورەكلىدى.

مەلىكە نەفىسە يەنە ھەمراھلىرى بىلەن يولىنى تېپتىنچ داۋام قىلدى، پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان گۆلدەك بىر چەشمە بويىغا يەتتى. شۇ ھامان چەشمىدىن بىر ئەجدىھا باش كۆتۈردى، بېشى تاغ چوققىسىدەك، تېنى ئاسمانغا تۇۋرۇك بولغۇدەك ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇنى كۆرگەن ئىككى پەرى ھوشىنى يوقاتتى، ئەجدىھا ئۇلارنى ھاڭدەك ئاغزىغا دەم تارتتى، مەلىكە نەفىسە ئەجدىھانىڭ ئاغزى تونۇر قىزىقىدىنمۇ بەكرەك ھارارەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، كۆك رەڭلىك گۇلنى تاشلىدى، شۇ ھامان ئەجدىھانىڭ قارنىدىن قىزىل تۇتەك كۆتۈرۈلۈپ، تېزلا غايىب بولدى - دە، ھېسابسىز كۆك ئەتىرگۇللەر پورەكلەپ ئېچىلدى.

ئەجدىھا ئەمدى تاش ھەيكەلدەك قېتىپلا قالدى، ئوتلۇق ھارارەت ئورنىدا جانغا ئارام بەخش سالقىنلىق پەيدا بولدى.

مەلىكە نەفىسە يېڭىلا ھوشىغا كەلگەن ھەمراھلىرى بىلەن يولىنى داۋام قىلدى. ئېچكىرىلەپ كىرىپ، بىر سەيناغا چىقتى، ئۇ يەردە چوغدىن پۈتۈلگەن بىر گۈمبەز تۇرۇپتۇ.

مەلىكە نەفىسە گۇل سېۋىتىنى تاشلىدى، گۇل سېۋىتى چوڭىيىپ - چوڭىيىپ بېرىپ گۈمبەز ئۈستىگە كىيىلدى، ئارقىدىنلا سېرىق ۋە يېشىل رەڭلىك تۇتەكلەر كۆتۈرۈلۈپ، گۈمبەز غايىب بولدى. ئورنىدا قوش باشلىق شىر سۈرەتلىك تەخت ئۈستىدە ئۈچ كۆزلۈك قىزىل يىلان ۋە زەر لوڭقا بىلەن تۆمۈر لوڭقا قويۇلغان شىرە زاھىر بولدى.

مەلىكە نەفىسە دەرھال ئودنى قولىغا ئېلىپ ئالتۇن تارلىرىنى شۇنداق ساداغا كەلتۇردىكى مۇڭىدىن ئىككى ھەمرىھى تېزلا بىھوش بولۇپ يىقىلدى، ئۆزى ھەم سىمابتەك ئېرىپ تۆكۈلەر ھالغا يەتتى، ئاسمان يىغلاپ، يەر تەۋرىدى، ھېچ ۋاقىت ۋە ھېچ قايىدا ئاڭىدا مۇڭلۇق ۋە تەسىرلىك بىر كۈي ياڭرىمىغانىدى.

ئاخىر قىزىل يىلاننىڭ جان قەستىگە چۈشكەنلەرنى كۆزەتكۈچى ئوچۇق كۆزى يۇمۇلدى. مەلىكە نەفىسە دەرھال ئالتۇن كامانغا كۈمۈش ئوقىنى بەتلەپ، ئىسمىئەزەمنى ئوقۇپ ھۈرگىنچە قىزىل يىلاننىڭ يېڭىلا يۇمۇلغان كۆزىنى نىشانلاپ ئاتتى، ئوق ئاقار يۇلتۇزدەك بېرىپ نىشانغا قادالدى. قىزىل يىلان دەھشەتلىك چىرقىراپ ئويغىنىپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇردى ئەمما كۈمۈش ئوق بىلەن تەختكە مىخلىنىپ قالغاچقا نېرى كېتەلمىدى، ئاخىر بىرلا تولغىنىپ، ئاغزىدىن شارقىراپ قان كېتىپ، جېنى جەھەننەمگە ئۇزىدى.

مەلىكە نەفىسە شىرە ئۈستىگە قارىغانىدى تۆمۈر لوڭقا كۆرۈمسىز ۋە داتلىشىپ كەتكەن، زەر لوڭقا بولسا بەكمۇ نەپىس ۋە ۋالىلداپ تۇرغانىدى. كۆڭلى زەر لوڭقىغا مايىل بولدى، قول ئۇزاتقۇچە غايىبتىن كاچىتىغا بىر تەستەك تەگدى. يېشىل نۇرلار چاقنىدى، ھوشىنى يىغىپ تۆمۈر لوڭقىنى ئالدى- دە، قىزىل يىلان قېنىدىن ئۇسۇۋېلىپ ئىككى ھەمرىھى بىلەن كەلگەن تەرەپنىڭ ئەكسىگە ماڭدى. بىر ئىشىك يولۇقتى، ئىشىكنىڭ بىر تەرىپىگە مۈشۈك، بىر تەرىپىگە ئىت باغلاپ قويۇلغان، بىر ياندا بولسا بىر پەتنۇس چاشقان بىلەن سۆڭەك بار ئىدى. مۈشۈكتىن سادا كەلدى:

— ماڭا چاشقاننى بەر، بولمىسا ئۆتكۈزمەسمەن، — دەپ. ئىتتىن سادا كەلدى:

— ماڭا سۆڭەكنى بەر، بولمىسا ئۆتكۈزمەسمەن، —

دەپ.

مەلىكە نەفىسە ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي مۇشۇكنىڭ ئالدىغا سۆڭەكلەرنى، ئىتنىڭ ئالدىغا چاشقانلارنى تاشلىدى. شۇ هامان مۇشۇك ئىتقا، ئىت مۇشۇككە ئۆزگىرىپ، يەمگە تاشلاندى، ئىشىك ئېچىلدى، مەلىكە نەفىسە هەمراهلىرى بىلەن تىنچ- ئامان ئىشىكتىن چىقىۋالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆزىنى لەخمە سىرتىدا كۆردى، ئۇچۇپ، ئۇچۇپ، يىراقتا قالغان هەمراهلىرى يېنىغا يەتتى. تۆمۈر لوڭقىدىكى قانىنى شاهزادە نەۋرۇزنىڭ تاش بولغان جىسمىغا چاچتى، شاهزادە نەۋرۇزنىڭ تېنىدىن بىر قىزىل تۇتەك كۆتۈرۈلۈپ، ئۇ ئەسلىگە كەلدى ۋە مەلىكە نەفىسە ۋە پەرىلەرگە كۆپ تەشەككۇرلەر بايان قىلدى.

شۇ ۋاقىت بۇلارنىڭ ئاياغ ئاستى تەۋرەپ كەتتى، پەرىلەر چۇقان كۆتۈردى: «ئەھمەر تېغى مىدىراۋاتىدۇ» دەپ.

دېگەندەك ئەھمەر تېغى ئاستا - ئاستا مىدىراۋاتاتتى، ئۇلار هېس قىلدىكى تاغ كۆرۈنگەن ئەسلى دىۋە ئەھمەر ئىدى، قىزىل يىلانغا يەتكەن ئەجەل شامىلى ئۇنى ئۇزۇن يىللىق ئۇيقۇدىن بىدار قىپتۇ.

دىۋە ئەھمەر ئورنىدىن تۇرغانىدى، بېشى كۆك قەھرىگە تاقىشىپ بۇلۇتلار بىلىدەك لەيلەپ قالدى.

ئۇنىڭدىن هاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بىر سادا كەلدى:

— ئەي قۇرت - قۇمۇسقىلار، خوجام ئەھمەر بۇۋىگە قەست قىلىپ، جېنىدىن جۇدا قىلىپسىلەر، ئول گۇناهنى گەدىنىڭلارغا يۈكلەپ قايان قاچماقچىسىلەر، ئەمدى سىلەرنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە يوللارمەن، ئۆلۈمگە تەييارلىنىڭلار. پەرىلەر نالە قىلدى:

— بۇ بەتبەختتىن قۇتۇلۇش ئىمكانى يوق، — دەپ.

ئەمما شاهزادە نەۋرۇز دېدى:

— ئۇنىڭ تاغدەك جىسمىمۇ خاسىيەتلىك قىلىچىمغا دۇچ كەلسە سەكپارە بولغاي.

ئاندا ئۇ ئالماس قىلىچىنى يالىڭاچلاپ توۋلىدى: — ئەي مەلئۇن، بوي - بەستىڭگە تەمەننا قىلما، مانا ھازىرلا ئۆزۈڭنى خوجاڭ قېشىغا خىزمەتكە ئەۋەتىمىز.

دىۋە مەلئۇن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، شاھزادە نەۋرۇز ۋە بارچە پەرىلەرنى چۈمۈلىدەك يانجىپ تاشلىماق ئۈچۈن پۇتىنى كۆتۈردى، ھەممە ئۇنىڭ تاپىنى سايىسىدا قالدى، ئەجەل كۆلەڭگىسى ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشتى.

ئەمما، شاھزادە نەۋرۇز قىلىچىنى شىلتىغانىدى، كۆمۈش نۇرلار چاقناپ، قىلىچ ئۈزىراپ بېرىپ، ئۇنىڭ تاپىنىنى ئىككى بۆلەك قىلدى. قانلىرى سەلدەك ئاقتى، پەرىلەر دەرھال شاھزادە نەۋرۇزنى كۆتۈرۈپ، بىرلا پەرۋاز قىلغانچە ئۆزلىرىنى ياقىغا ئالدى. دىۋە يىقىلىپ تاغ تىزمىسىدەك سوزۇلۇپ يېتىپ قالدىدە، كۆتمىگەن زەربىدىن ھوشىنى يوقىتىپ، جان ئاچچىقىدا ئالەمنى زىلزىلىگە سېلىپ ھۆركىرەپ كەتتى، ئاخىر سەل تىنچلىنىپ توۋلىدى، — ئەي ئادەمزات، سېنى كۆزگە ئىلماي بۇ ئازابقا قالدىم، يەنە بىر قىلىچ ئۇرغۇنكى بۇنداق خورلۇقنى كۆتۈرۈپ، ئازاب چېكىپ يۈرگۈچە جان تەسلىم قىلاي، خورلۇق ۋە ئازابتىن پارىغ بولاي.

بىراق، پەرىلەر شاھزادە نەۋرۇزنىڭ يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇشىغا يول قويماي دېدىكى: — ئەمدى چېقىلماڭ، يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇلسا بۇ مەلئۇن ئەسلىگە كېلىدۇ، بىزگە ئاپەت بولىدۇ، دىۋىلەرگە بىر قىلىچ ئۇرۇشلا كۇپايە.

دىۋە ئەھمەر ئۇمىدسىزلىنىپ، بىر ئاھ تارتقانچە كۆز يۇمدى، ئاھ تارتىشى بىلەن تەڭ چاقماق چېقىلىپ، بىر ئوت ھاسىل بولدى، تېنى كۆيۈپ كۈل دۆۋىسىگە ئايلاندى، زېمىن ھەم ئوت دېڭىزى بولدى، ئوت يالقۇنلىرى ئەجدىھادەك شاھزادە

نەۋرۇز ۋە پەرىلەرگە ھەملە قىلدى، پەرىلەر دەرھال شاھزادە نەۋرۇزنى ئۇچۇرۇپ ئوت يالقۇنلىرىدىن يىراقلاپ كەتتى.

ئەمما، ئۇلار ئەمدىلا دېمىنى ئېلىپ تۇرۇشىغا توپ - توپ قارا بۇلۇتلار دەھشەتلىك دېڭىز تاشقىنىدەك تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. پەرىلەر دېدى:

— دىۋىلەر شاھى لەشكەر باشلاپ كېلىۋېتىپتۇ.

شۇ سۆزدىن كېيىن ئۇلار بىر تالدىن چېچىنى يۇلۇپ، قىلىچقا ئايلاندۇرۇشتى، جەڭگە ھازىرلاندى، شاھزادە نەۋرۇز ھەم تەييار بولدى.

دىۋىلەر كېلىشى بىلەن جەڭ باشلاندى، يەر يۈزىگە قانلار يامغۇر بولۇپ، چېچىلىپ دىۋە باشلىرى مۆلدۈر بولۇپ تۆكۈلدى ئەمما لەنىتى دىۋىلەردىن بىرى ئۆلسە ئورنىغا ئونى ھازىر بولۇپ تۇردى.

مەلىكە نەفىسە بۇنىڭدا بىر سىر - ھېكمەت بارلىقىنى ھېس قىلىپ, شاھزادە نەۋرۇزنىڭ ئالتۇن كامان، كۈمۈش ئوقىنى ئېلىپ كۆككە پەرۋاز قىلدى، دىۋىلەرنىڭ ئارقىسىغا باردى.

كۆردىكى دىۋە شاھ بىر دۇمباقنى چېلىۋېتىپتۇ، دۇمباق ھەر ئۇرۇلسا ئۇستىدە كىچىككىنە بىر دىۋە پەيدا بولۇپ، يەر يۈزىگە چۈشۈپلا يوغىناپ، جەڭگە كىرىۋېتىپتۇ.

مەلىكە نەفىسە دەرھال ئالتۇن كامانغا بىر جۈپ كۈمۈش ئوق بەتلەپ، دىۋە شاھنىڭ ئاتەش كۆزلىرىنى نىشانلاپ ئاتتى، ئوقلار ئاقار يۇلتۇزدەك بېرىپ بىخۇد تۇرغان دىۋە شاھنىڭ كۆزلىرىگە قادالدى. دىۋە شاھ كور بولۇپ، جان ئاچچىقىدا دۇمباقنى تاشلاپ، ھۆركىرىگىنىچە قۇيۇن بولۇپ ئۇچۇپ تېزلا غايىب بولدى، مەلىكە نەفىسە دۇمباقنى بىرلا تەپكەنىدى يېرىلـ-دى، ئىچىدىن بولسا ھەددى - ھېسابسىز گېزەندە چىۋىنلار گىژىلدىشىپ ئۇچۇپ چىقىپ، ھەر تەرەپكە تاراپ كەتتى، ئۇلار-نى دىۋە شاھ سېھرىي - ئەپسۇن بىلەن ئەھمەر جادۇ بەرگەن

بۇ دۇمباقا قاچىلاپ، دىۋە لەشكەرلىرىگە ئايلاندۇرۇپ، جەڭگە سالغاندى.

شۇ چاغ جەڭگاھتىكى دىۋىلەرنىڭ تولىسى چىۋىنغا ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى، قالغانلىرى بولسا شاھزادە نەۋرۇز ۋە پەرىلەر قىلىچىدىن ئەجەل شەربىتى ئىچىپ، جەھەننەمگە ئۇزىدى.

مەلىكە نەفسە شاھزادە نەۋرۇز قېشىغا يېنىپ كېلىپ دوستلىرىنى جەملىگەندى، ئۇچيۈز ئاتمىش نەپىرى شېھىت بولۇپ، قىرىق نەپىرى هايات قاپتۇ، نەفسە يۈرەك - باغرى تىلىنغاندەك بولۇپ، باهار بۇلۇتىدەك ياش تۆكتى. قىرىق پەرى ھەم قوشۇلۇپ هاز ئاچتى، ئاخىر ئۇلار يەنە يىغا - زارىدىن يارىخ بولۇپ، شېھىتلەرنى بىر جايغا دەپنە قىلدى، دەپنە قىلىنغان جايدىن ئۇچيۈز ئاتمىش تۈپ ئاق ۋە قارا، سېرىق رەڭلىك لالە گۈل ئۈنۈپ، كۆكلەپ، پورەكلەپ ئېچىلدى.

قالغانلار ئاندىن ئايرىلماقا كۆزلىرى قىيماي شاھزادە نەۋرۇزنىڭ مەملىكىتىگە بىللە قايتىپ كەتتى.

图书在版编目(CIP)数据
吉祥的之梦:维吾尔文/阿德力著.—乌鲁木齐:
新疆人民出版社,
ISBN7—228—06111—X
Ⅰ·吉 …Ⅱ·阿 Ⅲ 故事—作品集 — 中国 — 当代
— 维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ·1277.3
中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第71800号

责任编辑:吉利力·穆罕默德
封面设计:加吾兰·吉利力
责任校对:阿义故丽

吉祥的之梦
(故事)
阿德力·依明

新疆人民出版社出版发行
(乌鲁木齐市解放南路348号邮政编码830001
乌鲁木齐市十四中印刷厂印刷
850×1168毫米 32开本 9印张 2插页
2000年11月第1版 2000年11月第1次印刷
印数:1—3000
ISBN7—228—06111—X/I·2244 定价:12.60元

封面设计：加吾兰·吉利力

ISBN 7-228-06111-X

9 787228 061112 >

ISBN7 - 228 - 06111 - X
I·2244(民文)定价:12.60元